

تارىم
9
1991




تېيىپجان ئېلىيېۋ
ئىجادىيىتىنىڭ 46 يىللىقىنى
خاتىرىلەش يىغىنىدىن
كۆرۈنۈشلەر







تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ◀

جاۋگەندى فوتوسى

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژورنال

9

41-يىل نەشرى

1991

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ن. توختى.......... چېچەك ئىزى (ھېكايە)........................................ 4
ئارسلان............ سىپايە ئايال (ھېكايە)........................................ 11
ئە. ئابدۇجېلىل..... ئاھ، تەقدىر (پوۋېست)........................................ 19
ر.رۇسۇل ........... سەھرا يىگىتىنىڭ بەختى (ئەدەبىي ئاخبارات).............. 72
دىلدار .............. ۋېناس ھەيكىلىگە قاراپ ئويلىغانلىرىم (ئەدەبىي ئاخبارات)... 80
م. شەپە............ ھەسرەت (ھېكايە)........................................ 99


## شېئىرلار


م. راشىدىن.......... ئۆز يار دېگەن گۈل قامەت ........................ 59
ت. روزى ............ ئارزۇلاردا ياشنايدۇ ھايات ........................ 64
ق. سوپى ............ ئىزدىمەيمەن ئەمدى تۆت قۇلاق........................ 67
ئە. پەتتارى .......... ئىككى شېئىر........................................ 68
ئە. روزى ............ تومۇردا ئاققىنى بۇركۇتنىڭ قېنى........................ 70
م. ئىمىن ............ خىيال دېڭىزىدىن مارجانلار ........................ 108
م. ئەھەت ............ مارجانتاش رىۋايىتى........................................ 112
ن. ئابلەت ............ شېئىرلار........................................ 114
ئۆ. مۇھەممەدى...... دولقۇنلايدۇ دىلىمدا سۆيگۈ........................ 115
غ. رەشىدى.......... شېئىرلار ........................................ 118


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


م. سادىق.......... تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى........................ 122
ئا. ئۆمەر .......... كەمتەر شائىر ........................................ 131
ئا. بولات.......... تۇيۇق ھەققىدە مۇھاكىمە........................................ 133

ي. روزى............ گۈلئايىم ھەققىدە ئېيتىلغان قوپال ناخشا................ 139
ك. ئابدۇرېھىم ........ كۆلكىلىك تراگېدىيە ................................. 143

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

ت. ناسىرى ......... كۈنزار ۋە گۈلدار (داستان)................................ 146

## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن

................................................................ 156

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

ت.ئېلىيېۋ ئىجادىيىتىنىڭ 46 يىللىقىغا تىرىلەندى..... 160
مۇقاۋىدا:............. گۈزەل تاغلار.............................سۇماۋچۈن فوتوسى

* * *

بۇ ساندىكى رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى م. ئايۇپ ئىشلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نۇرمەھەممەت توختى



# چېچەك ئىزى

(ھېكايە)

كېبىرجاننى ئۈرۈمچىگە يۆتكەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش كەلدى. بۇ خەۋەر شۇ كۈنىلا خۇددى قانات چىقارغاندەك كادىرلار ئىدارىسىنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. بازار-رەستىلەردە كەمدىن-كەم كۆرۈنىدىغان، خۇددى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ تۇرىدىغان يۈزلىرىنى بىلىنەر-بىلىنمەس چېچەك ئىزى قاپلىغان بۇ ئېگىز بويلۇق يىگىتنىڭ مۇنچىۋالا ئىستىقباللىق ئىكەنلىكىنى كىم ئويلىغان دەيسىز؟ بۇ يېڭىلىق بىر دەمدىلا ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئىشخانىدىن ئىشخانىغا، ئۆيدىن ئۆيگە كۆچتى. ھەممە ئادەم ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى.

— قانداق ئىستىقباللىق يىگىت-ھە؟ پېشانىسىنىڭ ئوڭلۇقى چىرايىدىنلا چىقىپ تۇراتتى. ئەمدى مانا ئۆز بەختىنى تېپىپتۇ...

— كۆمۈلۈپ قالغان ئالتۇن ئىكەن-دە، ئالتۇن! ئۈرۈمچىلىكلەر ئاجايىپ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن يەتتە قات زېمىننىڭ تېگىدىكى ئالتۇنىنىمۇ كۆرۈپتۇ. ئالتۇن ئۆز قىممىتىنى تېپىپتۇ...

— تەلەيلىكنى ھەرقانچە كۆمۈپ قويساڭمۇ بەخت قۇشى ئىزدەپ تاپىدۇ. بىچارە كېبىرجاننى نەچچە يىلدىن بېرى ھېچكىم كۆزگە ئىلمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغا ئامەت كەپتۇ. پېشانىسىگە بەخت قۇشى قوندى، دېگەن مانا شۇ-دە.

— ئامەت دېگەن نېمە ئۇ؟ خۇراپىي گەپلىرىڭنى قويسىلا، ئۇ قورسىقىدىكى مول بىلىمگە تايىنىپلا ئىستىقبال تاپتى...

شۇنداق قىلىپ، كېبىرجان دېگەن بۇ چوقۇر يىگىت بىردىنلا كىشىلەر نەزىرىدىكى ئالتۇنغا، تەلەيلىك تەلەيجانغا، بەخت قۇشى بېشىغا قونغان بەختىيارغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭغا يۆتكەش بۇيرۇقى كەلگەنلىكى ھەققەتەنمۇ ئۇنىڭ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغاندەك، ئالتۇندەك ئادەم ئىكەنلىكىگە، كەم تېپىلىدىغان تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدىغاندەك

تۇراتتى. راست ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق
بولمىسا، ئۇرۇمچىلىكلەرنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى
چۈشەتتىمۇ؟
بۇنىڭغا كادىرلار ئىدارىسىنىڭ يۈزـ
لىرى چېچەك ئىزىدىن زىنىنەتلەنگەن
باشلىقى ھامۇت ھەممىدىن بەكرەك ھەيران
بولغانىدى. ئۇ گەرچە كېبىمىرجاننى
تونۇمىسىمۇ، باشقىلارنىڭ سۆزلىرىدىن
ئۇنىڭمۇ يۈزىدە چېچەك ئىزى بارلىقىنى
ئاڭلاپ، ئۇنى بۇرۇنىراق تونۇمىغىنىغا،
بايقىمىغىنىغا ئېچىندى. ھەي، نېمىشقىمۇ
بۇرۇنراق تونۇشمىغان بولغىيتىم؟ ــ دەپ
ئەپسۇسلىناتتى ئۇ ئىچىدە، ــ ئەگەر بۇرۇنـ
راق بىلگەن بولسام، بايقىغان بولسام،
ئۇنى ئۆستۈرۈپ تېگىشلىك ئورۇنغا،
ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان ئەمەلگە قويۇپ
ئىشلەتكەن بولاتتىم ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى
قانداق قىلغۇلۇق؟...
ھامۇتمۇ باشقا خىزمەتداشلىرىغا
ئوخشاشلا ئالدىن مۆلچەرلەش، پەرەز
قىلىش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە
ئادەم ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ پەرەز ۋە
ھۆكۈملىرى باشقىلارنىڭكىگە سەل ئوخشىـ
مايتتى. بەزىلەر يۇمىلاق، چىرايلىقىنا
سەمىزگەنلەرنى ياكى ئېگىز بويلۇقلارنى
ۋە ياكى قاش ـ قاپاقلىرىنى سۈزۈپ ھال
تارتىشنى بىلىدىغانلارنى ئىقتىدارلىق دەپ
پەرەز قىلىشاتتى. ھامۇت بولسا ئۇلارنىڭ
ئەكسىچە كىشلەرنىڭ ئورۇق ـ سېمىزلىكى،
يۇملاق ـ ياپىلاقلىقى، ئېگىز ـ پاكارلىقى
ۋە ياكى ھال تارتىشنى بىلىدىغان ـ
بىلمەيدىغانلىقى بىلەن زادىلا ھېسابلاشـ
مايتتى. ئۇ، مەيلى قانداقلا ئادەم بولمىسۇن،
چىرايىغا قاراپلا ئۇنىڭدىكى ئىقتىدار ۋە
قابىلىيەتنى بىلىۋالاتتى. ئۇنىڭچە،
چىرايىدا چېچەك ئىزى بولسىلا، بۇنداق
ئادەم ئىقتىدارلىق ھېسابلىناتتى. ئۇ
يۈزىدە چېچەك ئىزى بار كىشىلەرنى
كىچىكىدە چىققان چېچەك ئۇلارنىڭ
يۈزلىرىگە نەقىش تارتىپلا قالماي، بەلكى
ئەقلىنىمۇ زىنىنەتلىگەن، بۇ خۇددى
ئوغۇز سۈتىنىڭ بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە
ئاجايىپ رول ئوينايدىغانلىقى بىلەن
ئوخشاش، دەپ قارايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ
ئۇزۇن يىللاردىن بېرى پەقەت يۈزىدە
چېچەك ئىزى بارلارنىلا ئەتىۋارلاپ ئىشقا
قويۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشنى
ئۆز كۆڭلىدىكىدەك بېجىرىپ كەلگەنلىكىـ
دىن، ئۆزىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقـ
قانلىقىدىن، ھەرقايسى ساھەلەردە تايانچـ
لاردىن بولۇپ قالغانلىقىدىن رازى بولغان.
ئومۇمەن ئۇنىڭ بۇنداق ئالدىن قىلغان
پەرەز ۋە ھۆكۈملىرىنى «ئەمەلىيەتنىڭ
سىنىقىدىن ئۆتتى، ئەمەلىيەت جەريانىدا
توغرىلىقى ئىسپاتلاندى» دەپ خۇلاسە
قىلىشقا بولاتتى. ھېچ بولمىغاندىمۇ ئۇنىڭ
ئۆزى شۇنداق تونۇيتتى...
ئەمدى مانا ئۇ ئىزدەپ يۈرگەن
گۈلدار يۈزلۈكلەردىن بىرى يۆتكىلىپ
كېتىۋاتسا، ئۇ قانداقمۇ ھەيران بولمىسۇن،
قانداقمۇ ئېچىنمىسۇن، ئەپسۇسلانمىسۇن؟
ھامۇت، ئەنە شۇنداق ھەيران بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

ئىچىنىپ، ئەپسۇسلىنىپ ئولتۇرغاندا، كېبىرجاننىڭ ئىدارە باشلىقى قاسىم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭمۇ يۈزىدە چېچەك ئىزى بار ئىدى. ئىككى باشلىق بىر-بىرىنىڭ چىرايىدىكى چېچەك ئىزلىرىغا قارىشىپ ئولتۇرۇشۇپ، كېبىرجاننىڭ يۆتكىلىپ كېتىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتى. ئۇلارنىڭ سۆھبىتى باشتىن-ئاخىر ئەپسۇسلۇق بىلەن تولغاندى. ھامۇت قاسىمنىڭ كېبىرجاننىڭ ئەھۋالىنى ئۆزىگە بۇرۇنراق دوكلات قىلمىغانلىقىدىن، ئۇنىڭ يۈزلىرىدىمۇ چېچەك ئىزى بارلىقىنى بۇرۇنراق خەۋەر قىلمىغانلىقىدىن خېلىلا ئاغرىندى. تالانت ئىگىلىرىنى بايقاشتەك مۇھىم مەسىلىگە سەل قارىغانلىقىنى تەنقىد قىلدى. مۇشۇ تەنقىدنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، خىرىدا قاسىم كېبىرجاننى يۆتكەپ ئەرمەسلىكىنى، ئۇنى دەرھال ئۆستۈرۈپ، ئۆزىگە مۇئاۋىن قىلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئەگەر شۇنداق بولسىلا، ئۇ كېبىرجاندەك بۇنداق تالانت ئىگىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىدارىسىدىكى ئىسلاھاتنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرالايدىكەن، يېڭى-يېڭى غەلىبە، يېڭى-يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىكەن. بۇمۇ بولىدىغان چارىدەك تۇرىدۇ، دەپ ئويلىدى ھامۇت، — ئۆستۈرۈمىز دېسەك، ئۇ يۆتكەلمەسلىككە قوشۇلۇشى مۇمكىن. ئۆزى يۆتكىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالمىسىلا، ئۆزى قوشۇلمايدىكەن دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىپ يۆتكەپ بەرمىسەك بولىۋېرىدۇ...

— قاسىم جۇيجاڭ، ئۆزلىرى كېبىرجان بىلەن گەپلىشىپ باقسىلا، بۇنداق تالانت ئىگىلىرىنى تاپماق ناھايىتى تەس. ئۇنى ئۆستۈرەيلى، سىلىنىڭ ئىدارىگە مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تەيىنلەيلى، يۆتكەلمەيمەن دېسىلا، ئۇنىڭ ھەممە تەلەپلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەيلى. ئوبدانىراق تەربىيىلەپ بەرسىلە، ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىسىلە، ئەگەر يەنىلا ئۇنىماي قالسا مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتسىلە، مەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن.

— ئوبدان، مەن كېبىرجان بىلەن سۆزلىشەي، ئۇنى بىر ئىلاجى قىلىپ تۇتۇپ قالايلى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون نەچچە كۈن ئىچىدە كېبىرجان ئاجايىپ ئىززەت-ئىكراملارغا نائىل بولدى. ئۇ «تاۋاردىن ئەتىۋار بالىلار...» بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ. ئۇنىڭغا دەرھال بىر يۈرۈش ئۆيمۇ بېرىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭغا، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇش كۆڭلىگە ياقمىسا، چىڭ ئىدارە باشلىقى بولسىمۇ بولىۋېرىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشارەت بېرىلدى. ھەتتا ئۇنىڭغا قايسىدۇر بىر ئىدارە باشلىقىنىڭ سىمستېرالىق كۈرسىنى يېڭىلا تۈگەتكەن چىرايلىق قىزىنى لايىق نامزاتى قىلىپمۇ كۆرسىتىشتى. كەلگۈسىدە كېلىپ قېلىشى چوقۇم بولغان ئاللىقانداق يۇقىرى ئەمەل-مەنسەپلەرنىمۇ ئەسكەرتىشتى... شېرىن گەپلەر دەريادەك ئاقتى. ۋەدىلەر تاغدەك دۆۋىلەشتى. كېبىرجان بىلەن قاسىملا ئەمەس، ھامۇتمۇ سۆزلەشتى. كىمنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇش-زىياپەت بولسا، ھامۇت، قاسىملار كىمنىڭكىگە چىللانسا، ئۇنىمۇ شۇ يەرگە چىللاشتى. «كەلگۈسىدىكى ئىدارە باشلىقى» نى سورۇننىڭ تۆرىگە ئولتۇرغۇزۇشتى.

ھەممەيلەن دەسلەپكى رومكىلىرىنى «كۆڭلۈم» قىلىشتى. لېكىن بۇ ئىززەت قىلغاننى بىلمەيدىغان كېبىرجان رومكىنىغۇ قوبۇل قىلدى، ئەمما ئەمەل-مەنسەپ، ھوقۇق-ئىمتىياز، شان-شەرەپ دېگەنلەرنى رەت قىلدى، كېتىمەن، دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

شۇنداق قىلىپ، كېبىرجان راستىنلا ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭ جاھىللىقىدىن ھېچكىم ئاغرىنمىدى. ھامۇتمۇ، قاسىممۇ ئاغرىنمىدى. ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىدىن ئاغرىناتتى. كېبىرجاندەك تالانت ئىگىسىنى بۇرۇنراق تونۇپ يېتەلمىگىنىگە، ئۇنىڭ يۈزىدىكى چېچەك ئىزلىرىنى بۇرۇنراق كۆرۈپ ئالالمىغىنىغا ئەپسۇسلىنىشتى. ھەي ئىست، ئۇنىڭ يۈزىدىكى چېچەك ئىزىنى بۇرۇنراق كۆرگەن بولسام، ئۇنىڭدىكى ئىقتىدار-قابىلىيەتنى ئالدىن بىلىۋالغان بولاتتىم، ئۇ چاغدا ئۇنى ئەلۋەتتە تۇتۇپ قالغىلى بولاتتى ئەمەسمۇ، — ھامۇت مانا شۇنداق ئويلايتتى، — ناھىيىمىز ئۈچۈن يۈزىدە چېچەك ئىزى بار ئادەملەر قانچىلىك مۇھىم ئىدى-ھە! ھامۇتنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە پەقەت ئەپسۇسلىنىشلا قالدى. قويۇۋەتمەسلىككە، ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ بەرمەسلىككە ئىلاج يوق ئىدى. يۆتكەش بۇيرۇقى كەلگەن تۇرسا، ئۆزىمۇ كېتىمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋاتسا، ئەمدى يەنە نېمە ئىلاج بولسۇن؟ ئاخىرى ئۇلار كېبىرجاننىڭ يۆتكىلىشىگە قوشۇلدى.

كېبىرجان كادىرلار ئىدارىسىدە يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىۋاتاتتى. كاتىپ ئۇنىڭ يۆتكىلىش رەسمىيىتىنى شىتىرلىتىپ يېزىۋاتاتتى. ھامۇت كېبىرجانغا ھەسرەت، ئېچىنىش بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە تېخىچە ئەپسۇسلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى. مۇشۇنداق بىر قابىلىيەتلىك كادىرنى تۇتۇپ قالالمىدى، تالانت ئىگىسىنى بۇرۇنراق تونۇپ ئالالمىدى. شۇنداقكەن، ئەمدى ئۇ نېمىشقىمۇ ئەپسۇسلانمىسۇن؟

— ھە، كېبىرجان، شۇنداق قىلىپ راستىنلا كېتىدىغان بولدىڭىز-ھە؟

— رەھمەت ھامۇت جۇيجاڭ، ھەرقايسىلىرىنىڭ مېنى ئەتىۋارلاپ ئېلىپ قالماقچى بولۇشقانلىرىغا رەھمەت، ئەمدى قارىسىلا، ياش ئىكەنمىز، ياش كۆڭۈل دېگەن ئىنتىلىپلا تۇرىدىكەن. ئۇياقلاردا بەش-ئون يىل ئىشلەي، ئۇنىدىن كېيىن قايتىپ كەلسەممۇ، يۇرتىمىز بىر يەرگە قېچىپ كەتمەس. شۇ چاغدا كېلىپ ھەرقايسىلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلساممۇ كېچىكمەسمەن. ھەرقايسىلىرىغا رەھمەت!

كېبىرجان خۇشاللىق ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىنى ھامۇتقا تىككەن ھالدا ئاشۇنداق جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ياغدەك يۇمشاق ئىدى. ئۇ ھامۇتنىڭ يۈرىكىگە يەنىمۇ بەكرەك ئوت يېقىۋەتتى. شۇنداق ئوڭلۇق، شۇنداق قابىلىيەتلىك بىر تالانتنى تۇتۇپ قالالمىسا، قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا، قولىدىكى ئالتۇننى باشقىلار كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېلىپ كەتسە، ھامۇتنىڭ يۈرىكى نېمىشقىمۇ كۆيمىسۇن؟ ھامۇت كېبىرجاننىڭ چىرايىغا ھەۋەس، زوق ۋە ئەپسۇسلىنىش بىلەن تىكىلىپ قالغانىدى. كېبىرجانمۇ ھامۇتنىڭ چىرايىغا ھۆرمەت بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا يەنە رەھمەتمۇ، ئازراق خۇشامەت-

www.uyghurkitap.com

كۈچۈكلىنىش ئىپادىسىمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ قىياپىتى خۇددى بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىدىكى چېچەك ئىزلىرىنى ساناۋاتقاندەك، ئاشۇ چېچەك ئىزلىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ بىر ـ بىرىدىكى قابىلىيەت، ئىقتىدارنى مۆلچەرلەۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئىشخانىنىڭ ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلدى. ئوتتۇرا بويلۇق، يالاڭباشتاق، رەتلىك كېيىنگەن بىر يىگىت كىرىپ كەلدى.

— هوي، ئەخمەتمۇسەن؟ قاچان كەلدىڭ؟ سالامەتمۇ سەن؟ تىنچلىقمۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي، قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سېنى؟ — كېبىرجان ئىشىكتىن كىرگەن يىگىتنى كۆرۈش بىلەنلا هاياجان بىلەن ۋارقىرىۋەتتى. ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئەخمەت دېگەن هېلىقى يىگىت كېبىرجاننىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈرەلمەي قالدى، — تۇغقان يوقلاپ كەلدىڭمۇ ياكى كاماندىروپكىغىمۇ؟ هەي، سېنى ـ زە، قارا، بويۇڭمۇ خېلىلا ئۆسۈپ قاپتۇ. مېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭ؟

ئەخمەت بەزى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ، بەزى سوئاللارغا جاۋابمۇ بەرمەي كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. كېبىرجان هەش ـ پەش دېگۈچە ئۆزىنىڭ ئۆرۈمچىگە يۆتكەلگەنلىكىنى، هازىر رەسمىيەت بېجىرىۋاتقانلىقىنى، ئەتە ـ ئۆگۈن ئىچىدىلا يولغا چىقىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئەخمەت بولسا تېخىچە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. كېبىرجان بىردىن يېنىدىكى هامۇتنى يادىغا ئالدى. هامۇت بۇ ئىككى يىگىتنىڭ كۆرۈشۈشلىرىگە هاڭۋاققان هالدا قاراپ تۇراتتى.

— ۋوي، مەن سىلەرنى تونۇشتۇرۇپمۇ قويماپتىمەنغۇ، قارا، ئەخمەت، بۇ كىشى كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى هامۇت جۇيجاڭ بولىدۇ، قابىلىيەتلىكلەرنى قاتتىق ئەتىۋارلايدىغان كىشى، — كېبىرجان هامۇتقا بۇرۇلدى، — بۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم، ئىسمى ئەخمەت، ئۆرۈمچىدە خىزمەت قىلىدۇ...

ئەخمەت هامۇتقا قول ئۇزاتتى. هامۇتمۇ قولىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

— مەن ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، بۇ مېنىڭ رەسمىيەتلىرىم، — ئەخمەت هامۇتقا بىر كونۋېرتنى ئۇزاتتى.

— هوي، نېمە ئىش؟ نېمە رەسمىيەت؟ — كېبىرجان دەرهال ئەخمەتتىن سورىدى.

— يۆتكىلىش رەسمىيىتى، مەن ئۆرۈمچىدىن يۆتكىلىپ كەلدىم.

كېبىرجان هەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇپلا قالدى. هامۇت كونۋېرتتىن ئەخمەتنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ كۆرۈپ چىقتى. بۇ ئادەتتىكى يۆتكىلىش رەسمىيىتى ئىدى. يۆتكىلىش رەسمىيىتى دېگەن كىچىككىنە بىر ۋاراق قەغەز، ئىسمى، جىنسى، يېشى، خىزمەتكە چىققان ۋاقتى، مائاش دەرىجىسى... ئۇنىڭغا يېزىلغانلىرىنىڭ هەممىسى مۇشۇ، بۇ گەپلەردىن بىر ئادەمنىڭ قابىلىيەتلىك ياكى ئەمەسلىكىنى قانداقمۇ بىلگىلى بولسۇن؟ هامۇت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەخمەتكە قارىدى. ئەخمەتنىڭ چىرايىدا ئۇنىڭ ئىقتىدارىدىن دېرەك بېرىدىغان هېچنېمە يوق ئىدى. هەتتا بىرەر ـ يېرىم تالمۇ چېچەك ئىزى كۆرۈنمەيتتى. پەقەت كۈلۈمسىرەپلا تۇراتتى. كۈلكە ئىقتىدارنىڭ

ئىپادىسى ئەمەس. ھامۇتنىڭ چىرايىغا ئاستا ـ ئاستا مەنىستىمەسلىك ئىپادىلىرى ئۆرلەپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۆز ئىقتىدارىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدىغان، يېشىل ماش بىمالال سىققۇدەك چوڭلۇقتىكى يۇملاق ـ يۇملاق چوقۇرلىرى قىيسايغاندەك بولۇپ ئېلىلىپس شەكلىگە كىردى. تۇرۇمچىدىكىلەرنىڭ ھەقىقەتەن كۆزى بار ـ دە. يەتتە قات زېمىننىڭ تېگىدىكى پارقىرىغان نەرسىنىڭ ئالتۇن ياكى مىس ئىكەنلىكىنى ئايرىيالايدۇ. يۈزىدە بىر تالمۇ چېچەك ئىزى بولمىغان كىشىدە قانچىلىك قابىلىيەت بولماقچىدى؟! بۇنى تۇرۇمچىلىكلەرمۇ بىلىپ يەتكەن گەپ. شۇڭا كەشىنى توغرىلىشىپتۇ. ئەمدى بىز بۇنى نېمە ئىشقىمۇ سالارمىز؟ بىكار نانچىدىن يەنە بىرسى كۆپىيىپتۇ. ھەي... قابىلىيەتلىكلەر كېتىدۇ، ئىقتىدارسىزلار كېلىدۇ. بۇنداقتا ناھىيەمىزنىڭ ئىشلىرى نېمىمۇ بولۇپ كېتەر ـ ھە!

— يىگىت، سىزنىڭ بۇ يەردە تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟

— مەن مۇشۇ يەرلىك، ئاتا ـ ئانام ياقاباغ يېزىسىدا.

— ئەمىسە سىز ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ئۆيىدە بىرقانچە كۈن دەم ئېلىپ تۇرۇڭ. بىز سىزگە مۇۋاپىق بىر ئورۇن تېپىپ ئاندىن ئورۇنلاشتۇرايلى. ئىشقىلىپ بىزنىڭ ئىدارىدىكىلەر پەقەت قابىلىيەتلىك ئادەملەرگىلا چاپلىشىدۇ. ئورۇن تاپماق بىرئاز تەس بولارمىكىن دەيمەن. بىرقانچە كۈن دەم ئېلىپ تۇرۇڭ...

ئەخمەت كۇلۇمسىرەپلا تۇراتتى.

— مەن پەن ـ تېخنىكا پونكىتىغا بارسام ئوبدان بولاتتى. تۇرۇقچىلىق مەيدانى بولسىمۇ مەيلى.

— بىز ئۇلار بىلەنمۇ سۆزلىشىپ باقمىز.

كېبىرجان رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولغانىدى. ئەخمەت بىلەن ئىككىسى بىللە چىقىپ كېتىشتى. ھامۇت كېبىرجاننىڭ ئارقىسىدىن قىيالماسلىق بىلەن، ئەخمەتنىڭ ئارقىسىدىن مەنىستىمەسلىك بىلەن قاراپ قالدى. ھەي، ئاشۇ ئەخمەتنىڭ يۈزىدە نېمىشقىمۇ چېچەك ئىزى يوق بولۇپ قالغان بولغىيدى؟ ئەمدى ئۇنىڭ تەقسىماتى قانداق بولار؟ ھەي چېچەك ئىزى، ھەي چېچەك ئىزى...

* *

كېبىرجان كەتتى. ئەخمەت كەلدى. كىچىككىنە ناھىيە بازىرىدا يېڭىلىق دېگەن بىر دەمدىلا پۇر بولۇپ كېتىدۇ. ئەخمەتنىڭ تۇرۇمچىدىن «قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكى» توغرىسىدىكى خەۋەرمۇ بىر دەمدىلا ھەممە كىشىنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى. تېخى بۇ يېڭىلىققا «ئىقتىدارسىز نېمىكەن ئەمەسمۇ، شۇڭا كۆتىگە تېپىشىپتۇ» دېگەن گەپمۇ قوشۇلغانىدى.

بىر قانچە كۈن ئۆتتى. پەن ـ تېخنىكا پونكىتىنىڭ باشلىقى، تۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ـ بولارنىڭ ھەممىسىنىڭ يۈزلىرىدە زېچلىق دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان چېچەك ئىزلىرى بار ئىدى ـ قاتارلىقلار كادىرلار ئىدارىسىغا كېلىپ ئەخمەتنىڭ ئارخىپىنى كۆرۈپ چىقىشتى. ئەخمەت ئارخىپقا چاپلانغان

رەسسىمدىمۇ ئوخشاشلا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ئاشۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايىغا دىققەت بىلەن تىكىلىشتى. قانچە دىققەت بىلەن تىكىلىشكەن بولسىمۇ لېكىن ئەخمەتنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن بىر تالمۇ چېچەك ئىزى تاپالمىدى.

— راستىنلا ئىقتىدارسىزكەن. بىزگە لازىم ئەمەس...

ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا شۇنداق دېيىشتى.

ئەخمەتمۇ كادىرلار ئىدارىسىگە بىر قانچە قېتىم كەلدى. ھەر قېتىم كەلگەندە ھامۇت ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ:

— مەن دېمىدىممۇ؟ بىزنىڭ ئىدارىلەر پەقەت قابىلىيەتلىكلەرگىلا چاپلىشىدۇ دەپ، توختاپ تۇرۇڭ، ئورۇن تاپساقلا سىزگە ئۆزىمىز خەۋەر قىلىمىز، — دەپ يولغا سالاتتى. لېكىن ئەخمەت ئالدىرايتتى. مۇشۇ تېرىقچىلىق مەۋسۇمى ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى ئىشنى قولغا ئېلىشنى، كۆڭلىگە پۈككەن تەجرىبىسىنى باشلىۋېتىشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە ئۆزى توغرىسىدىكى مىش-مىش گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدى. قانچە ئويلاپمۇ ئۆزى ئۈستىدىن نېمىشقا شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقانلىرىنى بىلەلمەي قالدى. كېيىنرەك بۇنى بىلگەن چاغدا بولسا، بۇ غەلىتە مەنتىقىدىن ھەيران بولۇشنىمۇ، غەزەپلىنىشنىمۇ بىلەلمىدى. قالداق مەنتىقە بۇ؟ ھازىر دۇنيادا چېچەك مىكروبى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتىلغان تۇرسا، ئەندى ئۇلار كەلگۈسىدە بۇنداقلارنى نەدىن تاپىدىكەن؟

كۆپ ئۆتمەي، ئەخمەتنىڭ پۈتۈن دۇنيادا چېچەك مىكروبى ئاللىقاچان يوقىتىلدى، دېگەن سۆزلىرى ھامۇتنىڭ قۇلىقىغا بېرىپ يەتتى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبىنى يەنىمۇ بەكرەك غەم باستى. بۇنداقتا، بۇندىن كېيىن پۈتۈن دۇنيادا ئىقتىدارلىق ئادەملەر تۈگەپ كەتمەمدۇ؟ ھەي، پەيتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، يۈزىدە چېچەك ئىزى بارلارنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىزدەپ تېپىش كېرەك، بولمىسا، ناھىيىمىزنىڭ ئىشلىرى نېمە بولىدۇ؟ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى توختاپ قالامدۇ؟ ئۇ ئۆزىگە ئۇچرىغانلا ئادەمنىڭ چىرايىغا دىققەت بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئاشۇ چىرايلاردىن نېمىنىدۇر ئىزدەيتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، چېچەك ئىزىنى ئىزدەيتتى. ئەخمەت بولسا تېخىچە تەقسىماتنى كۈتۈپ ياتاتتى. ھامۇت بولسا گۈلدار يۈزلۈكلەرنى تاپالمىغانسېرى ئەپسۇسلىناتتى. شۇنداق قىلىپ ھامۇتنىڭ ئەپسۇسلىنىشى، ئەخمەتنىڭ ھەيرانلىقى ئىچىدە تېرىقچىلىق مەۋسۇمى ئۆتۈپ كەتتى. ئەخمەت ئۆز تەجرىبىسىنى باشلىيالمىدى. ھەي چېچەك ئىزى!...

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئارسلان

# سىپايە ئايال

(ھېكايە)

پەلكۈشنى بوياق قۇتىسىغا سېلىپ
قويۇپ، گەۋدەمنى يۆلەنچۈكلۈك ئۇزۇن
ئورۇندۇققا تاشلىدىم. رەسىمگە جان
كىرگۈزىمەن، دەپ بەكمۇ چارچىغانىدىم.
مەن گېزىتخانىمدا گۈزەل سەنئەت تەھ-
رىرى بولۇپ ئىشلەيتتىم. راستىنى ئېيت-
قاندا، ئىشتىن سىرت رەسىم ئىجادىيىتى
بىلەن ھەپىلىشىش ئوڭاي ئەمەسكەن.
ئىجادىيەت ھەۋىسى بىلىپ تۇرۇپ جاننى
ئۇپرىتىش دېگەن گەپ ئىكەن. بىزگۈن
تېخى ئەدەبىيات بېتىدە ئىشلىتىلىدىغان
بىر ھېكايىغا قىستۇرما رەسىم سىزىشنى
باھانە قىلىپ ئىشتىن بالدۇرراق چۈشكە-
نىدىم. ئاشپۇزۇلدا قورساقنى چالا - بۇلا
گوللاپلا رەسىم سىزىدىغان تاختىيىمنى ئې-
لىپ بۇياققا چاپتىم. باغچا كۆلىنىڭ كەچ-
كى مەنزىرىسىنى سىزىش خىيالى خېلىدىن
بېرى ئىچىمگە ئوت يېقىپ يۈرەتتى.

باشلىغىنىمغا بىر نەچچە كۈن بول-
غان بۇ رەسىم تېخى پۈتمىگەنىدى. بۇ خام
نۇسخىدىن كۆلنىڭ تۇتۇق كۆرۈنۈشىنى،
كۆلگە تىكىلىپ تۇرغان بىر ئايالنىڭ كۆ-
لەڭگىسىنى بايقىغىلى بولاتتى. بىراق بۇ
تېخى كىشىگە چىنلىق تۇيغۇسى، بەدىئىي
ھوزۇر بېرىشتىن كۆپ يىراقتا ئىدى. زا-
دى قانداق قىلغاندا رەسىمدە تەبىئەت
ياكى تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنى چىنلىق بى-
لەن ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ؟ بولۇپمۇ
ئادەملەرنى جانلىق سىزغىلى بولىدۇ؟ رە-
سىمدىكى بۇ ئايالنى رومانتىك قىز قىيا-
پىتىدە سىزىش كېرەكمۇ ياكى ئۇنىڭغا
تەتقىقاتچىغا خاس سىياق، سالاپەت بېرىش
كېرەكمۇ؟ ھېس - تۇيغۇ قويۇقراق بولغى-
نى ياخشىمۇ ياكى ئەقلىي ئالامەتلەرمۇ؟ سى-
پايە ئايال بولغىنى تۈزۈكتۇر، ئادەملەر
سىپايىلىققا ئامراق كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟
كۆلگىمۇ باغچا كۆلى ئەندىزە قىلىندى،
سىپايە ئايالغا كىمنى ئەندىزە قىلىش كې-
رەك؟ بۇ يەرگە كېلىۋېتىپ مەن خىزمەت-
دىشىمىز پاتەمخان ئاچىنىڭ ئۆيىگە دوقۇ-
رۇپ ئۆتكەن، ئۇ ھەقىقەتەن بىرەر ئە-
سەرگە ئەندىزە قىلىشقا لايىق سىپايە ئا-
يال بولغاچقا، مەندە ئۇنىڭ بىرەر سەنئەت-
لىك فوتو سۈرىتىنى ئۆتنە ئېلىپ پاي-
دىلىنىش ئويى تۇغۇلغانىدى. ئەپسۇسكى،
ئۇ ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى. ئەمدى بې-
شىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى. مەن نە-
زەرىمنى رەسىم لايىھىسىدىكى كۆلدىن

باغچىدىكى ھەقىقىي كۆلگە يۆتكىدىم، بۇ كۆل رەسىمگە سېلىشتۇرغۇسىز گۈزەل ئىدى. ھەممە نىمىنىڭ تەبىئىيسى ياخشى. ئالدىمدا ئۇنچىلا چوڭ بولمىغان بىر كۆل كەچكى شەپەقتە جىلۋە قىلىۋاتقان ئەينەكتەك پارقىراپ ياتاتتى. قورام تاشلاردىن تەكشى قوپۇرۇلغان قىرغاق ياپيېشىل دەرەخلەر بىلەن قاپلانغانىدى. دەرەخ ئارىلىقلىرىدا، كۆل بويلىرىدا كىشىلەر سەيلە-تاماشا قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەسۇم ئۆسمۈرلەرمۇ، مۇھەببەت ياكى شەھۋانىي ئىستەكتىن خۇدىنى يوقىتىپ، بىر-بىرلىرىگە ئېسىلىپ چىرمىشىۋېلىشقان ياشلارمۇ، بوتۇلكا ئوينىتىپ، ئېغاڭلاپ يۈرگەن كۆرەڭ تەلۋىلەرمۇ، يېپىشقاق، كۆكەمە، بىھايا مەستلەرمۇ، ھايات ياكى خىزمەت ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ ۋەزمىن قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ، ئاقباش ھەمراھىنى ياكى كەپسىز نەۋرىسىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان مېھرىبان بوۋايلارمۇ بار ئىدى.

مەن ئولتۇرغان جاي كۆل ئىچىگە ياسالغان سۈنئىي ئارال ئىدى. بۇ ئارالنى گۈل-چىمەن، دەل-دەرەخلەر ئوراپ، توقايلىققا ئوخشىتىپ قويغان. ئۇنىڭدىكى شىپاڭ نەقىشلىك بولۇپ، ئورۇندۇقلار ئېگىز ئۆسكەن گۈللەرنىڭ دالدىلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئۇلار كىشىگە گويا سۆھبەتلىشىش، مۇھەببەتلىشىش ياكى تەنھا خىيال سۈرۈشكە خالىيلىق، ئىمكانىيەت بېرىشنى ۋەدە قىلىپ تۇراتتى. ئارالنى پارقىراق تاشتىن ياسالغان ئەگمە كۆۋرۈك قىرغاققا تۇتاشتۇراتتى. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن قولۋاقلار ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. كۈندۈزلىرى بۇ يەردە ئادەملەر ئۈزۈلمەي سۈرەتكە چۈشۈشەتتى. كەچقۇرۇنلىرى جۈپ-جۈپ قىز-يىگىتلەر، ئاشىق-مەشۇقلار دەرەخلەر ئاستىدىكى گۈللۈكلەر ئارىسىدىكى ئورۇندۇقلارغا چۆكۈۋېلىشاتتى.

كۆۋرۈك بېشىدا كىمدۇر بىرى ئۈنئالغۇ قويدى. بىتخوۋېننىڭ دۇنياغا داڭلىق «ئاق قۇ كۆلى» مۇزىكىسى يۈرەكنى تىترىتىپ، يېقىملىق ئاھاڭدا ياڭراشقا باشلىدى. مۇزىكا يېنىك، ئىلھامبەخش ئىدى. بىردىنلا ئۆزۈمنى گويا ئاق بولۇتلار ئۈستىدە يانپاشلاپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ۋۇجۇدۇمدا ئاجايىپ لەززەتلىك سېزىم جۇش ئۇردى. يۈرىكىم راھەتلىنىپ ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مەن گويا بۇ ئاددىي دۇنيادا ئەمەس قانداقتۇر بىر ھېكمەتلىك خىيالىي دۇنيادا كېزىۋاتقاندەك، جەننەتنىڭ سېھىرلىك مەرۋايىت كۆلى بويىدا ھاياجانغا چۆمۈۋاتقاندەك ئىدىم، ھەممە نەرسە سىرلىق، پاكىز، خىيالىي، گۈزەل، مۇقەددەس كۆرۈندى. ئەپسۇسكى بۇ مۆجىزىلىك كەيپىيات بىردەمدىلا غايىپ بولدى، چۈنكى ئۈنئالغۇ كۆتۈرگەنلەر كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بارا-بارا يىراقلاپ كەتكەنىدى.

گۇگۇم سېھىرلىك قارا پەردىسىنى يېيىپ، شەپەقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈردى. ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىدى. كۆلنىڭ ئارامبەخش مەنزىرىسىدىن، كېچىنىڭ تىلسىملىق جىمجىتلىقىدىن تېنىم يايرىماقتا ئىدى. رەسىمگە سىپايە ئايالنىڭ ئەندىزىسى كىبىرەك، ئۆزۈم تونۇيدىغان سىپايە ئاياللارنىڭ قىياپىتىنى بىر-بىرلەپ خىيالىمدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم، خىيالىمدا

يەنە پاتەمخان ئاچىنىڭ سىيماسى پەيدا بولدى. بۈگۈن ئۇنى تاپالمىغىنىم يامان بولدى، ئەگەر ئۇنىڭ قىياپىتىنى تولۇق ئېسىمگە كەلتۈرۈپ، رەسىمنى شۇ خىيالىي كۆرۈنۈشكە ئاساسەن سىزىۋەرسەمچۇ؟! رەسىمنى ئوبيېكتىنىڭ خىيالدىكى قىياپىتىگە ئاساسلىنىپ سىزغاندا قىياپەت جانلىقراق، ئىجادىيراق چىقىشى، ئۆلۈك، قاتماللىقتىن ساقلانغىلى بولۇشى مۇمكىن. تەسەۋۋۇرۇمدىكى پاتەمخان ئاچا ماڭا كۈلۈپ قاراشقا باشلىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاق كۆڭۈللۈك، مېھرىبانلىقنىڭ مۇقەددەس نۇرلىرى چاقناۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

ئۇشتۇمتۇت كەينىمدىكى گۈل چاتقىلىنىڭ ئۇ يېقىدىن پىچىرلىشىپ ئاستا كۈلۈشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى. گۈل چاتقىلىنىڭ بۇ يېقىغىمۇ، ئۇ يېقىغىمۇ ئۇرۇندۇق قويۇلغانىدى. دەسلەپتە مەن ئېرەن قىلمىدىم، لېكىن نېمىلا دېگەن بىلەن پىكرىم بۆلۈنگەنىدى. ئارال كەچقۇرۇنلۇقى پۈتۈنلەي قىز-يىگىتلەرگىلا مەنسۇپ بولۇپ قالاتتى، بۇ ئاۋاز ۋە كۈلكىنىڭ ياشلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقى مېنى ئەجەبلەندۈردى. يېشى توختىغان ئەر-خوتۇنلار بولسا كېرەك. بىراق ئايالنىڭ شىلجىڭلىقى، مەمەدانىلىقى مەندە گۇمان تۇغدۇردى، ئۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بىر قېتىم كۈلەتتى. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى بارا-بارا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كېچە قاراڭغۇلۇقى تۈپەيلىدىن ۋە گۈل چاتقىلى توسۇپ تۇرغانلىقتىن، مەن ئۇلارنى كۆرەلمەيتتىم، بىراق ئاۋازلىرى تونۇش چىقىپ قالدى، بۇ كۈلۈۋاتقىنى دەل مەن خىيال قىلىۋاتقان، پاتەمخان ئاچا ئىدى. ئۇنىڭ كۈلكىنى ئۇنىلغان ئادەمنىڭ كۈلكىسى ئىچىدىنىمۇ بىر ئاڭلاپلا پەرق ئېتەلەيتتىم. ئۇ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدىكىنە؟ گەپدانراقلىقىنى بىلمەسكە سالىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى سىپايە ئايال دېيىشەتتى. دەرۋەقە، ئۇ يۇمشاق، مۇلايىم ئايال ئىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاۋازى ماڭا خېلىلا ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— ماڭا ئۇنداق قارىمىسىلا، ئىززا تارتىدىكەنمەن، — دېدى پاتەمخان ئاچا نازلىنىپ، — بىزدىن گۇمانلانغان ھېلىقى قارا نىيەتنىڭ ئەدىپىنى تويدۇرماي بېرىپلا-ھە، مۇدىر.

— بىزنىڭ پىيىمىزگە چۈشمەك بولغانىدەك كۆرۈنۈۋىدى، شارتلا قىلىپ قالدىم، ئۆزىمۇ زەربىنىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئۇنداقلار تاش سانىغۇچە بىز قوم سانايمىز، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتمەكمۇ بىر تالانت ئەمەسمۇ، — بۇ ئەمەت ئاكىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ئوغۇشۇنداق، ئاۋۇسۇيىقەستچىنىڭ يامانلىقىنى دەيمىنا، تۇۋا... بىر ئوبدانىدەكلا كۆرۈنۈۋىدى، ئادەم دېگەننىڭ ئىچىدىكىنىغۇ بىلگىلى بولمايدىكەن، ھەممە ئادەمنىڭ بىزدەك ئىچى-تېشى ئوخشاش بولسىدى، ھەي...

— ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ئەمەت ئاكا يىغىنلاردا سۆزلىگەندەك تەمكىن ئاھاڭدا.

ئەمەت ئاكا بىزنىڭ بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، پاتەمخان ئاچا بىلەن ئىجىل ئىدى. ئۇلار بۈگۈن بۇ كېچە ھىمايىسىدىكى گۈلزارلىقنىڭ مۇھەببەت ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بۇلۇڭىغا نېمىشقا كەلگەندۇ؟

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى ئاڭلىغان بەزى مىش ـ مىش پاراڭلار بىردىنلا ئېسىمگە چۈشتى. بۇ پاراڭلاردا بۇ ئىككىيلەن ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەيىبلىنەتتى. ئەمەت ئاكا 55 ياشلارغا بېرىپ قالغان كىشى ئىدى، پاتەمخان ئاچىنىڭ يېشىغۇ 33 تە توختاپ قالغىلى خېلى يىللار بولغانىمىش. چىرايىنىڭ ئۆزىغۇ ياشنىڭ ئەيىنىكى، ئېغىز يۇشۇرغان بىلەن چىراي ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ. لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ياشمۇ ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى ئىشى. تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىدە ياشنى، بايلىقنى، بەدەن ئېغىرلىقىنى سوراشمۇ ياۋايىلىقنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئەيىب ھېسابلىنىدۇ. ياشقا كۆپ ئارىلىشىۋېلىش، كۆزگە كىرىۋېلىشلار ئومۇمەن بىر خىل مەدەنىيەتسىزلىك، قالاقلىقتۇر. لېكىن بۇ ھۆججەتلەشمىگەن قائىدە ـ پىرىنسىپنى چۈشەنمىگەنلىكتىنمىكىن، ئەيتاۋۇر بەزى ساۋاقداشلىرى، قۇرداشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆزلىرىنى 38 — 40 ياش دەپ ئېلان قىلىشاتتى. بولۇپمۇ مەھەللىداش بىر ئىمىلدىشى قېرىشقاندەك بىرقانچە سورۇندا شۇنداق دارىتىپ، ئۇنى ئوسال قىلغانىمىش. بەزىلەر ئۇنىڭ قىچىقى بارلىقى ھەققىدىمۇ ئېغىز ئېچىپ قالاتتى. بىراق مەن تىڭشىمايتتىم، ئاچامدەك چوپچوڭ بىر ئايالنىڭ بۇ جەھەتتىكى قىزىقلىرىنى ئاڭلاشمۇ ئەخلاق بابىدىن ئەمەس ـ تە. پاتەمخان ئاچا ھەققىدە بۇنىڭدىن ئوشۇق بىلمەيتتىم، بىلىشكىمۇ قىزىقمايتتىم، ماڭا ئۇ ھامان شۇنداق سىپايە، مېھرىبان كۆرۈنەتتى. ماڭا بۈگۈن قىسمەت جۇۋىسىنى تەتۈر كىيىپ، شۇنداق تەتۈر بىر سورۇنغا مېنى ئۇدۇل كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

مەن تۇيدۇرماي ئورنىمدىن تۇرۇپلا كېتىپ قېلىش نىيىتىگە كەلدىم. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن پەيت كۈتۈش كېرەك ئىدى. چۈنكى مېنىڭ ئۇلارنى يالداپ ئۆتۈشۈم، بىر نەچچە مېتىر ماڭغاندىن كېيىن چىراغ يورۇتۇپ تۇرغان تار يولغا كىرىشىمگە توغرا كېلەتتى. ئاشۇ يورۇق جاي دەل ئۇلار يۈزلىنىپ ئولتۇرۇشقان تەرەپتە ئىدى. ئەخلاقىدا ئاز ـ تولا چېچىلاڭغۇلۇق بولغان ھالەتتىمۇ، بۇ ئۇنىڭ سىپايە، مېھرىبانلىق ماھىيىتىگە چوڭ دەخلى بولالماس ـ دەپ ئويلىدىم مەن، ـ ئايىنىڭمۇ يۈزىدە داغ بولىدىغۇ؟

پاتەمخان ئاچىنىڭ يەنە چىققان ئاۋازى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. بۆلۈمدىمۇ خەق نېمە ماۋزۇدا گەپ قىلىۋاتقان بولسا ئۇ شۇ ياقتىن ماسلىشىپ گەپنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ياۋاش، سىپايە، ئاق كۆڭۈل، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق، سېخى، مەردانە قاتارلىق كۆپتىن كۆپ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ـ ئىككى كەچۈرمىشىنى ھېكايە قىلىۋالماي قويمايتتى. بۇلارنى بۇرۇن ھېس قىلسامۇ، ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىدە چۈشەنمىگەن بولسام كېرەك، ھازىر بۇرۇن ھېس قىلمىغان، چۈشەنمىگەن نۇرغۇن نەرسىلەر يىپقا تىزىلغان مارجاندەك ئەقىل كۆزلىرىمنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى نامايان قىلىشماقتا ئىدى. كىشىلەرنىڭ پاتەمخان ئاچىنى ياۋاش ـ يۇمشاق دېيىشى ئۇنىڭ بويىنىڭ پاكارراق، تېنىنىڭ كېسەلچان كۆرۈنىدىغانلىقى، ئۆزىنى ساددا، بىچارە قىلىپ تەسۋىرلەشلىرىنىڭ باشقىلاردا ئېچىنىش، ھېسداشلىق ئويغىتىدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىيتتى، بەلكىم. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئادەمگە ئازار بېرىشتىن، چۈمۈلىنى

دەسسۇھلىشتىنمۇ ھەزەر ئەيلەيتتى. بىراق
بۇگۈن بۇخىلۇەتتىكى ھېكايىسى باشقىچىرەك
باشلانغاچقا مەندە قىزىقسىنىش پەيدا بولدى.
توغرىراقى سەل چۆچۇدۇم. ئىختىيارسىز
قۇلىقىمنى ئۇلار تەرەپكە سىڭايان قىلدىم.

— مەنمۇ شۇنداق بىر كوشەندەمنىڭ
چاچىسىنى بەرگەن، ئانىسىدىن ئەمگەن
سۈتىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلغانىدىم،—
دېدى پاتەمخان ئاچا بېسىقراق، تەمكىن
تاۋۇشتا ھېكايىسىنى باشلاپ،— «مەدەنىيەت
ئىنقىلابى» بورانىدەك كېتىۋاتقان چاغ-
لار ئىدى، ئۆزۈمنىڭمۇ تۇنجى ئېرىمدىن
ئاجراشقىنىمغا ئۇزۇن بولمىغان، ئۆيدە 7–8
ياشلاردىكى قىزىم ئىككىمىزلا تۇراتتۇق،
بىر كۈنى چۈشلۈكى سۈپىدا ياستۇقنى
ئېگىز قىلىپ، بىغەمنىڭ كۈنى—پادىشاھنىڭ
كۈنى دەپ ئارام ئېلىپ ياتسام، قىزىم
ھۆر-ھۆر يىغلاپ كىرمەسمۇ، كۆزۈمگە يەر
تەۋرەپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ياتقان
يېرىمدىن قانداق چاچراپ تۇرغىنىمنى
بىلمەيمەن. نېمە بولدۇڭ، دېسەم، مۇتەل-
لىپنىڭ بالىسى ئۇردى، دېمەسمۇ. بېشىمە-
دىن بىر ئوت كىرىپ، تاپىنىمدىن چىقىپ
كەتتى، مۇتەللىپ دېگەنى بىر كەلگىنىدى
كېسەل كۆرپىسى ئىدى. قىزىمغۇ قىزىم
بىلەن تەڭ دېمەتلىك، لېكىن ئاۋاق نەر-
سىدى. «ئورۇق كالىنىڭ مۈڭگۈزى يوغان»
دېگەندەك، يوتقانىنىڭ تېشىدىن بولغان
بۇ شۇمتەكنىڭ كۈچى باركەن دېسىلە. قېنى
ئۇ بويىغا يەتمەي تۇرۇپ بۇزۇلۇپ كەتكۇر
قانجۇق، دېگىنىمنىلا بىلىمەن، تالاغا قويۇن-
دەك ئېتىلىپ چىقتىم. ئۇ قىل بويۇن
جۇۋاينىمەك ئىشىكى ئالدىدا خىيالىي تۇرۇپ-
تىكەن، ئەلپازىمنى كۆرۈپ خىپلا قىلىپ
ئۆيىگە كىرىپ ئىشىكنى تاقىۋالدى.

ئىشىكى ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، دېۋەيلەپ
تۇرۇپ تازا تىلىلىدىم. ئاچچىقىمدا بۇشۇمتەك
ھارىمىنىڭ ئانىسىنىمۇ، دادىسىنىمۇ،دادىسىنىڭ
ئانىسىنى، مومىسىنىڭ مومىسىنىمۇ يەتمىش
پۇشتىغىچە قوشۇپ تىلىلاپتىمەن،قارغاپتىمەن.

— تىللاپ بەش پۇچۇق قىلىۋېتىپ-
سىزدە،— ئەمەت ئاكىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى،—
شۇنچە يۇمشاق ئېغىزغا قاتتىق گەپ قان-
داق پاتقاندۇ؟

— قوللىرىنى تارتىپ تۇرسىلا، گېپىمە-
نى تۈگىتىۋالاي،— دېدى پاتەمخان
ئاچا يۇمشاق تاۋۇشتا. ئۇ يۇلقۇنغان بولسا
كېرەك، گۈل شاخلىرى شىلدىرلاپ كەتتى.

— زوقۇم كېلىپ ئىچىم كۆيدى-
دە،— دېدى ئەمەت ئاكا ئۆزىنى ئاقلاپ،—
قېنى داۋاملاشتۇرۇڭ، قۇلىقىم سىزدە.

— بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ،
ھېلىقى شۇمتەكنىڭ دادىسى چىقىپ كې-
لىۋاتامدۇ، ئۇ چاغدا مەن تېخى بىر
ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇئەللىمچە-
لىك قىلاتتىم. بۇنداق چوڭ شەھەرگە
يۆتكىلىپ كېلىش ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ
كىرمەيدىغان چاغلار دېسىلە.

— پېقىر شۇ ناھىيىگە خىزمەتكە
بېرىپ، سىز بىلەن تېپىشىپ قالغان ئەمەسمىدىم.
يۆتكىلىپ كەلمىگەن بولسىڭىز بۇگۈنكىدەك
شېرىن تۇنلىرىمىز ئاز بولاتتى-دە،— دېدى
ئەمەت ئاكا گەپ قىستۇرۇپ.

— ھېلىقى مۇتەللىپ دېگەن نەرسە-
مۇ بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلات-
تى. ئۇمۇ، مەنمۇ ئەدەبىيات دەرسى
بېرەتتۇق، ئۆزى ياۋاش بولغىنى بىلەن
كەسپىي جەھەتتە دائىم ئالدىمغا ئۆتۈ-
ۋېلىپ، چىشىمنى قېرىشتۇراتتى. ئۇ بالا

www.uyghurkitap.com

ئاۋۇسىغا كىرمەيلى، دەپ گەپ سېتىپ ئاستىرىتتىن ئۆز بالىسىغا يان بېسىۋاتىدۇ، تېخى گەپ ياندۇرۇپ جورازدەك ھۈرپىيىۋاتىدۇ، مەن كىم، ئۇ كىم، سەپىرايىم سەككىز گەز ئۆرلىدى. كاچاتقا سالاي دېسەم كۈچۈم يەتمەي قېلىشىدىن قورقتۇم، جىندەك توختاپتۇر ھوي بېشىڭنى يىگۈر قارا نىيەت، كەتمەننى ئەپچىقىپ دادا، بالا ئىككىڭنى تىرىك كۆمەمەن بۈگۈن، دېگىنىچە كەينىمگە بۇرۇلۇپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويۇش پەيتى كەلگەنىدى. ئىلگىرىمۇ بۇنداقلاردىن نەچچىسىنى دۇم چۈشۈرگەن چوكانمەن. خەقتە سىر بەرمەي گىنىم بىلەن سىلى بىلەن بىز بەش - ئالتە ...للىق قەدىناس ئاداشلارمىزغۇ، بەزىدە ...ۋاسنى كالتەكلەش، بەزىدە تۆگىنى چە...اپ ئۆلتۈرۈش كېرەك. بەزىلەرنىڭ دوستىنىڭ پوستىغا كىرىمىز، دېسىلە. بەزىدە ئالداش، بەزىدە چىمداش بەزىدە باپلاش، يۇمشاق-قاتتىق توقماقتا توقماقلاش كېرەك، كىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقىنىنى بىلەمتى ئۇ ئەخمەق. ئۇ چاغدا بۇنداق سىمىز ئەمەس، ئورۇق، زىلۋا ئىدىم. غۇنچە بوي، چاققان ئىدىم دېسىلە، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ يولۇمدا چىپپىدە توختىدىم، ئېگىشىپلا يەردىن توخۇمدەك ئىككى تاشنى ئالدىم - دە، كەينىمگە قايرىلىپ، غۇيۇلدىتىپ ئاتتىم. تاش مۇتەللىپكە تەگمىدى، بىراق قورۇسىغا كىرىپ دېرىزە ئەينىكىنى چاراقلىتىۋەتتى. مۇتەللىپمۇ يەرگە ئېگىشكەندەك قىلىۋىدى، بەدەر قاچتىم، قورۇغا كىرىپلا ئىزدەپ كەتمەننى تاپتىم، ئۇنى پۇلاڭلاتقىنىمچە تالاغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. مۇتەللىپ ھېلىقى شۇمتەكنى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ چىقىۋاتقانىكەن، كىنۇدىكى چامباشچىلاردەك تازا بىر ۋارقىرىم - دە، كەتمەننى كۆتۈرۈپلا قان يوق، بەت يوق ئېتىلدىم: قېنىم يۈرىكىمدە قازاندا قاينىغاندەك قايناپ، ئۆپكەم كېلىمغا قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى، چاچلىرىم چۇۋۇلۇپ، كۆزۈمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي كەتتى دېسىلە، ھېلىقى بېلىمنى باغلىماي دېغان نامەردچۇ، ئەركەك بولماي قالغۇر جۇۋايىنىمەك تۇرقۇمغا بىر قاراپلا قورقتى، دوقمۇشتىن ئەگىپلا ئارقىسىغا قاچتى. ئۆيلەرنىڭ كەينى ئېتىزلىق ئىدى. يەنە بىر ئاز يۈگۈرسە دەرياغا بارغىلى بولاتتى. ئۇ نائەھلى قاچتى، قاچقاندىمۇ مۈشۈكتىن قورققان چاشقاندەك، بۆرىدىن ئۈركىگەن توشقاندەك قاچتى، كەينىدىن ھۆركىرەپ قوغلاپ چىقىپ كەتتىم. بىردەمدىلا دەريا بويىغا بېرىپ قاپتۇق، ئۇ قىرغاقنى بويلاپ ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي يۈگۈرەيتتى، ئىككى قېتىم مۈدۈرۈپ يىقىلدى، لېكىن يەنە تۇرۇۋالدى. قوغلاپ كېتىۋاتىمەن، ئۇ ئېگىزدىن پەسكە قاراپ قېچىۋاتىدۇ، سۈرئىتى ئاستىلاپ، ئارىلىق چاپسانلا قىسقىراشقا باشلىدى. سول تەرەپتە دەريا سۈيى ئاقاتتى، ئۇشتۇمتۇت كاللامغا بىر ئەقىل كەلدى. چەنلەپ تۇرۇپ كەتمەننى چۆرۈپ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتىم، كەتمەن ئۇچۇپ بېرىپ ئۇنىڭ يېنىغىلا چۈشتى - دە، ئىككى مۆللاقلاپلا ئالدىغا ئۆتتى. ئۇ كالامپاي بىر نېمە بولمامدۇ، قانداق قىلىپ كەتمەنگە شۇنچە قاتتىق پۇتلاشقىنىنى جىن بىلەمدۇ، ئۇچۇپ چۈشتى، كۆپتۈرگىنىم ئەمەس، ئۇ قىرغاقنىڭ گىرۋىكىدىكى بىر تاشقا ئۇرۇلدى - دە، قاڭقىپ يۇمىلاپ، يەنە بىر ئۇچقىنىچە دەريادىكى سۇغا چۈشۈپ كەتتى، قالتىس ئۇچۇش بولدى دېسىلە. كۆرۈپ زوقلىنىپ كەتتىم. ئىككى قولۇمدا بېلىمنى تىرەپ بىردەم قاراپ تۇردۇم - دە، قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم. چۈنكى مۇتەللىپ ئېقىۋاتقان مۇز پارچىلىرى ئارىسىدىن چاچلىرى چاپلىشىپ قالغان بېشىنى چىقىردى، كۆزۈمگە سۇغا چۈمگەن

ئىتنىڭ بىشىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ــ قىش پەسلى ئوخشىمامدۇ؟ ــ دېدى ئەمەتجان ئاكا ئەندىككەن ئاھاڭدا، ــ دەريادا شۇرمەل ئېقىۋاتقان ئىكەن ـ دە.

ــ ياقەي، قىش ئەمەس، باش ئەتىياز ئىدى، دەريا سۈيىدە ئېرىپ بولالمىغان مۇز پارچىلىرى بار ئىدى.

ــ ئۇنى سۇدىن چىقىرىسەن دەپ بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق تارتقانسىز؟

ــ ئۇنى سۇدىن چىقارغىلى بېشىم ئىششىپ قالغانمىدى، مەن ئۆمرۈمدە يىقىلغان ئادەمنى يۆلەپ باققىنىم يوق. تۇۋا، ئاجايىپ مىجەزىم بار، پۇتلاپ يىقىتقان ئادىمىمنىڭ نالە ـ پەريادىنى ئاڭلىسام كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ، مۇتەللىپ سۇدا بىر چۆكۈپ، بىر لەيلەپ ئېقىۋاتقاندىلا كەلگەن يولۇم بىلەن ئۆيگە قاراپ تىكىۋەتتىم.

ــ ئۇ سۇدىن چىقالىغاندۇ؟

ــ قانداق چىققانلىقىنى بىلمەيمەن. ئۇنىڭ ئەسلىدىمۇ كونا ئۆپكە كېسىلى بار ئىدى، سوغ ئۆتكەچكە قايتا قوزغىلىپتىكەن، بىر ئايدەك سارغىيىپ ياتتى، يۆتىلىپ قان قۇسۇپ يۈردى. رەقىبىنى قان قۇسقۇزماق ئاسانمۇ؟ كېيىن ئاسانلا سەپەر قىلىۋالدى.

ــ سەپەر قىلىۋالدى، نەگە؟

ــ خۇدانىڭ دەرگاھىغا بولمامدۇ؟

ئارىغا جىملىق چۆشتى، مەن ھەيران بولۇپ ئاغزىمنى ئېچىپلا قالدىم. مانا ساڭا سىزدىشقا تېگىشلىك سىياپە ئايال؟ مۇزدەك بىر قول يۈرىكىمنى مۇجىغاندەك بولدى. بەدىنىمدە يىلان ئۆمىلىگەندەك شۈركىنىپ كەتتىم. خېلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان سۈكۈتتىن كېيىن ئەمەت ئاكىنىڭ ئاۋازى قايتا ئاڭلاندى:

ــ ئۇ ئورۇن تۇتۇپ ياتقاندا يوقلاپ قويدىڭىزمۇ؟

ــ ھاجىتى يوق ئىدى، ئۇمۇ گۇناھىنى تىلەپ مېنىڭ ئالدىمغا كەلمىگەن تۇرسا.

ــ ئۆلۈپ قالغىنىنى كۆرۈپ ئېچىندىڭىزمۇ؟

پاتەمخان ئاچىنىڭ بوشقىنا پىخىلداپ كۈلگىنى ئاڭلاندى.

ــ ئېچىنىش خىيالىمغىمۇ كىرىپ باققىنى يوق، تىرىكلىكىدە يوقلىمىغان بىلەن ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپلا ئۇچقاندەك باردىم، ياش چىقمىسىمۇ كۆزۈمنى قول ياغلىقتا تۇسۇۋېلىپ، ئۈن سېلىپ يىغلىدىم. ھوشۇمدىن كېتىۋاتقان قىياپەتتە باشقىلارغا يۆلىنىۋالدىم. بۇ سەممىيلىكىمدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بېلىمگە ئاق باغلاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ھازىدارلار قاتارىغا ئۆتۈۋېلىپ تۇرۇۋالدىم. يەتتە نەزىرسى ئۈچۈن سەۋزە توغرىشىپ بەردىم. ئەل ـ جامائەت تەسىرلىنىپ مېنى ماختىدى. رەھمەتلىك ئۇرۇشقاق راق ئىدى، دېدى تېخى، ھايات دېگەن ئويۇن كۆرستىش دېسىلە.

ــ بۇمۇ كۆپ يۈزلۈك بولغانىنىڭ پايدىسى، بىر ئويلىغاندا، ئۇنىڭغا خۇپمۇ بوپتۇ، ــ دېدى ئەمەت ئاكىمۇ ئۇھ تارتىپ قويۇپ ئاخىرى پاتەمخان ئاچىغا يان بېسىپ، ــ ئۆزىنىڭ شورى.

ــ شۇ ئەمەسمۇ، كىم ئۇنى ئىلگىرى سىل كېسىلى بولۇپتۇ دەپتىكەن، كىم مەندەك بىر ياۋاشنى بوزەك ئەتسۇن دەپتىكەن. كىم كەتمەنگە پۇتلىشىپ مۇزلۇق دەرياغا يىقىلىپ دەپتىكەن. پېشانىسىدىن كۆرسۇن. پالاكەت باسقان گەپ. بالا كەلسە قوشلاپ كېلەرمىش، بىرى بىرىنى باشلاپ كېلەرمىش، ئۆزىمىغۇ دۇنياغا ئارتۇقچە ئىدى.

ئۇ يەنە كۈلدى، مانا شۇ چاغدىلا مەن ئۇنىڭ ھاكۇرىيالمايۋاتقان ئىشەكىنىڭ خىتملىدىشىدەك ئاۋاز چىقىرىپ كۈلىدىغانلىقىنى بايقىدىم. تەقى ـ تۇرقىمۇ كۆز ئالدىمغا بىردىنلا باشقىچە كەلدى. ئۇ ئەسلىدىنلا شۇنداق سەت بولغىيمىدى، تۇۋا، مەنىمۇ گويا بۇرۇن كۆرمىگەندەك بۇ يېقىمسىز گەۋدىگە قايتىدىن خىيالەن سەپ سېلىشقا باشلىدىم. ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، شۇنداق

www.uyghurkitap.com



قوپال، پالاكەت، سېمىز ئايال ئىدىكى، پاكار، كېلەڭسىز جاۋەننى ئەسلەتتى. قارىغا بويىۋالغان شالاڭ چاچلىرىنى بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۈرمەكلەپ تۈگۈۋالغان. بۇ يوغان تۈگۈنچەكنىڭ ئارىسىغا نۇرغۇن ساختا چاچلارنى يۆگەپ تىقىۋالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. كۆزلىرىنىڭ ئاستى خالتىلىشىپ كەتكەن، سولاشقان يۈز تېرىلىرىنىڭ قورۇقلىرىنى توشقۇزۇپ يۈزماي سۈرۈۋالغانىدى. قاشسىز قاپاقلىرى مۇشتۇمدەك تۈرۈلۈپ، كىرپىكسىز كۆزلىرىگە ساڭگىلاپ تۇراتتى. بىراق قىزىل - تۈزۈل كىيىملىرى ياشلارنىڭ مودا كىيىم نۇسخىلىرىغا يېقىن بولۇپ، ئۆزىگە تولىمۇ ماسلاشمايتتى. ئۇ ئوتتۇرا ئاۋازدا ئاغزى بېسىقماي كاسىلدايتتى. تىۋۋا، بۇ تەرەپلىرىنى ئىلگىرى نېمىشقا بايقىمىغان بولغىيدىم.

— ئەسكىلەرنىڭ ئەدىپىنى پات - پات بېرىپ تۇرغانمۇ ياخشى، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، كەلسىلە ئەمدى كۆڭۈلنى قىلايلى ئاۋات، ۋاقتىمۇ بىر يەرگە باردى ھەييات.

— ئەسلى شائىر دېگەن سىلى ئىكەنلىغۇ، ۋەيەي، ئاستىراق، يۈزۈم قىزىرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئىشەنسىلە سىلىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئەرگە كۆڭلۈمنى بۇنچىلا بېرىپ باققىنىم يوق.

سۆيۈشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى، گۈل چاتقىلىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئورۇندۇقتا ھاۋايى - ھەۋەس پاراكەندىچىلىكى باشلىنىپ كەتكەنىدى. كۆڭلۈم ئايىنىغاندەك بولدى. مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئورنۇمدىن تۇردۇمدە، رەسىم ئەسۋابلىرىمنى كۆتەردىم. گۈل چاتقىلىنى ئاستا ئەگىپ ئۆتۈپ، بېشىمنى ئىچىمگە تىققىنىمچە كۆۋرۈككە قاراپ تېز - تېز مېڭىپ كەتتىم. بۇ تېپىشقان ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ھازىر مېنى بايقاشقا چولىسى تەگمەيدىغانلىقىغا ئىمانىم كامىل ئىدى.

ھېلىقى چىراغ يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان جايدىن ئۆتۈپ قاراڭغۇلۇققا كىرگەندە، ئىختىيارسىز كەينىمگە بۇرۇلۇپ، باياتىنقى ئىككى گەۋدىنىڭ چىرمىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ، ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ ياتقانلىقىنى كۆردۈم.

تىۋۋا، شۇنچە ۋاقىت بىللە ئىشلەپمۇ بۇلارنى تۈزۈكرەك چۈشەنمىگىنىمنى دېمەمدىغان. بولۇپمۇ سىپايىلىق ئاستىغا يوشۇرۇنغان رەزىللىكنى كۆرۈۋالماق بەسى مۈشكۈل ئىكەن - دە. مەن ئالدى تەرىپىمگە تىكىلدىم. ئەتراپ ھېچنىمىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇققا چۆككەندەك ئىدى. ھېسسىياتلىرىم، پىكىرلىرىم گىرەلىشىپ كەتتى. بىردىنلا ماڭا ئادەملەرمۇ مۇشۇ كېچە قاراڭغۇلۇقىدەك چەكسىز سىرلىق، چۈشىنىكسىز تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئادەملەرگە باھا بەرمەكمۇ كېچە قاراڭغۇسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان نەرسىلەرنى يورۇق جايدا تۇرۇپ پەرەز قىلماقتەك قىيىن ئىش ئوخشايدۇ. قانداق قىلىپ رەسىمدە ئادەمنىڭ ئىچىنىمۇ، تېشىنىمۇ بىللە ئىپادىلىگىلى، بولۇپمۇ ئىچى - تېشى ئوخشىمىسىلارنىڭ ئىچىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگىلى بولار؟ قارىغاندا، باغچا كۆلى مەنزىرىسىنىڭ رەسىمىنى يەنە قايتىدىن باشلاشقا توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى مەن سىپايە ئايال سىزىش خىيالىدىن ۋاز كەچكەنىدىم. بىراق يەنىلا ئادەم سىزىشىم كېرەك - تە. قانداق قىلغاندا ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى سىزىپ چىقىشنىڭ توغرا يولىنى تاپقىلى بولىدۇ. مۇكەممەل بىر رەسىمنى ۋۇجۇتقا چىقارماقنىڭ مۈشكۈل بولۇشى ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكى، ئادەملەرنىڭ ئىچى - تېشىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىدىنمۇ ياكى ئىجادىيەت ئىقتىدارىمنىڭ تۆۋەنلىكىدىنمىدۇ؟ كۆزىتىش ئىقتىدارىم كۈچلۈك بولمىسا كېرەك، ئەتىمالىم. بىردىنلا ماڭا دۇنيادا ئىنسان ھېسسىياتىنى بوياق بىلەن ئىپادىلەشتىنمۇ تەس ئىش يوقتەك تۇيۇلۇپ كەتتى.



# ئاھ، تەقدىر

ئەركىن ئابدۇجېلىل

(پوۋېست)

## مۇقەددىمە

قىش، شەنبە، ئىشخانىدا ئۆزۈم يالغۇز.

— مۇشۇنداق يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا خىياللىرىم قاناتلىنىپ نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كېتىدۇ. كۆپ ھاللاردا ماڭا بىلىم بەرگەن ئانا مەكتىپىمنى، ئالىي مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلارنى، يېقىن دوستلار بىلەن بىرگە ئۆتكەن ئۇنتۇلغۇسىز مىنۇتلارنى ئەسكە ئالىمەن. مەن ساۋاقداشلىرىمدىن دائىم خەت ئېلىپ تۇرىمەن. مەن ئۇچۇن ئۇلاردىن كەلگەن خەتنى ئوقۇش تولىمۇ كۆڭۈللۈك. بۇ خەتلەرنىڭ ئىچىدە ساۋاقدىشىم قادىر بىلەن سەلىمەدىن كەلگەن خەتلەر ئەڭ كۆپ. مەن ئۇلارنىڭ خېتىنى تولىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئوقۇيمەن. بولۇپمۇ قادىرنىڭ خەتلىرى ئاجايىپ تەسىرلىك. قەلەم قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇنىڭ خەتلىرىنى ھەر قېتىم قولۇمغا ئالغىنىمدا، بۇ ئاداش خەت يېزىۋاتامدۇ ياكى ھېكايىمۇ، دەپ ئويلاپ قالىمەن. يېقىندا مەن سەلىمەنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. سەلىمە خېتىدە ئۆزىنىڭ يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ماڭماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ. شۇ كۈنى قادىردىنمۇ تولىمۇ ئۇزۇن يېزىلغان بىر خەت تاپشۇرۇۋالدىم. مەن پەقەت ئاشۇ خەتتىنلا قادىردىن ئۇزۇندىن بۇيان سوراپ كېلىۋاتقان سوئاللىرىمغا جاۋاب تېپىپ، قانائەت ھاسىل قىلغاندەك بولدۇم.

www.uyghurkitap.com

## 1 - باب

قادىرنىڭ تۇنجى خېتىنى مەن خىزمەتكە چىقىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن تاپشۇرۇۋالغانىدىم. ئۇندىن ئاۋۋال ئۇ نېمىشقىدۇر ماڭا بىرەر پارچىمۇ خەت يازمىغانىدى. ئۇنىڭ شۇ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان ۋاقتىمدىكى ھېسسىياتىمنى ئېيتسام خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغان قەلەندەردەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدىم. ئەمما خەتنى ئوقۇپ بولۇپ لاسسىدە بولۇپ قالدىم. چۈنكى تولىمۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان بۇ خەت گويا مېنى بىردىنلا دەسمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئوقەتچىدەك بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن بۇ تۇنجى خەتنى يېنىمدا ئاۋايلاپ ساقلاپ، دائىم ئوقۇپ تۇرىمەن. قادىرنىڭ بۇ خېتى مۇنداق باشلانغان:

«مۇرات، سالامەتمۇ سەن، ئاداش؟ ئۇزۇن بولدى، كۆرۈشمىدۇق. سېنى بەك سېغىندىم. سېنىڭ بۇندىن ئىلگىرىكى خەتلىرىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ، مۇشۇ كەمگىچە بىرەر پارچە جاۋاب خەت يازالمىدىم، ئەپۇ قىلغىن.

ئاداش، مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمنى سورىساڭ، سالامەتمەن، بالىلارنى تەتىلگە قويۇپ بەردۇق، ھازىر كۈنلىرىم ئەتىدىن-كەچكىچە بىكارچىلىقتا ئۆتۈۋاتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلىق دېگەن شۇنداق ئىشكەن. بۇندىن باشقا ئىشلىرىمنى سورىساڭ ئۇلارنى بىر-ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. مېنىڭ كۆپرەك ئەھۋالىمنى بىلىشنى ئويلايسەن، بۇنى بىلىمەن. يېقىندىن بېرى ساڭا خەت يېزىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، بۇ توغرۇلۇق ناھايىتى كۆپ ئويلاندىم. قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ، بۇ تۇنجى خېتىمدە نېمىلەرنى يازسام بولار، دەپ گاڭگىرىغان ھالدا ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئاخىرى ئويلا-ئويلا بىر يىلدىن بۇيانقى كەچۈرمىشلىرىمنى ساڭا بىر باشتىن تەپسىلىي ھېكايە قىلىپ بېرىش نىيىتىگە كەلدىم. ۋاقتىڭنى ئېلىپ قويمىدىغان ئوخشايمەن.

ئاداش مۇرات، مەن سەن بىلەن خوشلىشىپ ئەتىسى چۈش بىلەن يۇرتۇمغا ساق-سالامەت يېتىپ باردىم. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىزنى تەقسىم قىلىدىغان ئىشخانىغا كىردىم، بۇ يەردىكىلەر ماڭا ناھايىتى قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، شەھەردە قېلىشىمنى ئېيتىشتى. مەن يېزامغا بارىمەن دېگەن گېپىمدە كاجلىق بىلەن چىڭ تۇردۇم. ماڭا بۇ يەردىكىلەرنىڭ چىرايلىق سۆزلىرى، نەسىھەتلىرى كار قىلمىدى. ئاخىر ئۇلارمۇ مەندىن زېرىكتى. رەسمىيەتلىرىمنى ئۆتەپ يېزامغا يولغا سېلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار مېنىڭ نادانلىقىمدىن كۈلۈشتى. مەن شۇ چاغدا: ئۇلار مېنى چۈشەنمەيدۇ، بۇ يەردە مېنى كىم چۈشىنىدۇ؟ كىم ماڭا ئىچ ئاغرىتىدۇ؟ بېشىمغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەرگە بۇ يەردىكى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر، ئاغىنىلىرىم چىرايلىق سۆز ۋە ئاق كۆڭۈللۈكلۈكى بىلەن تەڭ شېرىك بولۇپ بېرەلەيتتىمۇ؟ دەپ ئويلىدىم. ئاداش، بۇ مۇجمەل پىكىرلىك قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، قادىر نېمە بولۇپ كەتكەن-ھە؟ دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىدىغانسەن، ھەيلى نېمە دەپ ئويلىساڭ ئويلاۋەرگىن.

شۇنداق قىلىپ شەھەرگە يېتىپ بارغان كۈننىڭ ئەتىسى يېزامغا چىقىپ كەتتىم.

يېزىمىز ۋىلايەت مەركىزىدىن 30 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. مېنىڭ چىقىشىم ئۆيدىكىلەرنى تولىمۇ خۇشال قىلىۋەتتى. ھەر دائىم چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان ئۆگەي دادام چېغىدا تولۇق چىرايىغا ياراشمىغان تەبەسسۇم بىلەن كېلىپ، مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاداش، بىزگە مەكتەپتە يۈرۈپ ئۆيىنىڭ قەدرى كۆپ ئۆتۈلكەچكىمۇ بۇ قېتىم ئۆيگە كېلىپ بىرقىسىملا بولۇپ قالدىم، سۇنۇق كۆڭلۈم ئېچىلىپ، تۇرمۇشۇممۇ رەتلىنىك ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۈچ ۋاق تامىقىم تەييار، ئاخشىمى ئايرىم خانىمگە سېلىنغان تەييار ئورۇنغا كىرىپ ياتىمەن، نېمە قىلىمەن دېسەم بۇ يەردە ماڭا ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ. لېكىن ... ئەنە شۇ لېكىن سۆزى تىلغا ئېلىنغاندا ئۆپكەم ئۆرلەيتتى، ئۆزۈمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالاتتىم، شۇ كۈنلەردە ئۆزۈمگە يەنىلا «بەختسىز» دەپ باھا بېرەتتىم. يالغۇزلۇق ھەر دەقىقىدە دېگۈدەك مېنىڭ كېلىمىنى بوغۇپ، ئارام ئالغۇزمايتتى. بۇرۇن مەن خىزمەتكە چۈشسەم، خىزمەتنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا كۆڭۈلدىكى غەشلىكلەر ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېتەر، مەنمۇ ئەتراپىمدىكى كىشىلەرگە ئوخشاش خۇشال-خۇرام يۈرەرمەن، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئۇ كۈنلەرمۇ كەلدى. مەن يېزا ئوتتۇرا مەكتەپكە ئورۇنلاشتىم. لېكىن، مەندىكى ھەسرەت، يالغۇزلۇق بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. مەن خىزمەتكە چۈشكەن كۈنى مەكتەپ مۇدىرى قاسىم ئاكا مېنى ئىشخانىسىغا چاقىردى.

— قېنى ئۇكا، ئولتۇر، — دېدى قاسىم ئاكا ئىشخانىغا كىرىشىم بىلەن ماڭا ئورۇن كۆرسىتىپ، — قايتىپ كەلگىنىڭ بەك ياخشى بولدى. سەن مەكتىپىمىز قۇرۇلغاندىن بويان ئىچكىرىگە بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن تۇنجى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھېسابلىنىسەن. ساڭا ئوخشاش ئوقۇغانلار بۇ يەردە يوق دېيەرلىك. سەن تېخى ياش، كۆپرەك چېنىقىشىڭغا توغرا كېلىدۇ. ھازىرچە سېنى كۈنىگە تۆت سائەتتىن دەرس ئۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇردۇق، قانداق قارايسەنكىن؟

— پىكرىم يوق.

شۇنداق دېمەسكە نېمە ئامال. شۇنداق قىلىپ مەكتەپكە قەدەم بېسىشىم بىلەن تەڭ كۈنىگە تۆت سائەتلىك دەرس ۋەزىپىسى يۈكلەندى. ساڭا مەلۇم، بىزگە مەكتەپتە ئەدەبىيات دەرسى يېرىم ياتا ئۆتۈلگەن، خىزمەتكە چىققاندا نېمىنى ئوقۇغان-ئوقۇمىغانلىقىڭ سورۇشتە قىلىنمايدىكەن. ماڭا ئەدەبىيات دەرسىمۇ قوشۇپ يۈكلەندى. بۇ مەكتەپتە خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى يوق ئىكەن. شۇڭا بۇ دەرس خېلىدىن بېرى ئۆتۈلمەي تاشلىنىپ قالغانىكەن، ھەپتىسىگە ئالتە سائەت خەنزۇ تىلى دەرسىنى ئۆتۈشنىمۇ ئۈستۈمگە ئالدىم. بۇ يەرگە ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن، ھەممىسىگە كۆنۈشۈم كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىم ئەنە شۇنداق باشلاندى. بۇ مەكتەپتىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تونۇش. ئۆز ۋاقتىدا مەن ئۇلارنىڭ قولىدا ئوقۇغان. ھازىر ياش ئوقۇتقۇچىلارمۇ خېلى كۆپىيىپ قاپتۇ. نېمە ئۈچۈندۇر مەن ئۇلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرىدۇم. شۇڭا كۈنىگە تۆت سائەت دەرسىمنى ئۆتۈپ بولۇپلا ئۆزۈمنى كىتابقا ئۇرۇپ ياتتىم. لېكىن، كىتاب ماڭا مۇڭداش-دوست بولالمىدى، روھىمنى كۆتۈرەلمىدى. راستىنى

ئېيتسام مېنىڭ بۇ ئارىلىقتا ئارىلىشىدىغان بىرەر يېقىن ئادىمىم يوق ئىدى.
بۇرۇنقى ئاغىنىلەر بىلەن ئارىلىشاي دېسەم، ئۇلار ئالىلىقاچان ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇپ بولغان، ھەممىسىنىڭ بىر نەچچىدىن بالىسى بار. ئۆيى بار، مۈكى باشقا ئادەم نېمىسلا قىلمىسۇن ساڭا دائىم ئۇلپەت-دوست بولۇپ بېرەلمەيدىكەن. شۇڭلاشقا كۆپ ۋاقىتلاردا يالغۇز قالاتتىم. بىلسەڭ ئاداش، ئىنسانچىلىقتا يۈرىكىڭ ئازابلانغاندا ھالىڭ قانداق، دەپ ئەھۋال سوراپ قويىدىغان ئەل-ئاغىنەڭ بولمىسىمۇ بىر ئىشكەن. شۇندىلا مەن ھاياتتا يالغۇزلۇقنىڭ ھەممىدىن قاتتىق ۋە ئېغىر ئازاب ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. يالغۇز يۈرگەندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئىشلار ھە دېسىلا كاللامغا كىرىۋېلىپ ئاۋارە قىلىدىكەن، ئۇلارنى ئويلاشقا مەجبۇر بولىدىكەنسەن، ئويلىغاندىن كېيىن ئازابتىن نېرى بولالمايدىكەنسەن.

مەكتەپكە ئورۇنلاشقان دەسلەپكى چاغلاردا يۈرىكىمدىكى ئازابنى كۆڭۈلسىزلىرى ئاچچىق-ئاچچىق تاماكا چېكىش، كەچلەردە يېزىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ياۋا ئۆرۈكلۈك باغقا كىرىۋېلىپ، ئۆزۈمنى مېھمان قىلىپ تويغىچە ھاراق ئىچىش بىلەن بېسىشقا تىرىشتىم. كۆڭلۈم ئەنە شۇنداق ئېغىر ئازاب ۋە غەشلىك ئىچىدە داۋاملاشتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆيدىكىلەرنىڭ ماڭا بولغان ئىخلاسىمۇ بۇرۇنقىدەك بولۇۋەرمىدى، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى ئۆزگەردى. چۈنكى مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆيگە مەست قايتىپ، ئۇلارنى تولىمۇ بىزار قىلىۋەتتىم...

ئاداش مۇرات كەچۈرگىن. ئەمدى بولدى قىلاي، ئۇزۇنراق يازايچۇ دېگەنىدىم، لېكىن يازالمايدىغان ئوخشايمەن. قولۇم تىترەپ، قەلەم تۇتۇشقا ھېچبىر قولاشمايۋاتىدۇ. بۇ ھاراقنى كۆپ ئىچكەنلىكىمنىڭ كاساپىتىمىكىن، ھېچ ئۇقالمىدىم. يېقىندىن بېرى شۇنداق بولۇپ قالدىم.

خەير خوش، بەختسىز ساۋاقدىشىڭ قادىردىن.»

## 2 - باب

مەن بۇ خەتنى ھەر قېتىم قولۇمغا ئالغىنىمدا چوڭقۇر خىياللار قاينىمىغا غەرق بولىمەن. خىيالىمدا خەتتىكى قادىر بىلەن ئالىي مەكتەپتە بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىغان، بىر ياتاقتا يېتىپ، بىر موماينى تەڭ تالىشىپ يېگەن ساۋاقدىشىم قادىرنى ئۆزئارا سېلىشتۇرىمەن. قادىر بىلەن بىللە بولغان ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەر گويا كىنو كۆرۈنۈشلىرىدەك كۆز ئالدىمدا بىر-بىرلەپ نامايان بولىدۇ.

قادىر ئىككىمىزنىڭ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تۇنجى رەت ئۇرۇمچى ۋوگزالىدا كۆرۈشكەنىدۇق. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش ئەچكىرىگە ئوقۇشقا ماڭغانىكەن. تونۇشۇشتىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ بىر مەكتەپ، بىر سىنىپقا قوبۇل قىلىنغانلىقىمىز مەلۇم بولدى. دەسلەپتە ئىككىمىز ئەنە شۇنداقلا تونۇشقاندۇق. كېيىنچە يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بىزگە ساۋاقداشلار «قوشماقلار» دەپ لەقەم قويۇشۇۋالدى. قادىر ياش جەھەتتە

سىنىپ بويىچە ھەممىمىزدىن چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا ئائىلىسىنىڭ قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئون ياشتىن ئاشقىچىمۇ مەكتەپكە كىرەلمىگەنىكەن. ئۇ ماڭا «مەن ھەممىڭلاردىن چوڭ، شۇڭا مەن سىلەرگە قارىغاندا كۆپرەك تىرىشىپ ئۆگىنىشىم كېرەك» دېگەنىدى. مەن ئۇ چاغدا بۇ مۇنداقچىلا ئېيتىلغان گەپ، دەپ ئانچە ئېرەن قىلمىغانىدىم. چۈنكى ئۇ شۇ چاغلاردا خەنزۇ تىلى دەرسىدە سىنىپ بويىچە ئەڭ ئارقىدىكى ئوقۇغۇچى ھېسابلىناتتى. سىنىپىمىزدا خەنزۇ تىلى دەرسىدە خېلى كۆپ ساۋاقداشلار ياخشى ئىدى. ئۇرۇمچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ساۋاقدىشىمىز سەلىمە باشلانغۇچ مەكتەپتە خەنزۇچە ئوقۇغان بولۇپ، ئۇنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى سىنىپ بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئىدى. ئۇ كۆپ ھاللاردا بىزنىڭ تەلەپپۇزنى توغرىلاش، خەنزۇچە جۈملە تۈزۈش ۋە ئۇيغۇرچە جۈملىلەرنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش قاتارلىق ئىشلىرىمىزغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ قادىرغا ئالاھىدە ياردەم قىلىدىغان بولۇپ قالدى. سىنىپىمىزدا سەلىمەگە كۆز قىرىنى سېلىپ يۈرگەن بىر نەچچە ساۋاقداش سەلىمەنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئاغرىناتتى. ئۇلار قادىر بىلەن سەلىمەنىڭ تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىشىگە چەك قويۇش ۋە سەلىمەنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن قادىرغا «قېرى» دېگەن قوپال لەقەمنىمۇ قويۇشۇۋالغانىدى. ئەمما ساۋاقداشلارنىڭ بۇنداق ئۇرۇنۇشلىرى بىكار بولۇپ چىقتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قادىر بىلەن سەلىمە بارغانچە تېخىمۇ يېقىن، بىر-بىرىگە تېخىمۇ كۆيۈنىدىغان بولۇپ كېتىشتى.

ئىككىنچى ئوقۇش يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچتە قادىر مېنى مەكتەپ كۇتۇپخانىسى ئالدىدىكى چىملىققا باشلاپ چىقتى. ئادەتتە قادىر ناھايىتى ئاز تاماكا چېكەتتى. ئۇنىڭ شۇ كۈنى تاماكىنى ئارقا-ئارقىدىن ئۇزمەي چېكىشى مېنى ئەجەبلەندۈردى. ئۇ ئۆگىنىش توغرىسىدا يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ مېنى تېخىمۇ تەئەججۈپلەندۈردى. بىز ناھايىتى ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدۇق. پەقەت ئەتراپ جىمىققاندىن كېيىنلا ئۇ ئىككى قولىدا تىزىنى قۇچاقلىغان ھالدا ئالدىدىكى چىملىقتىن نېمىنىدۇر تاپماقچى بولغاندەك تىكىلىپ قىسلغان ھالدا:

— ساڭا ئېيتىدىغان بىر مەسلىھەت بار ئىدى، — دېدى.

— قېنى، دېگىن.

— سەن بىلىسەن، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، ئۇنىڭ ئاۋازى بۇ قېتىم سەل تىترەپ چىقتى، — سەلىمە ئىككىمىز ياخشى ئۆتىمىز. ئەتە ئۇنىڭغا گەپ قىلماقچى ئىدىم. لېكىن...

ئۇ گېپىنى توختىتىۋېلىپ، يانچۇقىدىن يەنە تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

— ياخشى گەپكەنغۇ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ، — ئىككىڭلار ياخشى ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر.

— ئەمما، مەن يېزىدا تويىغا مىلىنىپ ئىشلەيدىغان دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆستۈم. ئۇ چوڭ شەھەردە كادىر ئائىلىسىدە چوڭ بولغان. مەن ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. كېيىنكى كۈنلۈكتە ...

— قاملاشمىغان خىياللارنى قىلىدىكەنسەن، ھەممە گەپ ئۆزۈڭلاردىغۇ؟ نېمىگە

www.uyghurkitap.com

غەم قىلىسەن، بولدى، ئىككىلىنىپ، ئۆزۈڭنى قىينىما، — دېدىم ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ.

قادىر بۇ گەپتىن كېيىن ئېغىز ئاچمىدى. مەنمۇ ئىككىنچىلەپ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. ئىككىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئۈن-تىنسىز ئۆز خىياللىرىمىز بىلەن بولۇپ ياتاققا قايتتۇق.

شۇ كۈنكى پاراڭلىشىشتىن كېيىن، سەلىمە بىلەن قادىرنىڭ گەپ-سۆزىگە، ھەرىكىتىگە دىققەت قىلدىم. گەرچە مەن ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ھېچقانداق گەپ ئاڭلىمىغان ۋە ئۇ توغرىدا ھېچنېمىنى سوراپ كۆرمىگەن بولساممۇ ئۇلارنىڭ ئاجايىپ شېرىن، ئىنسان ھاياتىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز كۈنلەرگە قەدەم قويغانلىقىنى پەرەز قىلدىم.

ئۈچىنچى يىللىققا چىققاندا قادىر ئۆگىنىشتە سىنىپ بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. ئۇ بۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقاردى. ئۇ كۇتۇپخانىدىن چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى ئەدەبىيات، تارىخ، پسىخولوگىيە، دىن ۋە پەلسەپە توغرىسىدا يازغان كىتابلىرىنى تېپىپ ئوقۇيتتى. گەرچە بىزمۇ خەنزۇ تىل-يېزىقىدىكى كىتابلارنى ئانچە-مۇنچە يامىداپ كۆرەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكەن بولساقمۇ، كىتاب كۆرۈۋاتقاندا بىر نەچچە تونۇمايدىغان خەتكە دۇچ كەلسەكلا كىتاب ئوقۇشنى بولدى قىلاتتۇق. قادىردا بۇنداق ئادەت يوق ئىدى. ئۇ دەرسلەرنى تەكرارلىغاندىن باشقا كىتاب كۆرۈش، ئۇلاردىن خاتىرە قالدۇرۇش بىلەن ھەلەك بولاتتى. كېيىن قادىر يازغان بىرنەچچە ماقالە، ھېكايىلەر گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. سەلىمە خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان بىر ھېكايىسىمۇ خەنزۇچە ژۇرنالدا بېسىلدى. بۇ ئىش ساۋاقداشلار ئارىسىدا چوڭ تەسىر قوزغىدى. ئۇلار ئۆزئارا پاراڭلاردا قادىرنى تىلغا ئېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كېلەچەكتىكى ئۇلۇغ يازغۇچىسى بىزنىڭ سىنىپتىن چىقىدىغان بولدى، دەپ چاقچاق قىلىشىپ قوياتتى. ئەنە شۇنداق كىچىككىنە ئىشلارمۇ ساۋاقداشلارنىڭ كەيپىياتىدا ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدىكەن. ساۋاقداشلار قادىرغا ھەۋەس قىلاتتى، ئۆزلىرىنىڭمۇ قادىر ئېرىشكەن «ئامەت» كە ئېرىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

بىر كۈنى قادىر، سەلىمە ۋە مەن ئۈچىمىز ھايۋاناتلار باغچىسىغا باردۇق. باغچە ئايلىنىۋېتىپ، تاسادىپىي كېيىنكى ئارزۇلىرىمىز توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدۇق. شۇ چاغدا قادىر ئۆزىنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىرەر ئاخبارات ئورنىدا مۇخبىر بولۇپ ئىشلەشنى، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى ئارىلاپ چىقىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ:

— مەن شىنجاڭ ۋە شىنجاڭلىقلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىشنى، تەتقىق قىلىپ كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. بىز بۇ مەكتەپكە كېلىشتىن بۇرۇن كىندىك قېنىمىز تۆككۈلگەن ئاشۇ زېمىن توغرىسىدا ئانچە كۆپ نەرسە بىلمەيتتۇق. ھازىر ئاز-تولا بىلدۇق، لېكىن بۇ يېتەرلىك ئەمەس، ئىنسان ئۆزىنى يېتىلدۈرگەن تۇپراقنى بەش قولدەك بىلىشى كېرەك. مەن ئاشۇ مەقسەتتە بىزنىڭ شىنجاڭ توغرىسىدا چەت ئەل ۋە مەملىكىتىمىز ئالىملىرى يازغان ماتېرىياللارنى ئىزدەپ تېپىپ كۆردۈم. ئەمما كۆپ كۆرەلمىدىم. بىزدە

ھەر يىلى تۈركۈم-تۈركۈملىگەن ياشلار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدۇ، ئەمما خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك جىمىپلا كېتىدۇ. بىزدە پەن دوكتۇرلىرى، پروفېسسورلار، ئىنژېنېر، تەتقىقاتچى، ئالىي دەرىجىلىك دوكتۇرلار نېمە ئانچە ئاز؟ بۇنىڭ سەۋەبى زادى قەيەردە؟ دېگەن ئويلار دائىم كاللامغا كىرىۋالىدۇ، — دېدى.

بىر قېتىم سىنىپىمىز بويىچە ماقالە يېزىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. شۇ نۆۋەت قادىر ئوقۇغان ماقالىدىكى پىكىر ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ھېلىھەم يادىمدا. ئۇنىڭدا مۇنداق قۇرلار بار ئىدى. «... بىزنىڭ قانائەتچان، تىرىشچانلىق روھى ئاجىز، ئۆزىدىن، ئۆزى ياشاپ تۇرغان تۇپراقتىن قارىغۇلارچە پەخىرلىنىدىغان، ئەتراپلىق ئۆگىنىش، ئىزدىنىش ئادىتى بولمىغان ئادەملىرىمىز، بولۇپمۇ زىيالىيلىرىمىز قانداقتۇر ئۆزلىرى سۇنئىي ھالدا پەيدا قىلىۋالغان غايىۋى چەمبەر ئىچىدە قارىغۇ ئادەمدەك تىمىسقىلاپ يۈرۈشنى خالايدۇكى، بۇ چەمبەرنى بۇزۇپ چىقىپ كېتىشنى ئارزۇ قىلمايدۇ. چوڭ-چوڭ ئىلمىي ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلىشتىن، ئۇلار ئۈستىدە ئىزدىنىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. كۆپلىرىمىز قاچانلاردىدۇر ئىگىلىگەن بىلىم، تەجرىبىگە ئېسىلىۋېلىپ، شۇ ئازغىنا دەسمايىنىلا بازارغا سېلىپ كۆز-كۆز قىلىشقا خۇشتار ... ئازراقلا نەتىجە بىلەن قانائەتلىنىپ، بوشىشىپ، شۇ ئىزدا توختاپ قالىدىغان بۇنداق ئادەت بىزنىڭ قان-قېنىمىزغا، يىلىك-يىلىكلىرىمىزگە سىڭىپ كەتكەن ...»

مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان كۈنلەر يېقىنلاشقاندا، ساۋاقداشلار ئارىسىدا قادىر بىلەن سەلىمەنى مەكتەپتە ئېلىپ قالىدىكەن، دېگەن گەپ تارقالدى. بۇ خەۋەردىن شەخسەن مەن بەك خۇش بولۇپ كەتكەنىدىم. بۇ ئىككىيلەننىڭ بېشىغا ھەقىقەتەن بەخت قۇشى قونغانىدى. بىزنىڭ مەكتەپتە مىللىي ئوقۇتقۇچىلارغا ئالاھىدە ئېتىبار قىلىناتتى، ئۇلارغا چەت ئەلگە چىقىپ بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتى كۆپ چىقاتتى. شۇ چاغدا قادىرنى بۇ خۇش خەۋەردىن تەبرىكلىگەنىدىم. ئەمما ...

ھاياتتا بەزىدە كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتىمۇ ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. نېمە سەۋەب بولدىكىن، قادىر بىلەن سەلىمەنىڭ مەكتەپتە قالدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەر تارقىلىپ ھەپتە-ئون كۈن ئۆتمەي تۇرۇپلا قادىر پۈتكۈل ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتۇشقا باشلىدى. دەسلەپتە ئۇلار ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى. ئۇلار بۇرۇنقىدەك كۇتۇپخانىغا، كىنولارغا بىللە بارمايدىغان، ئۆز-ئارا ئېچىلىپ پاراڭلاشمايدىغان بولۇپ قېلىشتى. بۇنىڭدىن ساۋاقداشلار ھەيران قېلىشتۇق. ئۇلارنىڭ چىرايىدا دائىم ئېپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئىلگىرىكى بەخت ۋە خۇشاللىقنىڭ ئورنىنى ئەمدى بىر خىل قايغۇ-ھەسرەت باسقانىدى. قادىر تاماكا بىلەن ھاراققا قايتىدىن بېرىلدى. ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان كۈنلىرى ياتاقتا ھۆكىرەپ يىغلاپ، كىملەرنىدۇر تىللايدىغان، قولىغا چىققان نەرسىلەرنى چاقىدىغان بولۇۋالدى. مەن قادىرنىڭ بۇنداق بولۇپ كېتىشىگە چىداپ تۇرالمىدىم، ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم كوچىلاپ سورىدىم، لېكىن ئۇ، بۇ توغرىدا ماڭا باشتىن-ئاخىر بىر ئېغىز

www.uyghurkitap.com

سىر بەرمىدى. ئاخىر سەلىمەدىن بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سوراپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم.

بىر كۈنى سەلىمەنى كۇتۇپخانا ئالدىدا ئۇچراتتىم. سەلىمە خېلىلا جۈدەپ، چىرا-يىمۇ ئۆبدانلا سارغىيىپ قالغاندى.

— سەلىمە، تۆت يىل بىرگە ئوقۇدۇق. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ يولىغا ماڭىمىز، مەن ھازىر ھېچنېمىنى چۈشەنمەيۋاتىمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا، — بىر چىرايلىق ئۆتتۈۋېتىپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە سىلەرگە زادى نېمە بولدى؟ ساۋاقدىشىم دەپ قارىسىڭىز ماڭا ھەممىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

گېپىم تۈگمەيلا سەلىمەنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ ئۆمچىيىپ بىر نېمە دېمەكچى بولدى-يۇ، لېكىن دېمەكچى بولغانلىرىنى ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى. تىت-تىت بولغىنىمدىن ئۆزۈمنى باسالماي قالدىم.

— سەلىمە، ئۆتۈنۈپ قالاي، بىر نېمە دەڭا؟

سەلىمە ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى ۋە ماڭا بىردىنلا قادىلىپ تۇرۇپ:

— بولدى مۇرات، بۇنى مەندىن سورىماڭ ... — دەپلا يۈزىنى تۇتقىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

شۇ كۈنى كەچتە قادىر بىلەن ئوبدانىراق پاراڭلىشىش ئۈچۈن، ئۇنى مەكتەپنىڭ يېنىدىكى قەھۋەخانىغا باشلىدىم. ھاراق ئۈچ رومكا ئايلانغىچە ئوتتۇرىمىزدا پاراڭ بولمىدى. ئاخىر ئارىدىكى جىمجىتلىقنى ئۆزۈم بۇزدۇم:

— قادىر، مەن ھازىرغىچە سېنى خېلى ئوبدان چۈشىنىمەن، دەپ ئويلاپ كەلگەنىدىم، ئەمدى قارىسام، مەن سېنى تېخى چۈشەنمىگەن ئىكەنمەن، بۇرۇنراق بىلگەن بولسام...

— ماڭا نەسىھەت قىلغىلى چاقىرغانمىدىڭ؟ — دېدى قادىر گېپىمنى بۆلۈپ.

— نېمانچىلا قىلىسەن، سەلىمەگە ئىچىڭ ئاغرىسا بولمامدۇ؟ مەن سېنى دوست، ئاغىنە كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. ئۆتۈنۈپ قالاي ئاداش، مەندىن يوشۇرغۇدەك نېمە ئىشتى ئۇ؟ — دېدىم ئۆزۈمنى سەل تۇتۇۋېلىپ.

— مەنمۇ سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، خوش بولاي، — دېدى ئۇ تېرىككەن ئاھاڭدا، — ھازىردىن باشلاپ مەندىن بۇ توغرىدا ھېچنېمە سورىمىساڭ. مەن شىنجاڭغا قايتىپ كەتمىسەم زادى بولمايدۇ.

— سەلىمەچۇ؟

— ئۇقمايمەن.

— ئۇقمايمەن دېگىنىڭ نېمىسى؟ تازىمۇ بولمىغۇر گەپقۇ بۇ، ۋىجدانسىزلىق قىلما ئاداش، كېيىن پۇشايمان يەپ قالىسەن.

بۇ سۆزلەرنىڭ ئېغىزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ تۇيماي قاپتىمەن. بۇنى ئاڭلاپ قادىر ئورنىدىن چاچراپ تۇردى-دە، چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، قادىرنىڭمۇ ئويلىغان بىر يېرى باردۇر، دەپ ئۆزۈمگە ھاي بەر-دىم ۋە بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئىككىنچى ئېغىز ئاچمىدىم. سەلىمە مەكتەپتە قالدى،

باشقىلار شىنجاڭغا قايتتۇق، مەن قادىرنى بۇرۇنقى ئارزۇسى بويىچە ئۈرۈمچىگە بارغاندىن كېيىن، بىرەر ئاخبارات ئورنىغا ئورۇنلىشامدىكىن، دېگەنىدىم. بىراق، قادىر ئۈرۈمچىدىمۇ تۇرماي، يۇرتىغا كېتىپ قالدى. مەن ئۈرۈمچىدە خىزمەتكە ئورۇنلاشتىم. قادىر كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئالاقەم ئۈزۈلۈپلا قالدى؛ مەن ئۇنىڭ ئۆز يېزىسىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەۋاتقانلىقىدىن مىلىق تەسلىكتە خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم خەت يازدىم. لېكىن، مېنىڭ خەتلىرىم جاۋابسىز قېلىۋەردى. كېيىن سەلىمەگىمۇ بىر-نەچچە قېتىم خەت يېزىپ، قادىرنىڭ بۇنچە تېز ئۆزگىرىپ كېتىشىگە نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى قايتا-قايتا سۈرۈشتۈردۈم. ئۇ ماڭا يازغان دەسلەپكى خەتلىرىدە بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمىدى. كېيىنكى بىر خېتىدە پەقەت: مۇرات، سىزنىڭ ھېچنېمىنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، قادىرنى بىھۇدە ئەيىبلىشىڭىزگە قوشۇلمايمەن. ئۇنىڭدا ھېچقانداق گۇناھ يوق، بۇ ئىشتا ئىككىلىمىزدىن سەۋەنلىك ئۆتۈلگىنى يوق. ئىككىمىزنىڭ بىر-بىرىمىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان يېرىمىزمۇ يوق. ھازىرمۇ خەت يېزىشىپ تۇرىمىز، دەپ يازغانىدى. شۇ خەتتىن كېيىن يۈرىكىم ئورنىغا چۈشكەندەك بولغانىدى...

## 3-باب

قادىردىن كەلگەن ئاشۇ ئۈلجى خەتتىن كېيىن نەچچە كۈنگىچە ھېچقانداق ئىشقا قولۇم بارمىدى. ئاخىر ئۇنىڭغا ئاچچىق گەپلەر بىلەن تولغان ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىۋەتتىم. خەت كېتىپ ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ 2-خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. شۇندىن باشلاپ قادىرنىڭ خەتلىرى ئۈزۈلمەي كېلىشكە باشلىدى. دائىم ئىشتىن چۈشۈپ زېرىكىپ ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ خەتلىرىنى ئوقۇسام ھاردۇقۇم چىقىپ، يېنىكلەپ قالغاندەك بولىمەن. قادىرنىڭ 2-خېتى مۇنداق باشلانغانىدى:

«مۇرات، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ ئاداش؟ خېتىڭ ئارقىلىق ماڭا بەرگەن تەنبىھلىرىڭگە رەھمەت. بۇ قېتىمقى خېتىڭ مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. راست ئاداش، سەن ئېيتقاندەك ئاشۇ تەرىقىدە كېتىۋەرگەن بولسام نەگىمۇ بارالىتتىمكىن-تاڭ؟ بۇنى ھازىر ئويلاپ يېتەلمەيمەن. ئەمما تۇرمۇشمۇ بۇنىڭغا يول قويمايدىكەن. ئۇ ھەر كۈنۈڭنىڭ بىر قېلىپتا، خۇددى توختاپ قالغان لاي سۇدەك ئۆتۈۋېرىشىگە يول قويمايدىكەن. ئۇ بەزىدە ساڭا چىدىغۇسىز ئېغىر تارتقۇلۇقلارنى ئېلىپ كەلگىنى بىلەن، يەنە بەزىدە ساڭا ئويلىمىغان يەردىن كۆڭۈللۈك مىنۇتلارنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق جاراھەتلەنگەن قەلبىڭگە مەلھەم بولىدىكەن. بۇ مېنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان چۈشەنچەم. بەلكىم بۇ چۈشەنچە ساڭا ئۇ تەرىقىدە بىلىنمەسلىكى مۇمكىن. تۇرمۇش ماڭا شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ مەكتەپتە مەن بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان بىر قىز ئوقۇتقۇچى بار. ئۇ مەكتەپ ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەيدۇ. بۇ قىزنىڭ بەزىبىر قىلىقلىرى دەسلەپتە ماڭا ئانچە ياقمىدى، ئۇ ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلغان كۈنلىرى ھەربىر ئىتتىپاق ئەزاسىنى

www.uyghurkitap.com

بىر-بىرلەپ چاقىرىپ كېلىدىكەن. ھەممە ئىتتىپاق ئەزاسىنى خۇددى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدەك باشقۇرىدىكەن. ئۇ قىزنىڭ ئىسمى گۈلگىنە، تەقى-تۇرقىنى سورىساڭ بىر كۆرگەن شەھەر قىزلىرىغا يېتەلمەيدۇ. قارىماققا توگدەك كۆرۈنىدۇ. ئازۋاقىتتىن كېيىن بۇ تەسىراتتىن قانداقلارچە يالتايغىنىڭنى ئۆزۈڭمۇ تۇيماي قالىسەن. مەنمۇ بۇرۇن شۇنداق تەسىراتتا بولغان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆزگىچە بىر خىل تەبىئىي گۈزەللىك يوشۇرۇنغان. گۈلگىنە ھەقىقەتەن گېپى ئوچۇق، چىقىشقاق، قۇۋلۇق ۋە ياسالمىلىقنى بىلمەيدىغان ھەقىقىي سەھرا قىزى. مەن كېيىنچەرەك مەكتەپتە بۇ قىزنى ياقتۇرمايدىغان، ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغانلارنىمۇ ئۇچراتتىم. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئالدىلىق بېغىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇراتتىم. مەندىن سەل نېرىراقتا مەكتەپنىڭ بۇرۇنقى مۇدىرى پازىل ئاكا گېزىت كۆرۈۋاتاتتى. بىر كەمدە گۈلگىنە يېنىمغا كەلدى.

— قادىر، بۈگۈن ئىتتىپاق تۇرمۇشى كۈنىغۇ؟ ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ھازىر باراي، — دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

— چاققان بولۇڭ، ھەممەيلەن سىزگە قاراپ قالدى، — ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپلا ماڭدى.

كىتابنى يېپىپ ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا پازىلكام يېنىمغا كەلدى.

— ھە قادىر ئۇكا، نېمە گەپ؟ — دېدى ئۇ گۈلگىنەنىڭ كەينىدىن قاراپ قويۇپ بوش ئاۋازدا.

— ھېچنېمە، بۈگۈن ئىتتىپاق ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش كۈنى ئىدى، ئۆگىنىش قىلاتتۇق، چاقىرغىلى كەپتۇ.

— ھە، شۇ ئىشمىدى، ۋارقىراپلا كەتتىڭغۇ؟!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولدى.

— ياق، ۋارقىرىغىنى يوققۇ، — دېدىم مەن ئوڭايسىزلىنىپ.

— بۇ قىز بارغۇ، سىنى ئەمەس، مەن-مەن دېگەن پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ كۆزىگە ئىلمايدۇ. تولىمۇ ئۆزۈمچىل قىز. سەن بىلمەيسەن، كەلگىنىگە ئىككى، ئۈچ يىل بولا-بولمايلا مانا پۈتۈن مەكتەپنى بېشىغا كىيەي دېدى. ئۇ يوق چاغدا مەكتەپنىڭ ئىشى ھېچبىر ئاقساپ قالمىغان. توۋا دەيمەن. بۇرۇن بىزمۇ ئىشلىگەن، بىزمۇ دەرس بەرگەن، بۇنچىلا ئەمەس ئىدۇق... چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشتا يوق، ھە دېسىلا ئۇلارغا ئەقىل ئۆگەتكەن. «شىنجاڭ مائارىپى» ژۇرنىلىدا بىر نەچچە ماقالىسى ئېلان قىلىنىپتۇدى، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ياشلار دېگەن كەمتەر بولىدىغان، بىزنىڭمۇ ياشلىق چاغلىرىمىز بولغان-دە، سىلەردەك چوڭراق مەكتەپلەردە ئوقۇغان بولسىكەن، ئۇنىڭ يولى باشقىچە ئىدى. يوغان گەپ قىلامدۇ، نېمە قىلسا بولىۋېرەتتى. لېكىن، ئۇ ئارانلا دارىلمۇئەللىمىننى پۈتتۈرگەن. ئاشۇ سەۋىيەسى بىلەن بۇنداق تايتاڭلاپ كەتسە خەق كۆتۈرمەيدۇ-دە، سىز ئۇنداق ئەمەس، بىر ھېسابتىنغۇ بۇمۇ ياخشى، كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ ئەمەسمۇ...

بۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرىگە تاقەت قىلالماي قالدىم. ئۇنىڭ گۈلگىنەنى بىكاردىن-بىكار

قارىلاشلىرى ئوغامنى قايناتتى. گەرچە مەن گۈلگىنەگە ئانچىۋالا ۋاي دەپ كېتىدىغانلاردىن بولمىسامۇ، ئۇنىڭدا مەندە يوق ئارتۇقچىلارنىڭ بارلىقىغا قول قويىمەن. بۇنىڭغا كۆز يۇممايمەن. پازىلكامنىڭ «سىز تولىمۇ كەمتەر» دېگىنىگە غۇژژىدە ئاچچىقىم كەلدى. چۈنكى، مەن بىر كىمنىڭ كۆزۈمچىلا مېنى «سىز كەمتەر» دېيىشىنى تولىمۇ يامان كۆرىمەن. بۇ ساڭا مەلۇم، ئۆزۈمنىڭ كەمتەرلىكىمنى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلغان بەندە ئەمەسمەن. كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا يېتەكلەيدۇ، بۇ قېتىپ قالغان قۇرۇق گەپ. ئارتۇقچە كەمتەرلىك بەزىدە ئادەمنىڭ قولىغا كويزا، پۇتىغا ئىشكەل بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق ئادەملەر تولىمۇ جۈرئەتسىز، قورقۇنچاق كېلىدۇ. كىچىككىنە، ئاددىيتىنكى ئىشلاردىمۇ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالىدۇ. سەن بۇ قارىشىمغا ئەزەلدىن قارشى تۇرۇپ كەلگەنىدىڭ. لېكىن، مەن يەنىلا شۇنداق دەپ قارايمەن...

ئاداش، گەپنى تولا قىلىپ، ۋاقتىڭنى ئېلىپ قويدۇم، كەچۈرگىن. ئەمدى ئامال بار قىسقارتىپ يازىمەن.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى قەلبىمدە يوشۇرۇن بىر خىل ئۇچقۇن پەيدا بولدى ۋە ئۇ ئاستا ـ ئاستا كۈچەيدى. بۇ ئۇچقۇن كېيىنكى كۈنلەردە ۋۇجۇدۇمدا ئاللىقاچان مۇز بولۇپ توڭلىغان سۆيگۈنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا جان بەردى. مەن يېڭى ئۈمىدكە ئىگە بولدۇم. ئۈمىد كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرىدىكەن. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، مۇرات، مەن خىزمەتدىشىم گۈلگىنەنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىڭدا قانچىلىك دەرىجىدە غەزەپلىنىدىغانلىقىڭ، قانچىلىك ئاغرىنىدىغانلىقىڭ ماڭا ئايان، لېكىن، سەۋرى قىل، يېنىكلىك قىلىپ خەتنىڭ ئاخىرىنى يىرتىپ تاشلاشتىن ساقلان، كېيىن چۈشىنىپ قالىسەن.

ئاشۇ كۈنلەردە مەن گۈلگىنەگە بولغان ھېسسىياتىمنى بېسىشقا، كىشىلەردىن ئۇنى خۇپىيانە تۇتۇشقا تىرىشتىم. چۈنكى، مەن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر ئىدىم. گۈلگىنە تەكەببۇر، غۇرۇرى كۈچلۈك قىز ئىدى. گەرچە مەن ئۇنىڭ لايىقى يوقلۇقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسامۇ، ئۇنىڭغا ھېسسىياتىمنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىزھار قىلىشقا ئاجىز ئىدىم. مەن بىر يىلدىن بۇيان ھاراققا تولىراق بېرىلىپ «قادىر پىيەنچۈك» دەپ ئاتىلىپ قالدىم. يېزىدىكىلەر داشۆدە ئوقۇغان ئادەم قادىردەك بولىدىغان بولسا، بولدى، باللىرىمىزنى داشۆگە ئەۋەتمەيمىز، دېيىشتى. بۇ گەپ ـ سۆزلەرنى گۈلگىنەنىڭ قۇلىقىغا يەتمەيدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ يەنە بىر تەرەپتىن، گۈلگىنە سەلىمە بىلەن بولغان خەت ئالاقەمدىن تولۇق خەۋەردار. شۇڭا ئۇنىڭ ھېسسىياتىمنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇ كۈنلەردە مەن بۇزۇلغان، پۈتۈنلەي كاردىن چىققان ئادەم ئىدىم. مۇشۇنداق ئادەمنى بىر پاك، ئىپپەتلىك قىز، غايە ۋە ئارزۇلار قوينىدا بەختلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈۋاتقان بىر قىز قانداقمۇ ياخشى كۆرەلىسۇن، قانداقمۇ ئوتلۇق مۇھەببىتى بىلەن كېلىپ سۆيەلىسۇن؟! بۇ ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس... مەن ئاشۇلارنى ئويلاپ، كۆپ قېتىم يوتقانغا مەھكەم پۈركىنىپ كېچىنى تاڭغا ئۇلىدىم. شۇندىن كېيىن مەن گۈلگىنەدىن بىر مەزگىل ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، ئۇنى كۆڭلۈمدىن پۈتۈنلەي چىقىرىۋېتىشكە، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن، مىجەزى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىدىن ماڭا كۆرۈنمەي قالغان، ماڭا تېخى ئايان بولمىغان نۇقسانلىرىنى تېپىپ، ئۇنى ئامال بار

ياماﻥ كۆرۈشكە ئۇرۇنىدۇم. لېكىن، بۇ مۇمكىن بولمىدى. ئىنساننىڭ تەبىئىتى بۇنىڭغا يول قويمايدىكەن. ئۇنىڭغا قارىغانسېرى، ئۇ ھەقتە قانچە كۆپ ئويلىغانسېرى گۈلگىنە كۆز ئالدىمدا تېخىمۇ گۈزەل ۋە تەڭداشسىز بىر شەخسكە ئايلىنىپ، مېنى تېخىمۇ زور بىر ئوتلۇق سېھرىي كۈچ بىلەن ئۆزىگە مەھكەم باغلاپ، رام قىلىۋالدى. شۇندىمۇ ئىچكى ھېسسىياتىمنى گۈلگىنەدىن ئامالنىڭ بارىچە يوشۇرۇشقا تىرىشتىم. ئاخىرقى ھېسابتا بۇنىڭ قىلچىلىك پايدىسى بولمىدى. بۇنى گۈلگىنە سېزىپ قالدى. قەلبىمدىكى يوشۇرۇن سىرنى بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزۈم ئۆزىدىن چاچرىغان غايىبانە ئۇچقۇنلار ئارقىلىق گۈلگىنەگە ئاللىقاچان ئاشكارىلاپ بولغانىكەن. بۇنى مەن گۈلگىنەنىڭ سىنچى كۆزلىرىدىن بىلدىم. شۇندىن كېيىن گۈلگىنە مەندىن ئۆزىنى ئەپقېچىپ يۈرىدىغان، ئىشخانىدا يالغۇز قالغانلىقىمىزنى كۆرسە، بىر ئىشنى باھانە قىلىپ ئاستا چىقىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن مەن بەكمۇ ئازابلاندىم. كېيىن كۆڭلۈمدىكى بۇ ئازابنى يەنىلا كونا دوستۇم ـ ھاراق ئارقىلىق بېسىشقا ئۇرۇندۇم. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بىزنىڭ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان شەھەرلىك مەردان دېگەن بالىنىڭ كېلىشى بىلەن ئەنسىزچىلىك ئىچىدىلا قالدىم. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپلا تەپ تارتماستىن گۈلگىنەگە قانات سۆرىگىلى تۇردى. گۈلگىنەمۇ ئۇنىڭغا ئوچۇق مۇئامىلە قىلاتتى. گەرچە گۈلگىنە بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت مەۋجۇت ئەمەس بولسىمۇ، ئۇ خۇددى ماڭىلا ئوچۇق چىراي ئېچىشى، ماڭىلا تەۋە بولۇشى كېرەكتەك، ئۇلارنىڭ يېقىنچىلىقىغا ئىچىم تارلىق قىلغۇم كېلەتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەردان ئىككىمىز مەكتەپنىڭ بېغىدا پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ دەسلەپ قىز-ئوغۇللار مۇناسىۋىتى توغرىسىدا گەپ ساتقىلى تۇردى، كېيىن ماڭا كۆيۈنگەن ھالدا ئوچۇقتىن-ئوچۇق:

— قادىركا، نېمىشقا تېخىچە توي قىلمايسەن؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ۋاقتى-سائىتى بار. ھازىر قىزىقمايدىكەنمەن، — دېدىم مەن.

— ماڭاۋاي! ساقال بىر يەرگە بارغاندىمۇ، قىزىقمايدىكەنمەن دېگىنىڭ ئېمىسى؟ بۇ زېرىكىشلىك سەھرادا قانداقمۇ يالغۇز ئۆتكىلى بولسۇن؟!

— مەن شۇنداق ئۆگىنىپ قاپتىمەن.

— مەن شەھەردە بىرەر ئورۇنغا ئېرىشىۋالغان بولسام، بۇ يەردىلا چېكىپ تۇرۇپ بىر قىز تاپاتتىم-دە، گاچچىدە توي قىلىۋالاتتۇق. لېكىن، بىز مەكتەپ پۈتتۈرگەندە تەلەي كاج كېلىپ، تەقدىر ماڭا مۇشۇنداق ئاتا-ئانام كۆرمىگەن بىر يەرگە ئەكېلىپ تاشلىدى. بولمىسا بۇ خۇدا ئۇرغان سەھراغا ئۆلۈكۈممۇ چىقمىغان بولاتتى.

— ئەمىسە ئامالىنى قىلىپ چىقمىساڭ بولمامدۇ؟ — ئۇنىڭ گەپلىرىدىن قورسىقىم كۆپۈشكە باشلىغانىدى.

— ئامال قانچە؟ قايسى قاپاقباش ئەرباپنىڭ تاپقان ئەقلىكىن بۇ، ھەممىمىزنى تۆۋەنگە ھەيدىدى...

خۇدايىمنىڭ مۇشۇنداق گېپى تۈگىمەيدىغان كاسكىلارنى گاچا قىلىۋەتمەي، تىل

بەرگىنىگە قاتتىق ئىچىندىم. ئۇنىڭ ھەر بىر ئىغىز سۆزى قۇلىقىمغا مۇشت ئۇرغاندەك تۇيۇلغىلى تۇردى.

— قارا قادىركا، ساڭا بىر مەسلىھەتىم بار ئىدى، — ئۇ يېنىمغا سىغداپ كىلىپ ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — بۇ يەردە زېرىكىپ ئىت بولاي دېدىم. شەھەردە ئەر-كىن ئۆسكەن باللارغا سەھرا قاملاشمايدىكەن. زېرىكىشنى باسىدىغان بىرەر ئەمەك بول-سىدى، كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ يۈرسەم. قادىركا، شەھەرگە يۆتكەلگىچە گۈلگىنەگە بىر گەپ قىلىپ باقاي دەيمەن. سەن ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزاق بىللە ئىشلىدىڭ، قانداق؟ گۈلگىنە ئىندەككە كېلەرمۇ؟

— بولدىلا ئۇكا، كۆڭلۈڭنىڭ ئارامى بولمىغاندا قاملاشمىغان گەپنى قىلىۋېرىدىكەن-سەن، — مەن ئورنىمدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالدىم.

شۇ كۈندىن باشلاپ گۈلگىنەدىن ۋايىم يەيدىغان بولۇپ قالدىم. مەردان بىر كۈنى بول-مىسا بىر كۈنى گۈلگىنەنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى تۇگىمەس داغدا قالدۇرۇپ، شەھەرگە يۆتكىلىپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى.

ئاداش، بۇلارنى ئويلىغىنىمدا ئازابلىنىپ، ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. سەن يېنىمدا بولساڭ ئوبدان مەسلىھەت بېرەتتىڭ.

ماقۇل ئاداش، ۋاقتىڭنى ئېلىۋەرمەي، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دەرسىم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىشخانىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىككىنىمدىن، سېنى ئەسلەپ بۇ خەتنى يازدىم، خەتنى يېزىۋېتىپ قىزىپ كەتكەن ئوخشايمەن، قەلبىمدىكى سىرنى ساڭا ئاشكارىلى-ۋەتكىنىمنى ئۇقماي قاپتىمەن. خەتنى يېزىپ بولغاندا ئۇنى بىر قۇر ئوقۇپ كۆرۈپ بوپتۇلا دەپ ئۆزگەرتىشنى خالىمىدىم. خاتا كەتكەن يەرلىرى بولسا تۈزىتىپ ئوقارسەن.

خەير-خوش، خېتىڭنى كۈتۈپ ئاغىنەڭ قادىردىن.»

## 4 - باب

مانا ئالدىمدا قادىردىن كەلگەن يەنە بىر پارچە خەت تۇرۇپتۇ، ئۇ خەتنى مۇن-داق باشلىغانىدى:

«مۇرات، ياخشىمۇ سەن ئاداش؟ يېقىندا يازغان خېتىڭنى ئوقۇپ ھەيران قالدىم. نېمە بولۇپ كەتتىڭ ئاداش؟ بۇ قېتىمقى خېتىڭ باشتىن ئاخىر چىن مۇھەببەت؛ ۋىجدان، دوستلۇق، ۋاپا، كىشىلىك تۇرمۇش، كەسىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەت توغرىسى-دىكى پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن تولۇپ كېتىپتىغۇ؟ قانداق ئاداش، ئەمدى تەھرىر-لىك خىزمىتىڭنى تاشلاپ، پەيلاسوپ بولاي دەۋاتامسەن-يە؟ خېتىڭنىڭ نەچچە يېرىدە مېنى ۋىجدانسىز، دەپ تىلغا ئاپسەن. بۇلاردىن خاپا بولمىدىم. شۇنداق ئۇچۇق كۆ-ڭۈللۈك بىلەن تەنبىھ بەرگىنىڭگە رەھمەت دېسەم بولىدۇ. شۇنداق دېيىشەلىگەنلىكىمىز ئۈچۈن بىز چىن دوست، ھەقىقىي ئاغىنە-دە.

ئاداش، بىر كىم بىلەن خەت يېزىشىپ تۇرۇشىمۇ بىر خىل كۆڭۈللۈك، ئوبدان

www.uyghurkitap.com

ئىشكەن. ئىچ سىرىمنى ئۇچۇق ئاشكارا ئېيتالايدىغان سەن بولمىغان بولساڭ قانداقمۇ قىلاتتىمكىن تاڭ؟ ساڭا خەت يېزىش ئۈچۈن قولغا قەلەم ئالساملا ساڭا قىلىدىغان گەپلىرىم تۈگىمەيدىغاندەك قەلەمنى توختىتالمايمەن. يېقىندا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى. كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن ئادىتىم بويىچە بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ، يېزىمىزنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئۆرۈكلۈك باغقا باردىم. بۇ باغدىكى ئۆرۈكلەرنى ئۆز ۋاقتىدا كىملەر قويۇۋىدىكىن ئۇلار پۈتۈنلەي ئاچچىق ئۆرۈكلەر ئىدى. يېزىلىقلار ئۆرۈك پىشىشقىدا بوياقلارغا ئۆتۈپ، ياغ تارتىش ئۈچۈنلا ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ ئۈچكىلىرىنى يىغىۋالاتتى. باغقا كىردىم. باغدا مەندىن بۆلەك ئىنسى ـ جىن كۆرۈنمەيدۇ. كۈز ئايلىرى بولغاچقا، ئۆرۈك يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ سارغىيىشقا باشلىغانىدى. مەن ئادەتتىكى ئورنۇم — قېرى ئۆرۈك كۆتىكى يېنىغا كەلدىم. كۆتەك ئۈستىگە ھاراق بىلەن تۆت تال ئالما، بىر قاپ تاماكىنى قويۇپ، سارغايغان خازان ئۈستىدىلا ئولتۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن ئالما، تاماكىنى زاكۇسكا قىلىپ ئىچىش باشلاندى. مەن ئادەتتە رومكا ئىشلەتمەيتتىم، ھاراق گېلىمنى ئاچچىق كۆيدۈرۈپ، بىردەمدىلا كۈچىنى كۆرسىتىپ بېشىمغا چىقتى، شۇنىڭ بىلەن يۈرەكتىكى ئازاب كۆتۈرۈلگەندەك، كاللامدىكى ئاخىرى چىقماس گادىرماش خىياللار نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتكەندەك بىلىندى. يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم. ھاراقنىڭ كەيپى بىلەن باغنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى پەسلىكتە بىر خىل رىتىم بىلەن شارقىراۋاتقان دەريا شاۋقۇنىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. دەريا تەرەپتىن چىققان مۇزدەك كۈز شامىلى يۈزۈمگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بوتۇلكىدىكى ھاراقمۇ يېرىملاپ قالدى. ئارىلىقتا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر كەمدە كەينى تەرىپىمدىن ئەپكەشنىڭ بوش غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقامغا ئۆرۈلدۈم، باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تار يولدا گۈلگىنە ئەپكەش كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. يول مەندىن تۆت قەدەم نېرىدىكى يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ بولغان قېرى ئاق ئالما يېنىدىن ئۆتەتتى. ھاراقنىڭ كەيپىدىن پەيدا بولغان غەيرەت بىلەن گۈلگىنەگە گەپ قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتتۈم. بىزنىڭ بۇ باغدا تۇنجى رەت ئۇچرىشىشىمىز بولسىمۇ، بۇ يەر مېنىڭ كونا ماكانىمغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. گۈلگىنە بىردە بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ، بىردە يەرگە قاراپ يېقىنلاپ كەلدى.

— سۇغا ماڭدىڭىزمۇ گۈلگىنە؟ — بۇ سۆزلەرنى قىلغىنىمدا نېمە ئۈچۈندۇر ئاۋازىم تىترەپ كەتتى.

گۈلگىنەنى ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە توختايدىغۇ، دېگەنىدىم. لېكىن ئۇ ئەپكەشنى بىر مۈرىسىدىن يەنە بىر مۈرىسىگە يۆتكەپ، ئالدىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

— ھەئە، سىزچۇ؟ ھاراق ئىچىۋاتامسىز؟ كۆپرەك ئىچىڭ، پايدا تاپىسىز، — دېدى.

— توختاڭا گۈلگىنە، سىزگە گېپىم بار.

— گېپىڭىزنى ھارىقىڭىزغا ئېيتىڭ.

— ھاراق ئاڭلاپ زېرىكتى.

ئۇ كەينىگىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن — تاكى تۆۋەنگە

پەسلەپ قارىسى كۆزدىن يۈتكۈچە قاراپ ئولتۇردۇم. يەنە جىملىق، يالغۇزلۇق باشلاندى. هاراقتىن يەنە بىر نەچچە يۇتۇم ئىچتىم. كېيىن كەيپچىلىكتە ئېزىلىپ قانچىلىك ئولتۇردۇمكىن، بىر كەمدە قۇلاق تۈۋىمدىلا بىر كىمنىڭ تەنىلىك كۈلكىسى ئاڭلاندى.

— ۋىيەي! بىچارىنىڭ ئۈستىگە تاغ يۈكلەنگەندەك ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى...

ئاستا بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدىم. گۈلگىنە ئاق ئالما يېنىدا لىپمۇ لىق سۇ تولغان چېلەكنى قويۇپ، پېشانىسىدىكى تەپچىرەپ تۇرغان تەر دانىچىلىرىنى چىرايلىق قاتلانغان قول ياغلىقىدا ئېرتقاچ، ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى. هاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ۋە ياكى يىراقتىكى تاغ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىنىڭ سېھرىي كۈچىدىنمۇ، بىلمىدىم، گۈلگىنە كۆزۈمگە تولىمۇ ئىسسىق، ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. يۈرىكىم شۇ دەقىقىدە نېمە ئۈچۈندۇر ئۆزگىچە بىر خىل رىتىم بىلەن سوقۇپ، پۇت ـ قولۇم بوشىشىپ كەتتى.

— نېمە بولدىڭىز قادىر؟ بېشىڭىز يەرگە تېگەيلا دەپ قاپتۇ، سەجدە قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ كۈلكە ئارىلاش.

— سىز...گە...مۇ...نى...نېمە...بولدى؟ بۇ...بۇ...يەردە... توختاپ...قاپسىز...غۇ؟

— سىزگە ئىچىم ئاغرىدى قادىر، نېمە بار بۇ يەردە؟ كۈندە مۇشۇنداق هاراق ئىچىپ ئولتۇرامسىز. جېنىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسا بولمامدۇ؟

ئاداش، هاراق دېگەنمۇ كارامەت نەرسە ـ دە، مانا شۇ كۈنى گۈلگىنەنىڭ «ئىچىم ئاغرىدى سىزگە» دېگەن سۆزى بىلەن ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، كىچىك بالىدەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. دېمىسىمۇ يۇرتۇمغا كېلىپ، شۇ كەمگىچە بىرەر كىشى ماڭا «ئىچىم ئاغرىدى» دېگەندەك بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ باقمىغانىدى. قانچىلىك يىغلىدىمكىن، گۈلگىنەنىڭمۇ يىغامىغا قاراپ، يۈرىكى ئېزىلىپتۇ. ئۇ ئاخىرى يېنىمغا كەلدى.

— بولدى يىغلىماڭ! يىغلاۋېرەمسىز چوپچوڭ تۇرۇپ، — دەپ خۇددى كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك كۆڭلۈمنى ياساشقا باشلىدى.

ئاداش، ساڭا مەلۇم، سەن مېنى چۈشىنىسەن. ئىچ ـ سىرىمنى ساڭا بۇرۇن ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتىپ بەرگەنىدىم. ئەقلىمنى بىلگەندىن تارتىپ كۆزۈمنىڭ سۈيىنى ئېقىتقىنىمنى زادى ئۇقمايمەن. بالىلىق چاغلىرىمدىن باشلاپ جاپالىق تۇرمۇشتا كۆڭلۈم سۇنۇق چوڭ بولغانلىقىم ئۈچۈنمىكىن، نى ـ نى ئېغىرچىلىقلارغىمۇ بەرداشلىق بېرىپ، چىشىمنى چىڭ چىشلەپ ئۆتۈپ كېتىۋېرەتتىم، بۇ قېتىم نېمە بولدۇم؟ بۇ قىزغا نېمە دەپ يىغلاپ بېرىمەن؟ دەپ قانچە قىلساممۇ ئۆزۈمنى هېچ باسالمىدىم.

— يولدى قىلىڭ! — دەپ ۋارقىرىدى گۈلگىنە بىر پەستىن كېيىن باشقىچە قوپال ئاۋاز بىلەن، — تۆت ـ بەش يىلدىن بۇيان بۇ يەرگە كۆنەلمىگۈدەك بولۇپ قالغان بولسىڭىز، كېتىڭ! تېزدىن سەلىمەگە خەت يېزىڭ، شۇ قىز سىزنى بۇ يەردىن قۇتقۇزالايدۇ... تېزرەك بۇ يەردىن يوقىلىڭ، بىز سىزنى چىللاپ ئەكەلمىگەن...

بۇ ئاچچىق گەپلەرنى ئاڭلاپ يىغىدىن چىپلا توختىدىم. گۈلگىنە ئەپكەشنى غىچىرلاتقىنىچە باغنىڭ سىرتىغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن:

— گۈلگىنە بىر دەم تۇرۇڭا، — دەپ ۋارقىرىدىم. ئەمما ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ چىققان بۇ ئاۋازىم باغئىچىدىكى جىمجىت ئىچىدە سىڭىپ كەتتى. رەللىچىلىكتە ئۈزۈمنى بىلمىگەن ھالدا بوتۇلكىغا قول ئۇزىتىۋىدىم، نېمە بولدىكىن تىترەپ تۇرغان قولۇم بوتۇلكىنى تۇتالمىدىمۇ، ئۇ كۆتەك ئۈستىدىن يەرگە دومىلىغىنىچە چۈشۈپ كەتتى. كېيىن خازان ئۈستىگە بوتۇلكىدىن بۇلۇق-بۇلۇق قىلىپ تۆكۈلۈۋاتقان ھاراققا قارىغانچە ئۇخلاپ قاپتىمەن...

ئاشۇ كېچە ماڭا قاتتىق شامال تەگكەن ئوخشايدۇ. ئۈچ-تۆت كۈن خىزمەتكە چىقالماي، ئۆيدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم. شۇ بىرنەچچە كۈنلۈك ئاغرىق مېنى خېلىلا ھالىمدىن كەتكۈزدى، ئورۇقلىدىم. كۆزلىرىم ئولتۇرۇشۇپ، ئىككى ياڭىقىم پولتىيىپ چىقتى. قىسقىسى، ئاغرىق ئازابى مېنى باشقىچىلا بىر قادىرغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ئانا دېگەن يەنىلا ئانىلىقىنى قىلىدۇ-دە، ئاشۇ كۈنلەردە ئانام يېنىمدىن ھېچ نېرى بولمىدى. خۇدايىم شىپالىق بېرەر بالام، دەپ ماڭا يېگۈزمىگەن دورىسى، ئىچكۈزمىگەن دېمىدە سۈيى قالمىدى. تۆتىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن قىزىتمام سەل يېنىپ، بەدىنىم يېنىكلەپ قالغاندەك بىلىندى. تالا-تۈزگە چىقىپ كىردىم. بۇنىڭدىن ئانام خۇشال بولۇپ كەتتى. كۆڭلۈم سۈيۈق-سىلەك بىر نەرسىگە تارتقاندەك قىلىۋىدى، ئانام بۇنى بىلىپ، ئاچچىق-چۈچۈك سۈيۇقئاشقا تۇتۇش قىلدى. مەن يېنىمغا يىغىپ قويۇلغان ئورنىمغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتىم، بىر كەمدە ئۆيگە يەردىن ئۈنگەندەكلا گۈلگىنە كىرىپ كەلدى.

— ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ قادىر؟ — دېدى ئۇ ئېسەنلىك سوراشقاچ قولىدىكى بولاقنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇۋېتىپ.

ئۇنىڭ چىرايىدا ھېلىقى كۈندىكى خاپىلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ھەئە، بۈگۈن خېلى ياخشى، — دەپ ئورنىمدىن ئاستا تۇردۇم.

ئانام گۈلگىنەنىڭ ئۆيىمىزگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشلۇقىدىن پايىپېتەك بولۇپ كەتتى. ئۇ:

— قارىمامسىز ئۇكام، بىچارىنىڭ ھېچ ھالى يوق، مەكتەپكىمۇ چىقالمايۋاتىدۇ. تەشكىل نېمە دەپ قېلىۋاتىدىكىن. ئۇنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قورقۇپ، يۈرىكىمىز سۇ بولۇپ كەتتى، — دەپ ھالىنى ئېيتىپ، كۆز يېشى قىلدى.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا ھەدە، تەشكىل نېمە دەيتتى، — دېدى گۈلگىنە ئانامنىڭ قولىنى تۇتۇپ تەسەللىي بېرىپ، — قادىر كەلگەندىن بۇيان يامان ئەمەس ئىشلەۋاتىدۇ، ئادەم دېگەن ئاغرىمامدۇ؟

— رەھمەت ئۇكام، شۇنچىلىك دېگىنىڭىزگە، — دېدى ئانام كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ، — بالامنى ھەممە ئادەم سىزگە ئوخشاش قادىر ياخشى بالا بولدى، دېسە نېمە بولۇپ كېتەتتىمكىن تاڭ؟! كېچىلىرى خۇدايىمدىنمۇ تىلەپ كېتىمەن، ئۆزىمۇ بۇرۇن بىر ئوبدان چوڭ بولغانىدى. ھاراق دېگەن نەرسىنىمۇ ئېغىزغا ئالمايتتى. نېمە بولدى؟ مەكتەپنى تۈگىتىپ باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ كەپتۇ.

— ئاپا! بولدى قىلساڭچۇ، — گۈلگىنەنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ ۋارقىرىدىم.

— ماقۇل بالام، ماقۇل، — دېدى ئانام ئورنىدىن تۇرۇپ، — ۋىسىيەي، قۇرۇقلا ئولتۇرۇپ كەتكىنىمىزنى قارىمامدىغان، — دەپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

ئانام چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، بىز بىر دەم نېمە دېيىشىمىزنى بىلمەي جىم بولۇپ قالدۇق. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن مەن:

— ئاۋۇ كۈنى سىزنى كەيپچىلىكتە خاپا قىلىپ قويۇپتىمەن، شۇندىن باشلاپ سىزنى ئەمدى ماڭا تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ، قارىمايدۇ، دەپ قورققانىدىم، — دېدىم.

— قاچان مەن سىزگە ئۆچلۈك قىلغان؟ — دېدى گۈلگىنە قول ياغلىقىنى تىزى ئۈستىگە قويۇپ قاتلىغاچ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆزىڭىزنىڭ ئوقۇرى ئۈستۈن. بۇ سەھرالىققا نېمىدەپ چىراي ئاچاي، بولدىلا، دەپ يېقىنلاشمايسىز. مەنمۇ شۇ كۈنى خۇددى سىزگە ئوخشاش ئويلىغان. قادىرنى خاپا قىلىپ قويدۇم، ئەمدى ئۇ قاپىقىنى ئاچمايدۇ، گەپ قىلمايدۇ، دەپ...

— گۈلگىنە خاپا بولمىسىڭىز، مەن سىزگە بىر گەپنى دېمەكچى ئىدىم.

— ھە نېمە گەپتى ئۇ؟ دەڭ! — دېدى گۈلگىنە ماڭا لاپپىدە قاراپ.

— مەردان ئىشلەۋاتامدۇ؟

— ئىشلەۋاتىدۇ.

— مەرداننىڭ سىزگە ئازراق كېپى بار ئىكەندۇق. ئۆزىغۇ ئوبدان بالا، شەھەرلىك...

— شۇ گەپمىدى؟ مەن تېخى نېمە گەپكىن دەپتىمەن. سىز ماڭا بۇ گەپلەرنى نېمىشقا قىلىسىز؟ ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن گېپى بولسا ئۆزى كېلىپ قىلسۇن.

گېپى بولسا ئۆزى كېلىپ قىلسۇن، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى. ئارىنى جىملىق باستى. ئۇنى يەنە چوڭقۇرلاپ سىناپ باقماقچى بولدۇم.

— كەچتە ۋاقتىڭىز چىقامدۇ؟

— ئاخشاملىقىمۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزۈمگە قاراپ، — تېلېۋىزور كۆرەتتىم. سىزمۇ بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭ، تېلېۋىزور كۆرگەچ پاراڭلىشىمىز، سىزگە جىق گەپلىرىم بار. تونۇشقىلىمۇ بىر يىلدىن ئېشىپ قالدى. مەنمۇ سىزنى بۇرۇندىنلا تونۇيتتىم. ھەر قېتىمقى يازلىق تەتىلدە كەلگىنىڭىزدە كۆرۈپ قالاتتىم. سىزنىڭ مەكتىپىمىزگە كېلىدىغىنىڭىزنى ئاڭلاپ، قادىر يۇرتىنى ئۇنۇتماپتۇ، دەپ خۇش بولغانىدىم، لېكىن، سىز كېلىپ ئىككى كۈندىن كېيىن خۇشاللىقىم سۇغا چىلاشتى. كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، شۇ چاغدا مەن سىزدىن تازىمۇ بىر مۆرىمەس نەرسىكەنغۇ؟ داشۆدە نېمە ئوقۇغاندۇ؟ دەپ خاپا بولغانىدىم. كېيىن سىزگە راستىنلا ئۆچ بولۇپ قالدىم. مېنىڭ بىر يامان ئادىتىم بار. يېڭى تونۇشقان ئادەمگە بىر قاراپلا باھا بېرىمەن. كېيىن شۇ باھايىم بويىچە مۇئامىلە قىلىمەن. كۆپ ھاللاردا مېنىڭ بۇ قارىشىم توغرا چىقىدۇ. كەچتە بېرىڭ، ھە؟

— بارمىسام بولارمىكىن، ئادەم ئوڭايسىزلىنىپ قالىدىكەن...

— نېمىدىن تارتىنىسىز؟ ئانىملار شەھەرگە كىرىپ كەتكەن، ئۆيدە ئۇكىلىرىم بار.

— مەرداننىڭ ياتىقىغا بېرىپ ئولتۇرساقچۇ؟ — دېدىم مەقسەتلىك ھالدا مەرداننىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ.

www.uyghurkitap.com

— مەردانمۇ كەچتە سىلەرنىڭ ئۆيگە بىرىپ تېلېۋىزور كۆرىمەن، دېگەنىدى. ئۇمۇ جارىدۇ.

مەردانىنىڭمۇ بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەسسىدە بوشىشىپ كەتتىم. مەردان بار سورۇنغا بىرىشقا كۆڭلۈم پەقەت ئۇنىمىدى.

— بولدىلا گۈلگىنە مەن بارماي، كەچتە مەھەللىنىڭ سىرتلىرىنى ئايلانغۇم بار. سىزمۇ چىقسىڭىز ئوبدان بولاتتى.

— مەن چىقالمايمەن، ئۇكىلىرىم يالغۇز قالسا قورقىدۇ. بىرىپ تېلېۋىزور كۆرسىڭىز بولمامدۇ؟ ئازراق ياخشى بولۇپ قاپتىكەنسىز، يەنە باغنى سېغىنىۋاتامسىز؟

— ئۇمۇ بار.

— مەن شۇنچە گەپ قىلسام ئۇنىمايۋاتىسىز. ئېيتىپ قوياي قادىر، ئاشۇ باغدا بۇندىن كېيىن ھاراق ئىچكىنىڭىزنى كۆرسەم يۈزىڭىزگە زادىلا قارىمايمەن، — گۈلگىنە شۇنداق دەپلا زەردە بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئاچچىقى كەلگەنىدى.

— ئۇنداق بولسا ئىككىمىز ئالدى بىلەن باغقا بىرىپ، ئاندىن...

— ياق! — ئۇ سۆزۈمنى چورتلا كېسىۋەتتى.

— ئۇنداقتا، مەن باغقا باراي.

— بوپتۇ بىرىڭ، ئىچىڭ، مەن كەتتىم، خوش.

گۈلگىنە ئىتتىك قەدەم بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— ۋوي، ئۇكام گۈلگىنە، ئاش تەييار بولدى. بىر قوشۇق بولسىمۇ ئېغىز تېگىپ مېڭىڭ، — ئانام گۈلگىنەنى دەرۋازا ئالدىدا توسۇۋېلىپ، ماڭا ۋارقىرىدى — قادىر، قېنى سەن، گۈلگىنە ماڭىمەن، دەيدۇ!

ئۆي ئىچىدە ئۇنۇمنى چىقارماي جىم ئولتۇرۇۋالدىم. گۈلگىنەنىڭ ئانامغا ئۆزرەخاھلىق قىلىپ ئېيتقان سۆزلىرى ئاڭلاندى.

— بولدى، پەزىلەت ھەدە، ئىشىم بار ئىدى، كېيىن كېلىمەن.

— مۇشۇنداق قورۇقلا ماڭامسىز، تازىمۇ سەت بولدى، يەكشەنبە بولغاندىكەن ئولتۇرسىڭىز بولاتتى. كۈن تېخى ئەتتىگەنغۇ؟

— خوش ھەدە، بولدى تۇرۇپ قىلىڭ.

ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدىم، دەرۋازىدا گۈلگىنەنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. قىزىق ئىش، گۈلگىنەنى قاچۇرۇپ قويغاندىن كېيىن تۇرۇپلا بويۇن قاتتىقلىق قىلغىنىمغا ئۆكۈندۈم.

شۇ كۈن مەن ئۆچۈن پۇشايمان ئىچىدە ئىنتايىن تەستە ئۆتتى. قىزىتمام يېنىپ بېشىمنىڭ ئاغرىقى توختىغان بولسىمۇ چېكىش خىياللار يۈرىكىمنى تاتىلاپ ھېچ ئارام بەرمىدى. ئانامنىڭ ماڭا دەپ ئالايىتەن ئەتكەن تامىقىنىمۇ تۈزۈك ئىچمىدىم. كەچكىچە ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىكى بېغىمىزغا كىرىۋېلىپ، ئادەتتىكى كۈنلەردىكىگە قارىغاندا كۆپ تاماكا چەكتىم. كەچتە ئۆرۈكلۈك باغقا بىرىش نىيىتىدىن يانغان بولساممۇ، گۈلگىنەلەرنىڭ

ئىشىكىگە ئاياغ بېسىشقا يۈزۈم چىدىمىدى. ئانامنىڭ، زاۋال ۋاقتىدا ئۇخلىمىغىنى يامان بولىدۇ، دېگىنىگە قارىماي، ئۆيگە كىرىپ يوتقانغا پۈركەندىم. كۆڭلى غەش، ئازابلانغان ئادەمنىڭ قانداقمۇ ئۇيقۇسى كەلسۇن. ئۇ ياققا ئۆرۈلۈپ، بۇياققا ئۆرۈلۈپ، كۆزۈمنى ھېچ يۇمالمىدىم. ئاخىرى يوتقىنىمنى ياستۇق ئۈستىگە قويۇپ، ئۇنىڭغا يۆلەنگەن ھالدا تاماكا چەككەچ گۈلگىنەنى خىيال قىلدىم. گۈلگىنە بىر قارىماققا مېنى ياخشى كۆرىدىغاندەكمۇ قىلاتتى. بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ ماڭا يېقىنچىلىق قىلىشى ئادەتتىكى نورمال مۇناسىۋەتتەكمۇ كۆرۈنەتتى. بۈگۈن كەچ مەردان گۈلگىنەلەرنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. بۇنى گۈلگىنە خالىغان. گۈلگىنە يا مەردانىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمىدۇ؟ ئۇ كەلگەندىن بۇيان گۈلگىنە ئۇنىڭغا تولىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. مەردانىڭغۇ بۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايدۇ، كېتىشىنىڭ قارىنىنى ئېسىپ يۈرگىنىگە خېلى بولدى. ئەمما، ئۇ بۇنداق ئىشلاردا پىشقان نەرسىدەك كۆرۈنىدۇ. گۈلگىنەگە ئوخشاش قىزغىن، تېتىك، پائالىيەتچان قىزلار مەرداندەكلەرنىڭ دامىغا ئاسانلا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىش شۇ ياققا تارتىپ قالسا، تۈگەشكىنىم شۇ...

قاچانلاردا كۆز يۇمدۇمكىن، ئەتىسى تاڭ ئاتقانلىقىنىمۇ تۇيماي سائەت ئونلارغىچە قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. بىر كەمدە ئويغانسام ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن قىيپاش چۈشكەن كۈن نۇرى يوتقىنىمنى ئوبدانلا قىزدۇرۇۋېتىپتۇ. يوتقاننى بىر چەتكە قايرىپ، ئورنىمدىن ئىرغىپ تۇردۇم. قىزىتمام پۈتۈنلەي يېنىپ، باش ئاغرىقىم توختاپ، يەپ-يېنىكلا بولۇپ قاپتىمەن. كىيىملىرىنى كىيىپ، سىرتقا چىقتىم. ئاپام پېشايۋانغا قويۇلغان جوزىنىڭ يېنىدا نېمىنىدۇر خىيال قىلىپ يالغۇز ئولتۇرغانىكەن، مېنى كۆرۈپ:

— قادىر، مەيەرگە كەلگىنە، — دەپ چاقىردى.

مەن چۆگۈندىكى سوغۇق سۇدا يۈز-كۆزۈمنى يۇيۇپ، ئانامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— چىيىڭنى ئىچكىن، — دېدى ئۇ ئاپقۇر چىنىدىكى ئەتكەن چايىنى ئالدىمغا قويۇپ، ماڭا تىكىلگىنىچە.

چىنىدىكى چايغا بىر بۇردا ناننى تۈگۈرۈپ يېگەچ، جىم ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە باشلىدىم. ئانام ئۇدۇلۇمدا ماڭا قاراپ ئۇزاقىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر كەمدە:

—قادىر، — دېدى ئۇ بۇ گەپنى خۇددى بىرسى ئاڭلاپ قېلىشتىن قورققاندەك بوش ئاۋازدا، — ھېشىگنى ئۇگىلىشۋالساڭ بولاتتى بالام، قارا، 12 ـ ئاي كەلسە 28 گە كىرىسەن.

بۇ سۆز بىلەن قولۇمغا ئالغان چىنىنى ئاستا جوزىغا قويۇپ، ئېغىزىمدىكى چايناۋاتقان ناننى ناھايىتى تەستە كۆچەپ يۇتتۇم...

ئاداش، مەن راستىنلا ئەقلىمدىن ئازغىلى تاسلا قالغان ئوخشايمەن. ئانامنىڭ ئېغىزىدىن «12 ـ ئايدا 28 گە كىرىسەن» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. راست، بۇ مەن زادىلا ئويلىمىغان ئىش. بىزنىڭ بۇ يۇرتتا 28 ياشلىق ئۆيلەنمىگەن يىگىتلەرنى ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە قىز-يىگىتلەر 20 گە ئۇلاشماي تۇرۇپ ئۆيلىنىپ

www.uyghurkitap.com

ئوچاقلىق ھەتتا باللىقىمۇ بولۇپ بولىدۇ. بىچارە ئانام توي-تۆكۈن، لەزىر-چىراغ بولغان سورۇنلاردا ۋىت-ۋىت ئايالىلارنىڭ، ئوغلىڭىزنىڭ تويىنى قاچان ئوينايمىز؟ دېگەنگە ئوخشاش ئانىلار ئۈچۈن ئاڭلاش ئاسان، لېكىن چىدىماق تەس ئاچچىق سۆزلىرىنى قانچە ئاڭلىغاندۇ؟ بۇنىڭدىن يۈرىكى پۇچىلىنىپ قانچە ئازابلانغاندۇ؟

ئاداش، مەنمۇ باشقا نۇرغۇنلىغان يىگىتلەرگە ئوخشاش ئىناق-بەختلىك ئائىلە قۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئانامنى خاتىرجەم قىلىشنى ئويلايمەن. سەن بىلىسەن، بىز مەكتەپتە كېلەچەكتىكى گۈزەل ئائىلىلىرىمىز توغرىسىدا تالاي قېتىم شېرىن خىيال، ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارنى قىلىشمىغانمىدۇق. مانا ھازىر بىز تەسەۋۋۇر قىلغان ئاشۇ گۈزەل ئائىلىنىڭ بوسۇغىسى ئالدىدا تۇرۇۋېتىمىز...

خەير-خوش ئاداش، بۇ خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرماقچىمەن. قالغان گەپلەر بولسا كېيىنكى خەتلىرىمدە ئۇتتۇرلۇق يېزىپ ئەۋەتىمەن. چاققانىراق بىر ئۆينىڭ تۇرخۇنىدىن تۈتۈن چىقىرىشىڭغا تىلەكداش ئاغىنەڭ:

قادىردىن.»

## 5 - باب

مەن قادىرنىڭ خېتىگە جاۋاب خەت يازغىچە ئۇنىڭ يەنە بىر خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇ بۇ خېتىنى باشقا خەتلىرىگە قارىغاندا بەك ئالدىراش يازغان ئوخشايدۇ. خەت مۇنداق باشلىنىپتۇ:

«ئاداش مۇرات، ياخشىمۇ سەن؟ بۇ خېتىمنى سېنىڭدىن كېلىدىغان جاۋاب خەتنى كۈتمەيلا يېزىۋاتىمەن. ساڭا ئالدىنقى خەتنى سېلىۋەتكەندىن كېيىنكى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە تۇرمۇشۇمدا بىر مۇنچە ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ ئىشلارنى ساڭا چاققانراق يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ھاياجان بىلەن قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ساڭا پات يېقىندا تۇرمۇشۇمدىكى خۇشاللىقتىن بىر خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئوخشايمەن.

ئانام ماڭا توي ئىشىم توغرىسىدا يۈز-تۇرانە ئېغىز ئاچقان ھېلىقى كۈنى داستىخان ئالدىدا ئۇنىڭغا: ئانا مۇشۇ ئايدىن باشلاپ مۇئاشىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا تۇتقۇزىمەن. تەييارلىقىڭنى قىلىۋەرگىن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم. ئانام بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، مەكتەپكىمۇ روھلۇق، ئۆزۈمنى باشقىدىن تۈزەشتۈرۈپ بارىدىغان بولدۇم. گۈلگىنە كۆزۈمگە تېخىمۇ ئىسسىق، ئوماق كۆرۈنىدىغان بولدى. پۇرسەت تاپسىلا گۈلگىنەگە يېقىنلىشىشقا تەييار تۇردۇم. ئۇنىڭغا ھەممە يەردە يېقىنچىلىق قىلدىم. ئۇنىڭ ئىشلىرىنى، يىغىنلاردا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ پىكىرلىرىنى خۇپپىيانە ھالدا بولسىمۇ قوللىدىم. ئۇمۇ ماڭا دىققەت قىلىۋاتقاندەك، مەندىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى ئاستىرتتىن كۆزىتىۋاتقاندەك قىلاتتى. كېيىنرەك ئۇنىڭ بىلەن ئىشخانىدا ياشلار، ئالىي مەكتەپ ھاياتى، كۆرگەن كىنو، ئوقۇغان كىتابلار، جۇڭگو تارىخى، چەت ئەل مەدەنىيىتى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئانچە-مۇنچە پاراڭلىشىدىغانغۇ

بولـدۇق. ئۇلـاڭ بىلەن بۇنداق سـۆزلىشىپ قالغىنىمدا يۈرىكىم ئىختىيارسـىز ئويناپ
كېتەتتى. گۈلگىنەنى تېخى كۆپ جەھەتلەردىن تولۇق چۈشەنمىسەكەنمەن. ئۇ بەكـ
مۇ تىرىشچان، تولىمۇ ئۆتكۈر قىز ئىكەن. بەزىدە، ئۇ بۇنچە كۆپ بىلىمنى نەدىـنمۇ
ئىگىلىۋالغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالىمەن. بۈرۈن ئۇنىڭ بۇ تەرەپلىرىگە نېمە ئۈچـۈن دىققـ
ەت قىلمىدىمكىن؟ بەلكىم يۈرىكىمنى مۇجۇۋاتقان خەشلىك، ئازاب بۇلارنى نەزەرىمدىن
ساقىت قىلغۇزۇۋاتقەن بولسا كېرەك، دەپ قارىدىم.

بىر كۈنى كەچتە يېزىمىزدا كىنو قويۇلماقچى بولدى. كەچلىك تاماقتىن كـېيىن
گۈلگىنە بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىش ئۈچۈن، ئۆزۈمنى بىر قۇر تـۈزەشتۈرۈپ، كىنو قويۇلـ
غان مەيـدانـغا باردىم. كىنو تېخى باشلانمىغانىدى. بىر توپ ئۇشـشاق باللار پەردە
ئېسىلغان يەردە مەيدانىنى بېشىغا كىيىپ، شەپكىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ، ئالا ـ تـوپـ
لاڭ كۆتۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى. ئاياللار ئولتۇرۇشقان تەرەپنى ئارىلاپ گۈلگىنەنى ئىزدىـ
دىم، ئۇ كۆرۈنمىدى. ھەر قېتىم كىنو قويۇلغاندا گۈلگىنە بىلەن بىللە چىقىدىغان دوستـ
لىرىنىمۇ ئۇچراتتىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ گۈلگىنە يوق ئىدى. ئاخىرى ئۇ تېخى كەلـ
مىگەن بولسا كېرەك، دەپ توپ ئارىسىدىن چىقىپ، ئۇدۇلـلا گـۈلگىـنەلەرنىـڭ ئۆيـى
تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. مەكتەپ ئالدىدىن ئۆتىدىغان باراقـسان سۆگەتـلىـك تار يـول
گۈلگىنەلەرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باراتتى. قورۇق تاملىرى تېخى تولۇق سوقۇلـۇپ بولمىـ
غان مەكتېپىمىز ئالدىغا كەلگەندە ئىختىيارسىز ھالدا مەردانىنىڭ ياتىقىغا قاراپ ساپتىمەن.
مەندىن 20 نەچچە قەدەم نېرىدىكى مەردانىنىڭ ياتىقىدا چىراغ يورۇپ تـۇراتتـى. دەل
شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ئۆي ئىچىدىن بىر قىز چىقىپ كەلـدى. بۇ قىزنى بىر قاراپـ
لا تـونۇدۇم. ئۇ، گـۈلـگىـنـە ئىدى. مەن جايىـمدا قېتىـپ تـۇرۇپـلا قـالـدىم.
كۆڭلۈم بىر قىـسـما بـولـۇپ، ۋۇجـۇدۇم لەسـىـدە بوشـىشـىـپ كـېتىـۋاتـقـانـدەك
بولدى. گۈلگىنە دەرۋازىغا يېقىنلاپ قالدى. ئۆزۈمنى ئىتتىك بىر يانغا ئالـدىم. بۇ كەچـ
تە، مەكتەپتە ئىنىسى ـ جىن قالمىغاندا، گۈلگىنەگە مەردانىنىڭ ياتىقىدا نېمە باردۇر، دەپ
ئويلاپ قالدىم. بۇ ئوي قەلبىمدە بىر خىل كۈندەشلىك ئۇچقۇنىنى پۈۋلەپ كۆيەيتىشكە



www.uyghurkitap.com

باشلىدى. گۈلگىنە مېنىڭ بىر يانىدا تۇرۇپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىمنى سەزمىدى. ئۇ ئالدىمدىن ئىتتىك ئۆتۈپ، ئۆيى تەرەپكە ئىلدام مېڭىپ كەتتى. كوچىدا گۈلگىنە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. يۈرەكلىك ھالدا گۈلگىنەنىڭ كەينىگە چۈشـتۈم. ئازراق ماڭغاندىن كېيىن گۈلگىنەنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: بۇنچە كەچتە بىر ئەر كىشىنىڭ ياتىقىدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز، دېمەكچى بولدۇم، ئەمما، شۇ ھامان كاللامغا گۈلگىنە سېنىڭ نېمەڭ؟ ئۇ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەن تۇرسا، ئۇنىڭغا مۇنداق دېيىشكە نېمە ھەددىڭ، دېگەن ئويلار كەچتى. ئاستا كەينىمگە ياندىم. كىنو كۆرۈشكىمۇ كۆڭلۈم تارتمىدى. سولاشقان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، ئاتام سېلىپ قويغان ئورۇن ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ، تورۇسقا قارىغانچە يېتىپ قالدىم. گۈلگىنەنىڭ مەردان بىلەن ئېچىلىپ پاراڭلىشىشلىرى، مەرداننىڭ گۈلگىنەنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئەگىپ يۈرۈشلىرى، بۈگۈن كەچتە گۈلگىنەنىڭ مەرداننىڭ ياتىقىدىن چىقىشى... كۆز ئالدىمدىن بىر- بىرلەپ ئۆتۈپ، يۈرىكىم ئېچىشىپ ئاغرىغىلى تۇردى، خۇمارىم تۇتۇپ تاماكىغا قول ئۇزاتتىم.

ئەتىسى دەرستىن چۈشكەندە گۈلگىنە بىلەن پاراڭلاشماقچى بولۇپ ئىزدەپ تاپالمىدىم. ئۇ ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى. ئىشخانىدىن قايتىپ چىقىپ ئۆزۈمنى بىلمىگەن ھالدا مەرداننىڭ ياتىقى ئالدىغا بېرىپ قاپتىمەن. ئىشىككە قۇلۇپ سېلىنغانىدى. ئەمدى قايتاي، دەپ تۇرۇشۇمغا پازىلكام كېلىپ قالدى.

— مەرداننى ئىزدەمسەن ئۇكام؟ — دېدى ئۇ ۋە جاۋابىمنى كۈتمەيلا يەنە ئۆزى سۆزلەپ كەتتى، — بۈگۈن چۈشكە يېقىن گۈلگىنە بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتتى. شەھەردە ئۆسكەن باللار، يەنىلا شەھەرنىڭ بالىلىرى- دە... كەلگىنىگە تۆت كۈن بولماي تۇرۇپ، مانا، گۈلگىنەنى قولغا كىرگۈزدى. سەن ئۆلۈك، ھەي... بىر ئوبدان قىزنى شەھەرلىك پوچىلارغا تارتتۇرۇپ قويدۇڭ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېڭەمدىن توتۇن چىقىپ كەتكەندەك بولدى، بۇ گۈلگىنەنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ؟ ئۇ مەرداننى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ مەن راستىنلا كېچىككەن ئوخشايمەن. پازىلكامنىڭ ئالدىدا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدىم.

— مانا قارا، — پازىلكام يېنىمغا كېلىپ، دولامنى قاقتى، — بولدى ئەمدى، تۇرمۇش دېگەن مۇشۇنداق بازار چاققاننىڭ بولىدىغان گەپ. مەن بىلەتتىم، سېنىڭ كۆڭلۈڭ... قانداق قىلىسەن! سەن گۈلگىنەنىڭ ئالدىدا بەرىبىر بىر سەھرالىق-تە، يا سەنمۇ جىگىرى بار يىگىت بولغاندىن كېيىن، تەلىيىڭنى سىناپ ئوقنى بالدۇرراق ئېتىپ كۆرمىدىڭ...

پازىلكامنىڭ يەنە نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ئۇقمىدىم. شۇ تاپتا تەڭشىلىپ قالغان ئادەمدەك بېشىم قېيىپ كېتىۋاتاتتى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپلا بۇ يەردىن كېتىپ قالدىم. مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ نەگە بېرىشىمنى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدىم. قۇلاق تۈۋىمدە بايا پازىلكامنىڭ «مەردان گۈلگىنەنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى»، دېگەن سۆزىلا تەكرارلىناتتى. يېڭىمدىن ئوراپ چەككەن ئوغىدەك ئاچچىق تاماكىنى قانچە شورىساممۇ ئىغىزىمغا تېتىمىدى. ئاخىر مەكتەپتىن ئانچە يىراق بولمىغان،

ھەپتىدىن بېرى ئاياغ باسمىغان يېزا ماگىزىنىغا قاراپ يول ئالدىم. ماگىزىن ئىچىدە خېرىدارلار يوق دېيەرلىك ئىدى. 50 ياشلار چامىسىدىكى پاكار، دۈغىلاق كەلگەن، مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان سېمىز پىرىكازچىك تۇرسۇنكام مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى:

— قانداق قادىر ئۇكا، بۇياقلارغا ئۆتمەيدىغانلا بولۇپ قالدىڭغۇ؟ مەن تېخى سېنى...

بۇ ئادەمنىڭ گېپىگە جاۋابمۇ بەرمەي:

— ئاۋۋۇنىڭدىن بىرنى بېرىڭە، — دەپ پوكەي ئۈستىگە نەچچە كۈندىن بېرى يانچۇقۇمدا تولا تۇتۇلۇپ كىرلىشىپ-پۈرلىشىپ كەتكەن بەش سومنى تاشلىدىم. بىر كەمدىن كېيىن ئۆزۈمنى كونا ماكانىم — ئۆرۈكلۈك باغدىكى ھېلىقى ئۆرۈك كۆتىكى يېنىدا كۆردۈم. كۆتەك ئۈستىگە ئاغزى ئېچىلغان بىر بوتۇلكا ھاراق بىلەن ئىككى بولاق مايدا قورۇلغان دادۇر قويۇلغانىدى. نېمە ئۈچۈندۇر، بۈگۈن ھاراق ئېغىزىمغا قىلچە تېتىمىدى، خۇددى بۇرۇن ئېغىزىمغا ئېلىپ باقمىغان باشقا بىر ھاراقنى ئىچىۋاتقاندەك ئۇ ماڭا تولىمۇ قاڭسىق، ئاچچىق بىلىنىدى. شۇندىمۇ بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ، زورىغا بىرنەچچە يۇتۇم ھاراق ئىچتىم...

بارغانچە قىزىرىپ، ئوتقاشتەك ھالغا كىرگەن قۇياش ھارغىنلىق بىلەن يىراقتىكى ئۇيسۇن تېغىنىڭ غەربىي ئۇچىغا بېرىپ، ئاستا-ئاستا ئولتۇرۇشقا باشلىدى. تېخى يېرىملاشمىغان بوتۇلكىغا ئۇنىڭدىن خۇددى ھېلى بىر مۆجىزە چىقىدىغاندەك قادىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. بىر كەمدە كەينى تەرەپ، بېشىم ئۈستىدىن تۇيۇقسىز چۈشكەن بىر نازۇك قول كۆتەك ئۈستىدىكى بوتۇلكىنى شارتتىدە ئېلىۋالدى. چۆچۈپ كەينىمگە ئۆرۈلدۈم. بۇ گۈلگىنە ئىدى. ئۇ مەندىن ئىككى قەدەم نېرىغا بېرىپ ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى.

— ھە، ھاڭۋاقتىلىقىڭىزدىن ھارىقىڭىز قولۇمغا چۈشتىمۇ، ئەمدى نېمە قىلاي بۇنى، — دېدى ئۇ.

گۈلگىنەگە ئەلەڭلەپ قاراپ ۋارقىرىدىم:

— ئەكىلىڭ بوتۇلكىنى!

— ھوي، سىز ھاراق بىلەن ئۆلەمسىز؟ بۇنىڭغا نېمانچە قىلغۇلۇق!

— مېنىڭ بىلەن چاتىقىڭىز بولمىسۇن، بۇنداق گېپىڭىزنى بېرىپ مەردانىغا قىلىپ بېرىڭ، شۇ ئاڭلىسۇن!

گۈلگىنە كۆتەك ئالدىغا كېلىپ يېنىمغا ئولتۇردى، بوتۇلكىنى كۆتەك ئۈستىگە قويدى.

— مەردانىنى خېلى تۈزۈك بالىكەن دەپ يۈرۈپتىمەن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى گۈلگىنە، — تازىمۇ قاملاشمىغان بىر نېمىكەن، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ماڭا قىلغان يېقىنچىلىقىنىڭ تېگىدە مەقسىتى بارىكەندۇق. بۈگۈن شەھەردىكى دوستۇم گۈلشەننىڭ تويى بولماقچىكەن، تۈنۈگۈن ئۇ، ئالايىتەن ئادەم چىقىرىپ تەكلىپ قىپتۇ. بۈگۈن چۈشكە

www.uyghurkitap.com

يېقىن ماڭاي، دەپ تۇرسام، بۇنى نەدىن بىلدىڭىز، مەردانىمۇ شەھەرگە ماڭىدىغان بولۇپ
قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپتوبۇستا بىللە ماڭدۇق. شەھەرگە كىرگەندە دوستۇمنى ئولتۇر-
غۇزغان ئۆيگە ماڭسام، مەردان ئۇنىمىغانىغا ئۇنىماي ئۆيىگە ئاپاردى. بىر دەمدىن كېيىن:
گۈلگىنە، بىزنىڭ داشۆدە بىللە ئوقۇغان بىر نەچچە دوستلار مەيەردە بىر ئۆيگە يىغىلىپ
قاپتىكەن. بىزنى بىردەم ئولتۇرۇشۇپ بەرسەڭلار، دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ، مەن بىر نېمە
دەپ ئۇلارنى قايىل قىلالمىدىم. يۇرۇڭە، قىزلار بىلەن بولسىمۇ تونۇشۇپ قويۇڭ، بۈ-
گۈن ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۈلشەننىڭ تويىغا قاتنىشىدىكەن. گۈلشەن مېنىمۇ ئېيتىپتۇ،
تويىغا ھەممىمىز بىللە بارايلى، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر چوڭ
قورۇغا كىردۇق. قورچاقتەك چىرايلىق ياسىنىۋالغان ئىككى قىز ئالدىمىزغا چىقىپ، بىزنى
ئاستى - ئۈستى تاختايلىق، ياسىداق بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. بۇ يەردە ئىككى قىز،
تۆت يىگىت ئولتۇرۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە قارىسام يامان ئەمەس باللاردەك
قىلدى، ئەمما مەردان ھە دەپ يېنىمغا كېلىۋېلىپ بىزەڭلىك قىلىپ تويغۇزۇۋەتتى. ئۇ
يەردىكى باللارمۇ ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىدىن ئاغرىنىشقاندەك قىلاتتى. ئاخىرى سورۇندى-
كىلەرگە ئۆزرخاھلىق ئېيتىپ، ئۇ يەردىن چىقىپ ماڭسام، مەردان مېنى ئۇزىتىپ قو-
ممەن، دەپ چىقىپ، نەگە ماڭسام كەينىمگە كىرىپلاۋالدى. كوچىدا خىجىل بولۇپ
ۋلەي دېدىم. ئامال يوق، گۈلشەنگىمۇ يولۇقالماي، ئاپتوبۇس بېكىتىگىلا قاراپ ماڭدىم.
يولبويى: گۈلگىنە، مېنىڭلا پېشىمنى تۇتسىڭىز شەھەرگە ئەپكىرىپ كېتەلەيمەن، دادام-
نىڭ ئاغىنىلىرى بار، ئۇلارنىڭ گېپى ئۆتىدۇيەي، دەپ چالۋاقىغىلى تۇردى. ئاچچى-
قىم كېلىپ: بولدىلا مەردان، كىم سىزگە شەھەرگە يۆتكىلىمەن دەپتۇ، قولىڭىزدىن
كەلسە، ئۆزىڭىزنى بىر يۆتكەپ ئەكىتىڭە، دەپ سىلكىۋەتتىم. لېكىن ئۇ يەنە بىزەڭ-
لىك قىلىپ كەينىمدىن قالماي كېلىۋاتاتتى، تەلىيىمگە بىزنىڭ يېزىنىڭ ئاپتوبۇسى كې-
لىپ قالدى. ئاپتوبۇسقا سەكرەپلا چىقىۋالدىم، مەردان كەينىمدىن ۋارقىراپلا قالدى.
مەھەللىگە كېلىپ، ئۇدۇل سىلەرنىڭ ئۆيگە بېرىۋىدىم، ئانىڭىز سىزنى چۈشكە يېقىن
چىقىپ كەتكەنىچە ھازىرغىچە يوق، دېدى. مەشەدە بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئۇدۇللا
كېلىشىم.

— پاھ، بۈگۈن ئەجەب مېنى ئىزدەپ قاپسىزغۇ؟

— بىر گەپ بار ئىدى. ھازىر ئېيتاي دېسەم قىزىپ قاپسىز، يەكشەنبە كۈنى ئىك-
كىمىز ئوبدانراق پاراڭلىشايلى، سىز مېنى مەشەدە كۈتۈڭ، خوش ئەمىسە، — ئۇ شۇن-
داق دەپلا ئورنىدىن تۇردى.

بىز باغدىن چىققاندا غەرب ئاسمىنىدىكى ئوتقاشتەك قىزىللىق يىتىپ، ئەمدىلىكتە
كىچىككىنە يېزىمىزنى گۈگۈم پەردىسى ئورىغانىدى. بۈگۈن كۈنگە چارشەنبە بولۇپ، يەك-
شەنبىگە يەنە ئۈچ كۈن بار ئىدى. بۇ ئۈچ كۈن ماڭا بەك ئۇزۇن، خۇددى بىر ئەسىردەك بىلىنىپ
كەتتى. گۈلگىنەنىڭ ماڭا نېمە گېپى باردۇ؟ ئۇ ماڭا نېمىمۇ دەيدىغاندۇ؟ دەپ ئوي-
لىسام يۈرىكىم ئىختىيارسىز ھاياجانغا تولاتتى. بۇ ئىش ھەر دەقىقە كاللامغا كىردۈۋېلىپ،

چېكىش خىيالـلاردىن ئۆزۈمـنى ھېـچ نېـرى قىـلالـمىدىم. قولۇمـمۇ ئىشقا بارمىدى. ئاخىر ساڭا خەت يېزىش ئۈچۈن قولۇمـغا قەلەم ئالدىم. خۇدايىم بۇيرۇسا، يەكـشەنبە كۈنى گۈلگىنە بىلەن پاراڭلىشىمەن. ئۇ ماڭا نېمىلەرنى دەيدىـكىن؟ بۇلارنى ساڭا كېـيىنكى خېتىمدە ئۇقتۇرىمەن. خەير ـ خوش ئاداش، بەختلىك بولغىن.

ئاغىنەڭ قادىردىن.»

## 6 - باب

يۇقىرىقى خەتتىن كېيىن ئىككى ئايغىچە قادىردىن خەت كەلمىدى. ئۇنىڭ خېتىنى كۈتۈپ تاقىتىم تاق بولغانىدى. ئاخىر قادىر بىلەن سەلـىمەدىن كەلـگەن ئىككى پارچە خەتنى بىر كۈنـدىـلا تاپـشۇرۇۋالـدىم. سەلىمە سـوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا چىـقىدىغان بوپتۇ. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى يولغا چىـقىمەن دەپتۇ، بەلكىم ھـازىرغىچە يولغىمۇ چىقىپ بولغاندۇ، قادىر ئەۋەتكەن كونۋېرتنىڭ ئىچىدىن ئىككى پارچە خەت چىقتى. مەن كونۋېرتنىڭ قېلىن ھەم چوڭلۇقىغا قاراپ، ئۇنى ئېچىشتىن بۇرۇن، بۇ ئاداش مەتبۇئاتـقا بېرىش ئۈچۈن چوڭراق بىر نەرسە يېزىپ ئەۋەتكەن ئوخـشايدۇ، دەپ ئويلىغانـدىم. ئەمما، كونۋېرتنىڭ ئىچىدىكىسى ئىككى پارچە خەت بولۇپ چىـقتى. ئۇنىڭ ئىـچىدىـكى بىر پارچە خەت مۇنداق باشلىنىپتۇ:

«مۇرات ئاداش، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ خېـلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى، سـاڭا خەت يازالمىدىم. كەچۈرگىن. بۇ خېتىمنى خۇشاللىق ئىچىدە يېزىۋاتىمەن.

ئاداش، ئېسىڭدە بولسا كېرەك. مەن ئۆتكەندە يازغان خېـتىمدە گۈلگىنە بىلەن باغدا كۆرۈشىمەن، دېمىگەنىدىم. مانا ھازىر بۇ خېتىمدە گۈلـگىنە بىلەن بولغان ئاشۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشىمنى ئېيتىپ بېرەي. گۈلـگىنە بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈن ـ بىزنىڭ يۇرتتا كەچكۈز كۈنلىرىدە ئاز كۆرۈلىدىغان خۇدايـىم بەرگەن بىر ئېسىل كـۈن بولدى. ئۇ كۈنى تازا قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپـتىمەن. سائەت توققۇزلاردىـلا ھويلىدىكى ئـۈزۈم تاللىرى يۇتۇنلەي چۈشۈرۈۋېتىلگەن قۇرۇق باراڭدا سـايراۋاتقان شـوخ قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشىشىدىن ئويغاندىم. ئورنىمدىن بىر خىل خۇشالـلىق ئىلكىدە كۆڭـلۈم توق تۇرـدۇم. ئانام ئەتىپ قويغان قايماقلىق چاينى ئىچىپ سـىرتقا ماڭـدىم. باغدا گـۈلگىنە مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن. بىز خىلـۋەتىرەك يەرگە كېتىش ئۈچۈن، باغنىڭ ئىچكىرىـسىدىكى پەسلىككە چۈشتۇق. تېزغا كەلگۈدەك سۇدىن ئۆتۈپ، دەريانىڭ بىر ئارالچىقىغاـ باللىق چاغلىرىمدا تولا بېلىق تۇتقان، كالا، قوي باقـقان، ئوتۇن ئەكەلگەن جاڭگال ـ توقايلىقىقا كىرىپ كەتتۇق. بۇ مەن سېنى يۇرتۇمغا ئاپارغاندا ئېلىپ چۈشىمەن، دېگەن ھېلىقى توقايلىق ئىدى. بۇ ياقلارغا ئۆتمىگىلى ماڭا ئالتە ـ يەتتە يىل بوپتىكەن. توـقايلىق ھازىر قايتىدىن باراقسانلىشىۋېتىپتۇ. ئەتراپقا قارىساڭ قۇچاق يېيىپ ئۆسۈۋاتـقان جىغان، تال ۋە ھەممىلا يەرنى قاپلىغان قىزىل قوراي، يىكەن، مىسىل، قومۇشلار، سۆتتەك ئاق گۈلى بار، تىك ئۆسىدىغان، ئازراقلا تەسىرگە ئۇچرىسا، قايرىلغان غولىدىن بۇزۇلداپ

سۈتكە ئوخشاش بىر خىل سۈيۈقلۇق قايناپ چىقىدىغان ئاللىقانداق كۆكاتلار، پەقەت توقايلىقلاردىلا بولىدىغان ئاق، قىزغۇچ، كۆكۈچ رەڭلەردە ئىمزەككە ئوخشاش گۈل ئېچىلىدىغان سۈتلۈك دالا يۆگىمەچلىرى بۇ يەرنى ئاجايىپ سۈرلۈك قىلىۋەتكەنىدى. بۇ يەردىكى سۈرلۈكلۈك ۋە جىمجىتلىق ئادەمنى شۈركەندۈرەتتى. بىز توقايلىقنىڭ بىر چېتىگە — دەريانىڭ سۈيى ئەڭ ئۇلۇغ ئېقىپ ئۆتىدىغان بىر بوشلۇققا كېلىپ توختىدۇق. مەن تۆت بوتۇلكا پىۋا ئېلىۋالغانىدىم. گۈلگىنە ئۆيىدىن توخۇم، گۆش پىشۇرۇپ ئەكەپتۇ. تاشلىق، قۇمساڭغۇ يەرگە ئازراق مىسىل يۇلۇپ ئەكىلىپ سالدۇق. ئۈستىگە گېزىت يېيىپ، نەرسە-كېرەكلەرنى قويدۇق. گۈلگىنە بايا كېلىۋېتىپ قول ياغلىقىغا يىغىۋالغان ئۇششاق چوغدەك قىزىل زىرىقلارنى گېزىت ئۈستىگە تۆكتى. قىزغۇچ سۈيى چىقىپ قالغان زىرىقتىن بىر سىقىم ئېلىپ ئاغزىمغا سالدىم. پاھ! زىرىق تولىمۇ چۈچۈمەل بىر خىل ياۋا مېۋە، ئۇنى ئاغزىمغا سالمىغىلى تالاي يىللار بولۇپ كېتىپتىكەن. بىزنىڭ بۇ توقايلىقتا زىرىق بەك تولا بولىدۇ. قىش كېلىپ قار چۈشكىچىمۇ ئۇ تۈگىمەيدۇ. كەچ كۈز كۈنلىرى بۇ يەرگە نەلەردىندۇر تېۋىپلار كېلىپ، دورا قاينىتىش ئۈچۈن ئۇنى خالتا-خالتىلاپ يىغىۋالىدۇ.

بوتۇلكىنىڭ بىرىنى ئېچىپ، گۈلگىنەنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدۇم. ئۇ بىر نېمىنى خىيال قىلىپ شۈك ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى، يەنە بىر بوتۇلكىنى ئېچىپ:

— گۈلگىنە، دوستلۇقىمىز ئۈچۈن، — دەپ بوتۇلكىنى كۆتۈرۈۋىدىم، خىيال قىلىۋاتقان گۈلگىنە گويا يۈزىگە تۇيۇقسىز سوغۇق سۇ سېپىلگەندەك ئەندىكىپ، چۆچۈپ كەتتى.

— قېنى بوتۇلكىنى قولغا ئېلىڭ!

بىر يېرىم يىلنىڭ ياقى بىر كىم بىلەن بىللە بۇنداق ئولتۇرۇپ ئىچىملىك ئىچىشىم تۇنجى قېتىم ئىدى. شۇڭا بۇ كۈنى كەيپىم تولىمۇ خۇش. بىر كۆتۈرۈپلا بوتۇلكىدىكى پىۋىنىڭ يېرىمىنى ئىچىۋەتتىم. گۈلگىنە ئالدىدا تۇرغان بوتۇلكىدىكى پىۋىنى بىر ئوتلاپ، ئاندىن جايىغا قويۇپ قويدى. يىراقتىن سالچىلارنىڭ بوغۇق ئاۋازدا سوزۇپ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلاندى. دەريانىڭ يۇقىرىسىدىن قاتىرىسىغا يوغان ئۈچ سال لەپپەڭشىپ ئېقىپ كېلىۋاتاتتى. ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان سال بىزدىن 40 — 50 مېتىر نېرىدا ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئىككىنچى سال ئۇدۇلىمىزغا كەلگەندە سال ئۈستىدىكى يىگىتلەرنىڭ بىرى (كەپسىزرەكى بولسا كېرەك) دوپپىسىنى قولىدا پۇلاڭلىتىپ:

— هاي...! هوي...! قارا ماۋۇ خەقنى... كۆپكۈندۈزدە... نېرىراق تۇرۇش يېپىشۋالماي، — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن سالدىكى باشقا ھەمراھلىرىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، بىزگە قاراپ قوللىرىنى شىلتىشقان ھالدا ئىسقىرتىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشتى.

— بېشىڭنى يە ئۆلگۈرلەر، — دېدى گۈلگىنە قىزارغان ھالدا.

سالچىلار يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. بىر ھەمدىن كېيىن گۈلگىنە ماڭا قاراپ:

— قادىر، سىزگە بىر گەپ دېمەكچى ئىدىمغۇ؟ هازىر ئېيتسام بولامدۇ؟ — دېدى.

— هە قېنى، ئېيتىڭ! — دېدىم مەن ئالدىراپ.

— سىز مەكتەپتىكى چېغىڭىزدا هاراقنى هازىرقىدەك كۆپ ئىچمەيتتىڭىزكەن-هە؟ مەكتەپ پۈتتۈرىدىغانىڭغا ئاز قالغاندىلا مۇشۇنداق بولۇپ كېتىپسىز، شۇنداقمۇ؟

— بۇنى قانداق بىلدىڭىز؟ — مەن قولۇمدىكى بوتۇلكىنى قويۇپ، گۈلگىنەنىڭ كۆزىگە قادىلىپ قارىدىم. ئۇ گەپ قىلماي سومكىسىدىن بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ ماڭا ئۇزاتتى. كونۋېرتنى ئېلىپلا خەتنى تونۇدۇم. بۇ سەلىمەنىڭ گۈلگىنەگە يازغان خېتى ئىكەن.

— هە، ئەمدى قانداق بىلگەنلىكىمنى ئۇققانسىز؟

مەن زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرۇپ قالدىم. گۈلگىنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن ئىككىڭلارنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي خەت يېزىشىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىمەن، — ئۇ مېنىڭ شوك بولۇپ قالغانلىقىمغا قاراپ، — كۆڭلىڭىزگە كېلىۋاتقان بولسا، بولدى بۇلارنى ئېيتمايلا قوياي، — دېدى.

— سۆزلەۋېرىڭ! — دېدىم مەن تاماكا ئوراۋېتىپ.

— مەن سىزنى تولۇقراق چۈشىنىش نىيىتىدە بۇندىن بىر ئاي بۇرۇن سىز توغرۇلۇق ئۇرغۇن نەرسىلەرنى سوراپ سەلىمەگە خەت يازغانىدىم. ئۈچ كۈن ئىلگىرى ئۇ قىزنىڭ جاۋاب خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. سەلىمە ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانداق باشلىنىپ، قانداق ئاخىرلاشقانلىقى، سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن مەكتەپتە ئېلىپ قالمىز دېسە ئۇنىماي ئۇدۇللا يۇرتىڭىزغا يېنىپ كەلگەنلىكىڭىز توغرىسىدا ناهايىتى تەپسىلىي خەت يېزىپتۇ. مەن هەممىدىن خەۋەر تاپتىم. ئۈچ كۈندىن بېرى كۆپ ئويلاندىم. گەرچە مەن سەلىمە بىلەن خەت يېزىشقان بولساممۇ، ئۇ قىزنى تونۇمايمەن، رەسىمىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان. شۇڭا قانچە قىلسامۇ سەلىمەنىڭ تۇرقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمەيمەن. لېكىن، مەن سەلىمەدىن پەخىرلەندىم. ئۇنىڭغا قايىل بولدۇم. مەن خېتىمدە سىزنىڭ هازىرقى هالىتىڭىز ئۈستىدىمۇ توختالغانىدىم. سەلىمەنىڭ بۇنى ئوقۇپ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ، ئۇ بۇ توغرىدا: قادىرنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىرادىسى ئۇنچىلىك ئاجىز ئەمەس ئىدىغۇ؟ مەن بىر قىز بالا تۇرۇقلۇق بۇنىڭغا چىداۋاتىمەنغۇ، قانداق قىلىمىز، بۇنىڭغا چىدىماقتىن باشقا نېمە چارە بار؟ بۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇپ، ئازابلىنىپ، ئۆزىمىزنى يوقىتىپ تاشلىۋەتكەندىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟ مەن قادىرنى سىز ئېيتقاندەك ئىرادىسىز، بوش هالەتتە كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈشتىن يۈزۈم قىزىرىدۇ، ئەسلىدە قادىرنىڭ قولىدىن نى - نى ئىشلار كېلەتتى. مەن بۇنىڭغا ئىشىنەتتىم. قادىردىن پەخىرلىنەتتىم. هازىر ئۇ نېمە بولۇپ كەتكەن. ئوقۇغان، بىلىم ئالغان ئادەممۇ شۇنداق بوش، ئىرادىسىز، غايىسىز بولۇپ كېتەمدۇ؟ مەن كېيىن قادىرغا ئايرىم خەت يازىمەن، دەپ يېزىپتۇ.

سەلىمەنىڭ ماڭا قارىتىپ يازغان بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ يۈزۈم چىمىلداپ كەتتى. ئالدىمدا ئولتۇرغان گۈلگىنە ئەمەس، بەلكى سەلىمە ماڭا تەنبىھ بېرىپ ئولتۇرغاندەك بىلىندى. كېلىم قۇرۇپ كەتتى. قولۇمدىكى تاماكىمۇ ئۆچۈپ قاپتۇ. ئوتتەك بىر تەشنالىق

www.uyghurkitap.com

ئىچىدە بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ غۇرتىلدىتىپ پىۋا ئىچىشكە باشلىدىم. ئۈستىمىزدىن دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ، شامالغا قارشى قاناتلىرىنى كەڭ يايغان بېلىق ئالغۇچ قۇشلار قۇ...ق! قۇ...ق! قىلىپ سايراپ ئۆتمەكتە. مەن ئۆزۈمنى گويا چۈش كۆرۈۋېتىپ، چۈشنىڭ ئاخىرى چىقماي تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتكەن ئادەمنىڭ: ھەي، ئاخىرى نېمە بولاتتىكىن - ھە؟ دەپ ئولتۇرۇپ قالغىنىغا ئوخشاتتىم. ئۆزۈمدىن بېرى قېتىپ قالغان نېرۋىلىرىم ئويغىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ. كۆز ئالدىمغا سەلىمە ۋە ئۇنىڭ دادىسى، ئانام ۋە ئۆگەي دادام، گۈلگىنە، مەردان ۋە يەنە قايسىدۇر بىر ساۋاقداشلارنىڭ ھەر خىل تەقلىدىتىكى چىرايلىرى گەۋدىلەنگەندەك بولدى...

— دېمىڭىز ئىچىڭىزگە چۈشۈپ كەتتىغۇ قادىر، خاپا بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ — دېدى گۈلگىنە. مەن شۇندىلا ھوشۇمغا كەلدىم. ئالدىمدا گۈلگىنە ئولتۇرۇپتۇ. يېنىمدىلا دەريا سۈيىنىڭ شاۋقۇنى، بېلىق ئالغۇچ قۇشلارنىڭ: قۇ...ق! قۇ...ق! قىلىپ سايراشلىرى ئاڭلىنىدۇ. گۈلگىنەنىڭ چىرايىغا، كۆزىگە قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى تولىمۇ نۇرلۇق، ئوت يېنىپ تۇرغاندەك چىرايلىق، بۇ بىر جۈپ ئوماق، بالىلىقنىڭ ئىزنالىرى يەتمىگەن، مېھرىبانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە كەڭ قورساقلىقنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان كۆزلەر ماڭا قادالغانىدى. گۈلگىنە ماڭا ئەزەلدىن بۇنداق قاراپ باقمىغانىدى. ئىككى جۈپ كۆز بىر-بىرىگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر كەمدە:

— قادىر، نېمىنى ئويلاۋاتىسىز؟ — دېدى گۈلگىنە.

— سىزچۇ؟ — مەنمۇ بۇ سوئالنى ياندۇرۇپ سورىدىم.

— مەنما؟ مەن كېيىنكى كۈنلەرنى ئويلاۋاتىمەن، سىزنى ۋە سەلىمەنى ئويلاۋاتىمەن، قادىر ئېيتىڭا، سىز بۇرۇنقى ئۈمىدلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان قادىرغا قايتالماسىز؟ مەن شۇنداق چاغلىرىڭىزنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

— بۇ مۇمكىنمۇ گۈلگىنە؟

— نېمىشقا مۇمكىن بولمايدۇ؟ بىزدە سىزگە ئوخشاش ئوقۇغانلار قانچىلىك؟ نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپتىن خېلى چوڭ پىلانلار بىلەن چىقىدىكە-نۇ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپلا ئۇنى ئۇنتۇيدىكەن. مۇشۇنداق بولۇۋەرسە زىيان كىمگە بولىدۇ؟ بىزدە كەتمەن، ئورغاق تۇتقانلار بىلەن قەلەم، كىتاب كۆتۈرگەن؛ ئاق خالات، ئاق پوسما كىيىپ تەجرىبىخانىلاردا ئولتۇرىدىغانلارنىڭ نىسبىتىدە قاچان ئۆزگىرىش بولار؟ بىزنىڭ ئادەملىرىمىز قالاقلىق، خۇراپاتلىق، نامراتلىق ئىچىدىلا تىمىسقىلاپ يۈرەمدۇ؟ سىلەرگە ئوخشاش ئوقۇغان ئادەملەر بۇنىڭ يىغىسىنى يىغلىمىسا، كىم يىغلايدۇ؟

مەن خۇددى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان قىزىق بىر ھېكايىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان سەبىي ئوقۇغۇچىدەك گۈلگىنەنىڭ گەپلىرىگە پۈتۈن زېھنىم بىلەن قۇلاق سالماقتىمەن. تۇرۇپ گۈلگىنەنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان سۆزلەرگە قاراپ، بۇ تەقدىرنىڭ رەھىمسىز چاقچىقىمۇ نېمە؟ دەپ ئويلىنىپ قالىمەن. شۇنداق ئەمەسمۇ، بۇ گەپلەرنى مەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا ساۋاقداشلىرىمغا، يېقىن دوستلىرىم مۇرات، سەلىمەلەرگە ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتقان، ئۆزۈمنىڭ كۆپلىگەن كىتاب، ماتېرىياللارنى ئوقۇپ، تىرىشىپ

ئىمىزدىنىۋاتقانلىقىمىنى كۆز - كۆز قىلىغانىدەك قىلىپ، ھەممىلا ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ئۆگىنىشىنى
ئارزۇ قىلىغان، بىلەرمەنلىك، قىزىق-قانلىق قىلىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياشلار-
دىن، زىيالىيلىرىمىزدىن تىرىشىپ بىلىم قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرمايدۇ، جا-
ھالىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقى، ئۆزىنىڭ نەدە .قېلىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمايدۇ،
دەپ ئاغرىنغان... مانا، مەن ھازىر نېمە قىلىۋاتىمەن. ئۆز ۋاقتىدا خىزمەتكە چىقىپ
ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدە نى - نى ئىشلارنى قىلىمەن دېمىگەنىمىدىم. مەكتەپ پۈتتۈرگىـ
نىمگىمۇ ئىككى يىل بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا مەندە قانچىلىك ئۆزگىرىش، ئىلگىرىلەش
بولدى. بۇنى دېسەم ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ قالام-
دىكىن، دەپ ئاغرىنغان ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ياشلار قاتارىغا ئۆزۈم چۈشۈپ قالدىم،
خالاس. مەن بۇرۇن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ياشلاردىن كۈتكەن ئارزۇ، ئۈمىدلەر
مانا ئەمدى ناھىيىلىك سىفەندە ئىككى يىللا ئوقۇغان بىر قىز ئوقۇتقۇچىنىڭ ئېغىزى-
دىن ئۆزۈمگە قايتىۋاتىدۇ. بۇ راستىنلا تەقدىرنىڭ ماڭا قىلىغان چاقچىقى بولماي نې-
مە؟ ئۇنداق بولمىسا، بۇنى ياكى ئۆز ۋاقتىدا «كۆپۈرلۈق» قىلىپ ئېغىزىمدىن پايلىماي
چىقىرىۋەتكەن سۆزلىرىمنىڭ مېنى شەپقەتسىز ھالدا جازالىشى دېيىش مۇمكىنمۇ... دەپ
ئويلىدىم.

شۇ كۈنى گۈلگىنە ماڭا نۇرغۇن سۆزلىدى، ئۇ سورىغان سوئاللارغا نېمە دەپ
جاۋاب بېرىشىمنى ئۇقالماي قالدىم. مەن گۈلگىنەنىڭ ئالدىدا ۋەدە بېرىشكە، بۇنىڭدىن
كېيىن ئۇنداق، مۇنداق ئادەم بولىمەن دېيىشكە تىلىم بارمىدى. ئاخىرىدا ئۇ، مېنىڭ
گەپلىرىمنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ، كاللىڭىزدىن ئۆتسە قوبۇل كۆرەرسىز، دەپ گېپىنى
ئاخىرلاشتۇردى. بىز توقايلىقتىن كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن قايتىپ چىقتۇق.

ئاداش، يۇقىرىقى قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ قانداق ھېسسىياتتا بولدۇڭ؟ مەن شۇ
كۈندىن كېيىن ئۆزۈمنى باشقىچىلا بىر قادىردەك سېزىشكە باشلىدىم. ئۆزۈمنى ئەمدىلا
تونۇۋاتقاندەك قىلاتتىم، ئۆتمۈشۈم، كۆز ئالدىمدىكى ئىشلار، كەلگۈسۈم توغرىسىدا كۆپ
ئويلاندىم. ئويلاۋېرىپ كاللام قىزىپ كەتكەندە دەريا بويىغا چۈشۈپ، مۇزدەك بۇلاق
سۈيىگە بېشىمنى تىقتىم. ئاخىرى گۈلگىنەنىڭ ئېيتقانلىرىنى توغرا تاپتىم. شۇنىڭدىن
كېيىن خىزمىتىممۇ كۆڭۈللۈك بىلىنىدىغان، ئالدىمدا ئاغزىمغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان
باللار كۆزۈمگە باشقىچە ئوماق، ئىسسىق، چىرايلىق كۆرۈنىدىغان بولدى.

شۇندىن ئاز كۈن ئۆتۈپ يېزىمىزدا تۇنجى قار ياغدى. بۇ تۇنجى قارنىڭ خاسى-
يىتىدە گۈلگىنەگە تەكلىپ خېتى يازدىم. ئۇ بۇ خەتنىڭ جاۋابىنى مەن ئىككى يىلدىن
كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى تالاي قېتىم بېرىپ ئولتۇرغان، ھاراق ئىچىپ مەست بولغان ھې-
لىقى ئۆرۈكلۈك باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆرۈك كۆتىكى يېنىدا بەردى...

ئاداش، ھايات دېگەن بىزنىڭ ھېلىقى پەلسەپە ئوقۇتقۇچىمىز ئېيتقاندەك، يىغا
بىلەن كۈلكە، خۇشاللىق بىلەن ئازاب ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بىر پۈتۈن كاتېگورى-
يە ئىكەن. يىغا بىلەن ئازاب سېنى چىدىغۇسىز تارتقۇلۇقلار بىلەن قىيناپ، ئۈمىدسىز-
لەندۈرۈپ، ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە قىستىغىنى بىلەن ئۇ يەنىلا مەڭگۈلۈك نەرسە ئەمەس

ئىكەن. بەخت، خۇشاللىق خاتىرجەملىك كۆڭۈللەرنىڭ بىردە مۇبارەك قەدىمى بىلەن ئالدىمغا كېلىپ، پىلىلداپ ئۆچۈش ھالىتىدە تۇرغان ھايات شامىنى قايتىدىن يالقۇنلىتىدىكەن. ئازابلىق، مىسكىن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇپ، ئەسلىمگە قايتىشقا، يېرىم يولدا تاشلىنىپ قالغان ئىشلىرىمنى قايتىدىن قولغا ئېلىشىمغا، يېڭىچە ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولۇشۇمغا ئۈمىدلەندۈرىدىكەن، قىستايدىكەن. مانا مەن شۇنداق بولدۇم. ئۇزۇندىن بېرى توپا بېسىپ ياتقان كىتاب، ماتېرىياللىرىمنى قايتىدىن رەتلەپ، ئۆيۈمنىڭ دېرىزە تەكچىسىگە چىرايلىق قىلىپ تىزدىم. مەن ھەممىنى يېڭىدىن باشلاش قارارىغا كەلدىم.

مۇرات، بۇ خېتىمنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇراي، قالغان گەپ - سۆزلەرنى يەنە بىر خەتتىن بىلەرسەن.»

## 7 - باب

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. كەچلىك تاماق ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىشخانا چىرىغىنى ياندۇردۇم. ئىستاكانغا چايداندىن قايناق سۇ قۇيۇپ، قايتىدىن ئولتۇردۇم. ھېلىقى ئۈستىگە ھېچنەرسە يېزىلمىغان سىيدام سېرىق كونۋېرتنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى خەتنى ئالدىم. بۇ خەت يۇقىرىقى خەتكە قارىغاندا بەكرەك سىغداپ يېزىلغان بولۇپ، مۇنداق باشلانغانىدى:

«ئاداش، بىز مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان يىلى ئالىي مەكتەپ ھاياتىمىزدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن خوشلىشىش ئولتۇرۇشى — ساۋاقداشلارنىڭ كەچلىك ئولتۇرۇشى ئېسىڭدىمۇ؟ سەن بۇ ئولتۇرۇشقا باشتىن - ئاخىر قاتناشقانىدىڭ، ئەمما مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. ئولتۇرۇش يېرىملاشماي تۇرۇپ دېمىم سىقىلىپ، سىنىپتىن چىقىپ كەتتىم. سەن بۇنى سەزمىدىڭ، باشقىلارمۇ ماڭا دىققەت قىلمىدى. دىققەت قىلغان بولساڭلارمۇ مېنىڭ سىرتقا چىقىپ قايتىپ كىرىدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىڭلار. لېكىن مەن ئۇنداق قىلمىدىم. ئىككىنچىلەپ يېنىڭلارغا كىرمىدىم. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلدىم؟ سىنىپتىن چىقىپ كېتىپ نەگە باردىم؟ نېمە قىلدىم؟ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ يۇرتۇمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نېمىدەپ ساڭا بىر يىلغىچە خەت يازمىدىم؟ بىز ئۈرۈمچىدە ئايرىلغاندىن كېيىن، سەن ئادرېسىمنى تېپىپ بىرقانچە قېتىم خەت يازغان بولساڭمۇ نېمىشقا مەن بۇ خەتلەرنى پۈتۈنلەي جاۋابسىز قالدۇردۇم؟ سەن بىلىسەن، مەن ئاغزى چىڭ ئادەم. ‹مەخپىيىتىم› دېگەن نەرسىنى ئاسانلىقچە بىر كىمگە تىنمايمەن. سەن خەتلىرىڭدە نۇرغۇن نەرسىلەرگە جاۋاب بېرىشىمنى سورىغانىكەنسەن. مەن ئۆز ۋاقتىدا شۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ ساڭا خەت يازمىغانىدىم. خىزمەتكە چىقىپ بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىنلا ئىككىمىز خەت يېزىشىدىغان بولدۇق. سەن يەنىلا بۇرۇنقى خەتلىرىڭدە نەچچە رەت سورىغان كونا سوئاللىرىڭنى سوراشتىن توختىمىدىڭ. ئەمما مەن سوئاللاردىن يەنىلا ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ، بىرەر قېتىممۇ تۈزۈكرەك جاۋاب بېرىپ باقمىدىم. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇلار ساڭا نامەلۇم، بۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىسەن. بۇلارنى ساڭا ئەمدى تولۇق ئېيتىپ

بېرىش نىيىتىگە كەلدىم. مەن ھېلىقى ئولتۇرۇش بولغان كېچىنى سىنىپتىن چىقىپ كېتىپ، سىرتتا يۈرۈپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىغانىدىم. سىلەر كەچلىك ئولتۇرۇشنى تۈگىتىپ ياتاقلارغا تاراپ ئۇخلىغاندا مەن يەنىلا سىرتتا ئىدىم. ئويقۇم پۈتۈنلەيلا قاچقانىدى. شۇڭا سىنىپتىن قەغەز ئېلىپ چىقىپ، 17 - بىنانىڭ 2 - قەۋىتىدىكى چوڭ سىنىپقا كىرىپ ئولتۇرۇپ ئاشۇ كېچىنى سىرتتا ئويلىغانلىرىمنى، قەلبىمدىكى مۇرەككەپ ھېسسىياتنى خاتىرە ئورنىدا تەپسىلىي يېزىپ قالدۇرغانىدىم. شۇ خاتىرىنى بۇ قېتىمقى خېتىم بىلەن قوشۇپ ساڭا ئەۋەتتىم. بۇ ماڭا يازغان خەتلىرىڭدە سورىغان سوئاللىرىڭغا جاۋاب بولۇپ قالار.

... مەكتىپىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇسلۇبتا سېلىنغان تۆت قەۋەتلىك بۇ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئۆگزىسىدىكى سېمونت سالاسۇن بىلەن توسۇلغان كەڭرى سەينادا تۇرۇپ قارىغاندا بۇ قەدىمىي ھەم مەدەنىي شەھەرنىڭ كۆپ جايلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۈگۈن كەچ بۇ يەرگە ئۆزۈم يالغۇزلا چىقتىم. كەڭرى سەينا بۈگۈنكى قەلبىمدەكلا قاراڭغۇ. گويا بۈگۈن بۇ يەر ماڭىلا ئۆزىچە تاشلاپ قويۇلغاندەك ئادەمسىز، بوش ئىدى. بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يىراق - يىراقلارغا قارىدىم. شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە گويا ئۆزئارا بەسلىشىۋاتقاندەك چاقناۋاتقان ئالا - يېشىل سانسىز چىراغلار، مەكتىپىمىزنىڭ يېنىدىكى چوڭ يولدا غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان ھەر خىل ئاپتوموبىللار كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتمەكتە. چىراغلار ماڭا قاراپ كۆز قىسىشىدۇ، يۈزۈمنى سىلىقىنا سىيلاپ ئۆتكەن يازنىڭ مەيىن شامىلى ئالدىمدىكى پەسلىكتە قۇچاق يېيىپ تۇرغان مەجنۇنتاللارنىڭ يۇمران شاخلىرىنى، ئاكاتسىيە دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى تىنىمسىز نازغىتىپ ئوينايدۇ. ھەممە نېمە بۇرۇنقىدەك، ئۇلاردا قىلچە ئۆزگىرىش يوق. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ياز ئاخشاملىرى ماڭا تالاي تۇيغۇلارنى، ئۇنتۇلغۇسىز شادلىقلارنى بەخشەندە قىلغان ئەمەسمىدى؟! بۇلار نېمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن مەندىكى ئازابنى، مىسكىنلىكنى كۆتۈرۈۋېتىشكە قادىر بولالمايۋاتىدۇ؟ باشقىلارمۇ ماڭا ئوخشاش شۇنداق كۆپ خىيال سۈرەمدىكىن ياكى بولمىسا ماڭا ئوخشاش غېرىبسىنغان، قايغۇرغان، مۇرەككەپ زىددىيەت ئىچىدە قالغان ئادەم يەك خىيالچان بولۇپ قالامدىكىن، ئۇقمىدىم. قانچە قىلىپمۇ ئاخىرى چىقماس، چېگىش خىياللار ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىدىم. بېشىم نامەلۇم بىر نەرسە بېسىۋالغاندەك بارغانسېرى ئېغىرلاشماقتا. مەن مۇزدەك سېمونت سالاسۇنغا تايانغان ھالدا خىيال بىلەن تۆۋەنگە باقتىم. بىنانىڭ كەينىدىكى ئاستىنقى قەۋەتتىكى سىنىپ دېرىزىلىرىدىن چىققان ئېلېكتىر نۇرىدا خىرە يورۇپ تۇراتتى. سىنىپلاردا مەكتەپ پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ خوشلىشىش يىغىلىشىدىكى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان كەچلىك ئولتۇرۇشلىرى ئەۋجىگە چىقىۋاتىدۇ، بۇنى ئاشۇ سىنىپلاردىن سىرتقا ئېقىپ ئاڭلىنىپ تۇرغان شوخ، يېقىملىق ناخشا مۇزىكىلىرىدىن بىلگىلى بولاتتى. نەزەرىم بىردىنلا بىر نۇقتىغا تىكىلدى. بىنادىن ئون نەچچە قەدەم نېرىدىكى قېرى مەجنۇنتالنىڭ يېنىدا ئىككى گەۋدە ئۆزئارا تولىمۇ يېقىن تۇرۇشاتتى. ئۇلار تۇرۇپ غۇۋا يورۇقلۇق ئىچىدە گويا بىر گەۋدە بولۇپ يۇغۇرۇلۇپ كېتەتتى. مېنىڭ ئۇلارغا قاراپ ھەسەتلىنىشىم كەلدى. بىلمەيمەن، ئۇلار ھازىر ئېيتقۇسىز بەخت قوينىدا. بۇ يەردىكى

www.uyghurkitap.com

بەخت ئىنسان ھاياتىنىڭ گۈل تاجىسى، مېغىزى ئىدى. بىراق مېنىڭچۇ؟ ھاياتىمنىڭ گۈلى، بەختىمنىڭ مېغىزى قېنى؟ مەن ئۇلارنى راستىنلا يوقىتىپ قويۇۋاتىمەنمۇ؟ مۇنۇ ئىككى ساۋاقدىشىم بولسا مەندىن باشقىچە... بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇلۇمدىكى — مەندىن نەچچە يۈز قەدەم نېرىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قاتار بىنالاردا چاقناۋاتقان چىراغلارغا نەزىرىمنى ئاغدۇردۇم. بۇ چىراغلار ماڭا تونۇشلۇق، ئۇلار قايسىدۇر بىر شىركەت يېقىندا سالغان بىنالارنىڭ چىراغلىرى، بەلكىم ھازىر ئاشۇ نۇرلۇق چىراغلار كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەن ھەر بىر ئۆيدە ھايات قايناۋاتقاندۇ، ئىنسان ئۆمرىنى ئاۋۇندۇرىدىغان بەختلىك كۈلكىلەر، يېقىملىق، ياش يۈرەكلەرنى تىترەتكۈدەك جەزىبىلىك ناخشا-مۇزىكىلار ياڭراۋاتقاندۇ، بىز — سەلىمە ئىككىمىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، گۈزەل كېلەچىكىمىز توغرىسىدا پاراڭلاش-قاچ ئاشۇ بىنالارغا تالاي قېتىم زوقلىنىپ قارىغانىدۇق... پەلەمپەي ئارقىلىق بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ پەسكە چۈشتۈم. بىنا ئىشىكىدىن چىقىپ بەش قەدەم نېرىدا قۇچاق يې-يىپ تۇرغان تونۇش مەجنۇنتال يېنىغا باردىم. ئۇنىڭ باراقسان، ئەۋرىشىم شاخلىرى ئىيۇن-نىڭ سالقىن شامىلىدا يېنىك تەۋرەنمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇنداق تەۋرىنىشى گويا مېنىڭ مىسكىن كۆڭلۈمدىكى غەشلىكنى چىقىرىپ تاشلىۋېتىدىغاندەك ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. مەجنۇنتالنىڭ مۇزدەك شولىغا كېلىپ يۆلەندىم. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان يۇمران، ئىنچىكە نوتىلىرى ئۇماق بالىلارنىڭ بۇدرۇق قوللىرىدەك ئەركىلىگەن ھالدا بوينۇمغا گىرە سېلىپ، تاتلىنىقىنە غىدىقلاشقا باشلىدى. ئەمما، بۇ يەردىمۇ ئۇزاق تۇرالمىدىم. كۆڭلۈمگە سەلىمە ئىككىمىلەن دائىم بېرىپ ئولتۇرىدىغان كۇتۇپخانا ئالدىدىكى چىملىققا — سەككىز تۈپ قارىغاي ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان يۆلەنچۈكلۈك ياغاچ ئورۇندۇق چۈشتى. شۇ ياققا قاراپ يول ئالدىم. مانا بۇ تونۇش ئورۇندۇققىمۇ يېقىنلاپ قالدىم. ئەپسۇسكى، باراقسان قارىغاي شاخلىرى ئارىلىرىدىن كىملەرنىڭدۇ پىچىرلاشلىرى ئاڭلاندى. ئامالسىز ئاستا ئارقامغا يېنىشقا مەجبۇر بولدۇم. قەدەملىرىم ئىختىيارسىز سىنىپىمىز ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

مانا بۇ — ئۆز سىنىپىم، ئېچىۋېتىلگەن سىنىپ دېرىزىسى ئالدىغا كېلىپ ئىچكىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرگە دىققەت قىلماقتىمەن. تورۇسقا ئېسىلغان رەڭمۇ رەڭ گۈللۈك قەغەزلەر نىئونلۇق چىراغ نۇرىدا سىنىپ ئىچىنى قىزغۇچ سېرىق نۇر ئىچىگە تولدۇرۇۋېتىپتۇ. ئىشىك يېنىدىكى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلغان ئۈنئالغۇدىن يېقىملىق ۋالىس مۇزىكىسى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ئەنە، مۇرات سەلىمەنى تانسىغا تەكلىپ قىلدى. سەلىمە ئورنىدىن ئەدەپ بىلەن يېنىك تۇرۇپ، مۇرات بىلەن ۋالىسقا پىرقىراشقا باشلىدى. سەلىمەنىڭ چىرايى بىر خىل ئۆزگىچە بەختتىن كۈلۈمسىرىگەن. مەن ئۇنىڭ بەخت خۇشاللىقى جىلۋىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا تەلمۈرگەن ھالدا نېمىنىدۇ بىلمەكچى بولغاندەك ئۇنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتتىم. سەلىمە ئېھتىمال. ھازىر خىزمەت تەقسىماتى توغرىسىدىكى ئىشتىن شادلىنىۋاتسا كېرەك. بۇنى ئۇ بۈگۈنكى ئولتۇرۇشتا مۇئەللىمدىن ئاڭلىدى بولغاي. مەن سىنىپتىن چىقىپ كېتىشنىڭ ئالدىدا مۇئەللىم ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى ئېيتىۋاتقاندەك قىلىۋىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى شادلىقمۇ، مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ نازۇك پۇتلىرىنى چىرايلىقىنە ئېلىشىمۇ بەلكىم

شۇلەڭگەندىندۇر. شۇ تاپتا سەلىمەنىڭ ئالدىدا تانسا ئويناۋاتقان كىشى مەن بولغىنىمدا ئۇ قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر ئىدى ـ ھە؟! بەلكىم ئۇ مېنى مۇئەللىم ھېلىراقتا ئۇنىڭغا ئېيتقان خۇش خەۋەرگە تەڭ شېرىك قىلار ئىدى. ئەمما...

بىز ـــ سەلىمە ئىككىمىلەن گەرچە بىرىمىز يېزىدا، بىرىمىز چوڭ شەھەردە ئۆسكەن بولساقمۇ ناھايىتى تېزلا چىقىشىپ قالغانىدۇق. مۇئەللىملەرنىڭ سەلىمە ئىككىمىلەنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. شۇڭا ئۇلار بىزگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭغا يارىشا ئوقۇش نەتىجىلىرىمىزمۇ ئۇلارنىڭ تەلىپىگە لايىق كېلىدۇ. سەلىمەنىڭ ئارزۇسى بۇرۇن ئوقۇتقۇچى بولۇش ئىدى. مەنمۇ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىنى يامان كۆرمەيدىغانلاردىن. شۇڭا ئۇلار بىزنى مەكتەپتىلا ئوقۇتقۇچىلىقتا ئېلىپ قالماقچى بولغانىكەن. شۇ كۈنى مەن بۇنى ئاڭلاپ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىمنى ھازىر تىل بىلەن تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. لېكىن، ئۇ كۈنكى خۇشاللىق بەك قىسقا، پەقەت يېرىم كۈنلا داۋام قىلدى. شۇڭا مەن بۇ خۇشاللىقتا سەلىمەنى تەڭ شېرىك قىلالمىغانىدىم. مانا، سەلىمە بۇنى ئەمدى ئۇققان ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇ بۇنىڭدىن شادلىنىۋاتىدۇ. مەن بولسام ئەمدى سەلىمە بەخت، خۇشاللىق دەپ بىلگەن بۇ ئىشتىن ئازابلىنىۋاتىمەن. بۇ ئازاب ھازىر پەقەت مەن بىلەنلا چەكلىنىۋاتىدۇ. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن سەلىمەمۇ بۇنىڭغا قېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. بۇنى يوشۇرۇپمۇ ئۆتكۈزۈۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇنى سەلىمە چوقۇم بىلىشى كېرەك. بىراق، مەنغۇ ئوغۇل بالا، ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىككە بەرداشلىق بېرەلەيمەن. سەلىمەچۇ؟ ياق، ئۇمۇ ئوخشاش ئەقىل ئىگىسى؛ ئالىي مەكتەپنى تۈگىتىش ئالدىدا تۇرغان بىلىملىك ياش، ئۇمۇ بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن...

سەلىمە مۇراتقا بىر نېمىلەرنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ چىرايىدىكى بايىقى خۇشاللىق سەل سۇسلاشقاندەك قىلىدۇ. ئۇ مەن توغرىدا مۇراتقا شىكايەت قىلىپ بېرىۋاتامدىكىنە؟! مۇرات ئىككىمىزنىڭ يېقىن ئاغىنە ئىكەنلىكىمىزنى ئۇ بىلىدۇ. راست، مەن سەلىمەگە بىر ھەپتىدىن بېرى كەمدىن كەم گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئامال بار ئۇنىڭدىن قېچىپلا يۈرىمەن. سەلىمە مەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان چاغلاردا كۆڭلۈمدىكىنى سەزگەندەك: نېمە بولدىڭىز؟ كەيپىياتىڭىز بىر قىسمىلىغۇ؟ دەپ سورايدۇ. ئەنە مۇرات بېشىنى ئېغىتىپ كۈلۈپ كەتتى. چوقۇم مەن توغرىلىق گەپ بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق. راست، مەن ھازىر غەلىتىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. بۇنى بىر كىمگە بىلىندۇرمەسلىككە ھەر قانچە تىرىشىپ باقساممۇ، سەلىمەنىڭ سىنچى كۆزلىرىدىن قۇتۇلۇش قىيىن. كەيپىياتىم خۇددى چىۋىن يۇتىۋالغان كىشىنىڭكىدەك چۈشكۈن، پەرىشان...

سەمەت شىشە ـ رومكىلارنى كۆتۈرۈپ، باللارنى ئارىلىغان ھالدا ھاراق قۇيماقتا. بەزىدە ئۆزىمۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى دەپ بىرەر ئىككىنى قېقىپمۇ قويۇۋاتىدۇ. كېلىمنىڭ قۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. مۇزىكا ئاخىرلاشتى. سەلىمە قاتار ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان ئوغۇللارغا كۆز يۈگۈرتتى. بەلكىم، ئۇ مېنى ئىزدەۋاتسا كېرەك. ئۇنىڭالغۇدىن

شوخ دېسكو مۇزىكىسى چىقتى. مانا، سەمەت شىشە ـ رومكىلارنى ياندىكى ئۈستەلگە قويۇپ، كېلەڭسىز پۇتلىرى بىلەن ئوڭ ـ تەتۈر دەسسەپ دېسكو ئۇسسۇلىنى باشلىۋەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا جور بولۇپ سىنىپىمىزنىڭ «دېسكو چولپىنى» چىمەنگۈل ئورنىدىن تۇردى.

مەن سىنىپقا كىرىش نىيىتىدىنمۇ يالتايدىم، بۇ چۈشكۈن ھالىتىم بىلەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ قىزغىن كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزمەي، دەپ قايتىدىن سېمونت يولغا چۈشۈپ مەكتەپنىڭ كەچلىك ماگىزىنىغا قاراپ ماڭدىم. مەكتەپ ماگىزىنىغا ئېلىپ بارىدىغان يولدىكى چىراغلار بۈگۈن نېمىشقىدۇر پۈتۈنلەي يانمىغان، ئەتراپ قاپقاراڭغۇ، جىمجىت ئىدى. يولدا يالغۇز كېتىۋاتىمەن. بۇندىن ھەپتە ئىلگىرىلا بۇ يولدا سەلىمە ئىككىمىز بىللە ماڭغانىدۇق. ئۇ كۈنىمۇ بۇ يولدىكى ئېلېكتىر چىراغلىرى پۈتۈنلەي يانمىغان، ئەتراپ قاراڭغۇ، ۋاقتىمۇ بۈگۈنكىگە ئوخشاش ئونبىردىن ئاشقان چاغ ئىدى. سەلىمە مېنى قولتۇقلىۋالغانىدى. بىز پەس ئاۋازدا پاراڭلىشىپ ماڭغانىدۇق ...

ماگىزىن ئالدىغىمۇ كېلىپ قاپتىمەن. يولنىڭ بىر چېتىگە ئۆتۈپ تۇرۇپ قالدىم. كۆز ئالدىمدا سەلىمە ۋە ئاغرىقچان ئانام گەۋدىلەندى. ئەنە ئانام، ئۇنىڭ ۇتى يالاڭغىداق. ئۇ ئوشۇقىغىچە پۇرقىراپ تۇرغان ئۆلۈك توپىنى كېچىپ كېتىۋاتىدۇ. ،ن ئوقۇشقا ماڭغان يىلى ئۇ ئەنە شۇنداق يالىڭاياق ھالدا يېزىنىڭ سىرتىغىچە مېنى ۇزىتىپ چىققانىدى....

ماگىزىنغا كىرىپ تاماكىدىن بىر قاپ سېتىۋالدىم. بۇ مېنىڭ ھېلىراقتا سەلىمە بىلەن بولىدىغان سۆھبەتكە تەييارلىقىم ئىدى. تاماكىنى ئېچىپ، تاماكىدىن بىرنى چىشلىگەنچە تۇرۇپ قالدىم. چۈنكى، بۇ مېنىڭ تاماكا تاشلىغىنىمغا ئۈچ ئاي بولغاندىن كېيىن ئۇنى قايتا ئېغىزىمغا ئېلىشىم ئىدى. شۇ ئەسنادا كۆز ئالدىمغا سەلىمەنىڭ تاماكا چېكىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن چاغدىكى قېيداپ ئاچچىقلاشلىرى كەلدى. سەلىمەنىڭ ئاشۇ قېيداشلىرى ئۆز ۋاقتىدا تاماكا تاشلىشىمغا سەۋەب بولغانىدى. مانا ھازىر ئۇنى قايتا ئېغىزىمغا ئالماقچى بولۇۋاتىمەن. بۇ نۆۋەت سەلىمەمۇ توسۇپ قالالمايدۇ. مەن تاماكا چېكىشنى داۋاملاشتۇرماقچى. بۇنىڭغا مېنىڭ ۋىجدانىم يول قويۇۋاتىدۇ. مەن تاماكىدىن بىر قىسىم كىشىلەرگە ئوخشاش تېنىمگە ئارام، كۆڭلۈمگە خۇشلۇق تاپماقچى، ئېغىزىمدا چىشلەكلىك تۇرغان تاماكىغا سەرەڭگە چاقتىم. دەسلەپ قاتتىق ـ قاتتىق شورىغانىدا ئىچىمگە تارتقان دۇت گېلىمنى ئاچچىق ئېچىشتۇرۇپ قىرىپ ئۆتتى. مەن يەنە ئوقۇتۇش بىناسىغا قاراپ يول ئالدىم. يېنىمدىن بىر قانچە قېتىم شەپەرەڭلەر ئۇچۇپ ئۆتتى. يېرىم يولغا كەلگەندە يولدىن چىقىپ سەككىز تۈپ قارىغاي ئوتتۇرىسىغا ئورنىتىلغان ھېلىقى مۇقەددەس ئورۇندۇقىمىز تەرەپكە بۇرۇلدۇم. جىمجىت، پىچىرلاشلار ئاڭلانمايدۇ. ھېلىراقتا بۇ يەرگە «خوجايىن» بولۇۋالغانلار قايتىپ كېتىشكەن ئوخشايدۇ. سوۋۇپ قالغان ئورۇندۇق ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم. بۇ ئورۇندۇق سەلىمە ئىككىمىز ئۈچۈن تولىمۇ مۇقەددەس. ئۇ ئۆز ۋاقتىدىكى بارلىق پاراڭلىرىمىزغا بىردىنبىر گۇۋاھ بولغۇچى. تۇنجى قېتىم بىز مۇشۇ ئورۇندۇق ئۈستىدە ئۆمۈرلۈك ئىشىمىز توغرىسىدا سۆز ئېچىشقانىدۇق، ئاشۇ

كۈندىن ئېتىبارەن بىز تالاي كەچلەردە مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىن چىقىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدۇق. ئۈچ يىلدىن بۇيانقى شەنبىلىك كەچلەرنىڭ قايسىبىرىدە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرمىغىنىمىز بار؟!

يەنە بىر تال تاماكىغا ئوت يېقىپ، ئۇنى قاتتىق شورىدىم ـ دە، بېشىمنى كەينىمگە تاشلاپ، يۆلەنچۈككە يۆلەندىم. كۆزۈم كۆككە تىكىلدى. كۆككە بوي تارتقان سەككىز تۈپ قارىغاي ئوتتۇرىسىدىن ئاسمان گۈمبىزى كىچىككىنە كۆرۈنىدۇ. ئايسىز ئاسمان، ئۇنىڭدا پەقەت يۇلتۇزلارلا سوغۇق جىمىرلىشىدۇ. بۇ مېنىڭدەك غېرىبسىنىپ ئولتۇرغان ئادەم ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب؟ مەن بۇ زېرىكىشلىك تۈن ئاسمىنىغا قارىغانچە چوڭقۇر خىيالغا پاتتىم.

بۇندىن ئالتە كۈن ئىلگىرى سەلىمەنىڭ دادىسى بېيجىڭغا كەلگەنىدى. شۇ چاغدىكى ئۇچرىشىش ئېسىمگە چۈشتى. ئۇ كۈنى سەلىمە مۇرات ئىككىمىزنى ساتتاركامغا بىردەم ھەمراھ بولۇپ بەرسۇن، دەپ ياتىقىغا چاقىرغانىدى. بىز سەلىمەلەرنىڭ ياتىقىغا كىرگەندە تۆردىكى ياغاچ كارىۋاتتا ئولتۇرغان كادىر سىياقىت، سېمىز ئادەم ياغاچ كارىۋاتنى غىچىرلاتقان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوخشىتىپ قويۇلغان ھېسىپتەك بۇدرۇق قوللىرىنى ئۇزىتىپ بىز بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. سالام ـ سائەتتىن كېيىن بىز بۇ ئادەمدىن ئەيمەنگەن ھالدا بىردەم جىم ئولتۇرۇپ قالدۇق. مەن ساتتاركامنىڭ گىردىدەك كۆپۈپ تۇرغان يۈزىگە قاراپ ـ قاراپ قويىمەن. نېمە ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ سول مەڭزىدىكى پۇرچاق چوڭلۇقىدىكى قارا مەڭ مېنى ئۆزىگە ئالاھىدە جەلب قىلماقتا. بۇ كىشىنى قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلاتتىم. سەلىمە پىيالىلەرگە قۇيۇلغان چاينى ھەر بىرىمىزنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ، دادىسىغا بىزنى تونۇشتۇردى. ساتتاركام سەلىمەنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن يۇرتۇمنىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ، ئالاھىدە قىزىقىش بىلەن:

— مانا قارا، بىز بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىزغۇ؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— دادام دائىم سىلەرنىڭ يۇرت توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى، — دەپ گەپ قىستۇردى سەلىمە ماڭا خۇش خۇيلۇق بىلەن.

— سىز شەھەردىنمۇ؟ ياكى... ھە، يېزىدىن دەڭ، قايسى يېزىدىن؟ — دېدى ساتتاركام چاينى بىر ئوتلاپ قويۇپ.

— بوستان يېزىسىدىن، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— بوستان؟! — ساتتاركام نېمىنىدۇر ئويلاپ تۇرۇپ قالدى، بىر كەمدىن كېيىن، — مەن بۇندىن خېلى يىللار ئىلگىرى بوستاندا خىزمەت بىلەن بىر مەزگىل تۇرغان، — دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى.

— تونۇشلىرىڭىز باردۇ؟

ساتتاركام بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىر نېمىدىن سەل قىسىلغاندەك ئورنىدا قىمىرلاپ قويدى. كېيىن نېمىشقىدۇر ئۇزاققىچە جىمىپ كەتتى.

— يوق، — دېدى ئۇ بىر كەمدىن كېيىن، — بار دېگەندىمۇ ئۇياقلارغا ئۆتمىگىلى ئۇزۇن زامانلار بوپكەتتى، ئۇنتۇپ كەتتۇق.

ساتتاركام سۆزىنى تۈگىتىپ پىيالىنى قولىغا ئالدى، مەن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك شۈك ئولتۇرماقتىمەن. مۇراتمۇ ھېچبىر زۇۋان سۈرەي دېمەيدۇ. ھەممىمىز جىمجىتلا ئولتۇرۇپ قېلىشتۇق. پەقەت سەلىمەلا بىزنى ھېلىدىن ھېلىغا چايغا تەكلىپ قىلاتتى. ھېچنەرسىگە مەيلىم يوق. پەقەت سەلىمەنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىر تال

كەمپۇتنى ئېلىپ ئاغزىمغا سالدىم، چاينى بىر - ئىككى ئوتلىدىم.

— بوستاندا پەزىلەت ئىسىملىك بىر ئايال بولىدىغان، — دېدى ساتتاركام بىر پەستىن كېيىن، — ئۆز ۋاقتىدا ئىككىمىز خىزمەتداش ئىدۇق. ئاڭلىشىمچە، ئۇنىڭ يولدىشىنى ئۆلتۈرۈپ كېتىپتۇ دەمدۇ؟! ئۇنى تونۇمسىز؟

خام ياغ يۇتۇۋالغان ئادەمدەك سەسكىنىپ كەتتىم. بۇ ئادەم ئانامنى سورايدىغۇ؟ بىزنىڭ بوستاندا پەزىلەت ئىسىملىك يەنە بىرسى بارمىدۇ؟ بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىشقا باشلىدى. بەلكىم چىرايىممۇ ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ، ھېلىمۇ ياخشى سەلمەنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكىنى، ساتتاركاممۇ پىيالىدىكى چاينى سۈمۈرىمەن، دەپ مەندىكى ئۆزگىرىشلەرنى سېزىپ ئالالمىدى، تېز ئەسلىمگە قايتتىم.

— ئۇ ئايالنى تونۇمايدىكەنمەن...

گېپىم قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. كۆڭلىكىمنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېچىۋېتىپ، كۆكسۈمنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدىم. بۇنىڭدىن ۋۇجۇدۇم سەل - پەل ئارام تاپقاندەك بولدى. شۇ ئەسنادا بۇندىن بىر قانچە يىللار ئىلگىرىكى بىر ئىش كۆز ئالدىمدىن يالت قىلىپ ئۆتتەكەندى. ئۇ چاغدا مەن باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگىتىش ئالدىدا تۇراتتىم. بىر كۈنى ئەسكى - تۈسكىلەرنى قويىدىغان ئامبار ئۆيىمىزدىكى بىر تەرىپى ماكچىيىپ كاردىن چىققان كونا جىگەررەڭ خۇرۇم چامادانىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كونا كىتاب، ئەسكى قەغەزلەر ئارىسىدىن بىر سۈرەت تېپىۋالدىم. سارغايغان سۈرەت يۈزىدە ئىككى ئادەم ماڭا قاراپ ئۆرە تۇراتتى. مەن ئۇ ئىككىيلەندىن ئانامنى تونۇدۇم. ئانامنىڭ يېنىدىكى قارا بۇدۇرە چاچلىق ئادەم كىم بولغىيتى؟ ئۇنىڭ سول مەڭزىدە قارىمۇق چوڭلۇقىدا مەڭ بار ئىدى. مەن سۈرەتنى ئانامغا كۆرسەتتىم. ئۇ سۈرەتكە ئۇزاققىچە قاراپ قالدى.

— ئانا، مۇنۇ كىم بولىدۇ؟

— مېنىڭ ئاكام.



— ئۇ ھازىر قەيەردە؟

— ئۆلۈپ كەتكەن...

— قاچان ئۆلۈپ كەتكەن؟

— ئۇ چاغدا سەن كىچىك ئىدىڭ.

شۇ گەپتىن كېيىن قولۇمدىكى سۈرەتكە قارىغىنىمچە تۇرۇپ قالغانىدىم. ئانام سۈرەتنى يىرتىۋەتمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ قولىدىن سۈرەتنى يۇلۇپ ئېلىۋالغانىدىم. مەن شۇ كۈندىن باشلاپ يۈزىدە قارا مېڭى بار چوڭ دادامنى كۆپ سېغىنىدىغان، بۇ سۈرەتنى بوغچامدىن ئايرىماي ئەتىۋارلاپ ساقلايدىغان بولدۇم. دادىمىز بىزنى كىچىكلا تاشلاپ قويۇپ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقانىكەن. كۆپ ھاللاردا بوغچامدىكى ھېلىقى سۈرەتنى قولۇمغا ئېلىپ، مۇشۇ چوڭ دادىمىز ھايات بولغان بولسا، ئۆگەي دادىنىڭ دەردى ھېچ نېمە بىلىنمەس ئىدى. ئۇ چاغدا بىچارە ئانامنىڭمۇ ئىككى ئېغىز ياندۇرۇپ گەپ قىلالىغۇدەك ئادىمى بولغان بولاتتى-دە، ئانام بۇ رەھىمسىز، مۇتەئەسسىپ ئۆگەي دادىمىز ئالدىدا بۇنچە تېز مۈكچىيىپ، ئاغرىقچان بولۇپ كەتمەس ئىدى، دەپ ئويلايتتىم.

ئىككى كۈن بۇرۇن مەن، سەلىمە ۋە ئۇنىڭ دادىسى ھايۋاناتلار باغچىسىغا بارغانىدۇق. ساياھىتىمىزدا ئاپتوبۇستا ئادەم كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، مەكتەپكە پىيادىلا قايتتۇق. ساتتاركام مەكتىپىمىزگە قايرىلىدىغان تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى كىچىك دۇكان ئالدىغا كەلگەندە تاماكا ئېلىۋالاي، دەپ كەينىمىزدە قالدى. ساتتاركامنىڭ يوقلۇقىدىن پايدىلىنىپ، نەچچە كۈندىن بېرىقى گۇمانلىرىمنى سەلىمەگە بىلدۈرمەكچى بولدۇم:

— سەلىمە، دادىڭىزنى چۈشىنەمسىز؟

سەلىمە بۇ سوئالدىن ئەجەبلىنىپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىدى.

— قانداق دەيسىز؟ گېپىڭىزنى ھېچ چۈشەنمىدىمغۇ؟ — ئۇ بۇ تاسادىپىي سوئالدىن ھەقىقەتەن تېڭىرقاپ قالغانىدى.

— مەسىلەن دېيلى، ساتتاركام ئۆز دادىڭىزمۇ؟... كۈلمەڭە! بۇ چاقچاق ئەمەس.

سەلىمە يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— قىزىق، ئۆز دادام بولماي ئەمىسە.

جاۋابنى ئاڭلاپ، پۈتۈنلەي روھىم چۈشۈپ كەتتى. شۇ چاغدا چىرايىممۇ تاتىرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، سەلىمە بۇنى سەزدى بولغاي، يېنىمغا كەلدى، ئۇ:

— نېمە بولدى؟ بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ راستىڭىزنى ئېيتىسىڭىزچۇ، قادىر، نەچچە كۈندىن بېرى سىزگە زادى نېمە بولدى؟ — دېدى.

بېشىمنى چايقاپ، ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم. سەلىمەنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئىپادىلەش قىيىن بولغان تەشۋىش، گۇمانسىراش، ئىچ ئاغرىتىش ئالامەتلىرى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— سەلىمە، دادىڭىز ئوقۇغانمۇ؟ — ئاۋازىممۇ تىترەپ چىقىشقا باشلىدى.

— ھوي، سىزگە زادى نېمە بالا بولدى؟ دادام بىلەنلا قالدىڭىزغۇ؟ ئوقۇپتىكەن، ھە...— سەلىمە شۇنداق دېدى-يۇ لېكىن، بىر نەرسىنى ئويلاپ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

بەدىنىم ئاشۇ دەقىقىدە خۇددى بىردىنلا بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمدەك تىتىرىگىلى تۇردى.

www.uyghurkitap.com

— قايسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتىسەن؟

— مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە.

ئاھ! خۇدا، مەن نېمە بولدۇم؟ نېمە دەپ ساتتاركامنىڭ ئوقۇغان مەكتىپىنى سورىدىم - ھە؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سەلىمە بۇرۇن ئېيتىپ بەرگەنىغۇ؟ سورايدىغانغا ماڭا باشقا سوئال يوقمىدى؟ لوقۇلداپ ئاغرىۋاتقان بېشىمنى ئالقانلىرىم ئارىسىغا ئېلىپ، چۈشكۈن ھالەتتە توڭگۈلۈپ ئولتۇرماقتىمەن. تۇيۇقسىز كىملەرنىڭدۇر ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بېشىمنى كۆتۈرمەي شۇك ئولتۇرۇۋەردىم. ئاياغ تىۋىشى شىپىلداپ يېنىمغىلا كېلىپ توختىدى. بىر كىملەرنىڭ نېمىدۇر دەپ پىچىرلاشلىرى ئاڭلاندى. مانا ئەمدى باشقىلار مېنى بۇ قەدىناس ئورۇندۇقىمىزدىمۇ ئارامخۇدا ئولتۇرغۇزماي، بۇ يەردىن قوغلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئورۇن بوشىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئورۇندۇق تىۋىدىن كەتمەكچى بولدۇم. لېكىن، ئاياغ تىۋىشى قايتا ئاڭلىنىپ قالدى. ئۇلار مەندىن بارا - بارا يىراقلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. بېشىمنى كۆتۈردۈم. بىر - بىرىنى قولتۇقلىشىۋالغان بىر جۈپ گەۋدە قارىغاي ئارىسىدىن چىقىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. تاماكىدىن بىرنى ئېلىپ تۇتاشتۇردۇم. تۆت - بەش يىل بۇرۇن مۇنداق بىر ئىش بولغانىدى. ئۇ چاغدا مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ئالدىدا تۇراتتىم. بىر كۈنى شەھەردىن ئانامنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بىردىنبىر قېرىندىشى ماھىنۇر چوڭ ئانام بالىلىرىنى ئېلىپ، بىزنىڭ ئۆيدە بىر مەزگىل تۇرۇش ئۈچۈن چىققانىدى. بىر ئاخشىمى ئۇنىڭ شوخ، ئەدەبسىز كىچىك ئوغلى بوخچامنى ئاختۇرۇپ، قىزىل تاشلىق خاتىرە دەپتىرىم ئىچىدىن ھېلىقى سۈرەتنى كۆرۈپ، ئۇنى ئاپىسىغا كۆرسەتكەنىكەن. چوڭ ئانام سۈرەتنى كۆرۈپ قايناپلا كېتىپتۇ. تالادىن كىرىشىمگە يىرتىپ تاشلانغان سۈرەت پارچىلىرىنى بېشىمغا ئاتتى:

— سەن شۇم بۇ ئۆلگۈرنىڭ رەسىمىنى ساقلاپ نېمە قىلاتتىڭ - ھە؟

مەن بۇ ئىشتىن ھاڭ - تاڭ قالدىم. بۇلار نېمە دەيدىغاندۇ؟

— ساقلىسام نېمە بولىدىكەن، ئۇ مېنىڭ چوڭ دادامغۇ؟ — يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلغان ھالدا شۇ سۆزنى ئېغىزىمدىن چىقىرالىدىم.

— نېمە؟ ساڭا كىم شۇنداق دېدى؟

مەن چۆچۈگەن ھالدا ئانامغا قارىدىم.

ئانام ئوچاق بېشىدا ئولتۇرۇپ ئىسەدەپ يىغلاۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ، بىر كىم گېپىمنى بوغۇۋالغاندەك قىسىلىپ كەتتىم. ئانام ئوچاقتىكى كۆلنى داسقا ئېلىپ، ھويلىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

— ئۇ سېنىڭ داداڭ، دېدى چوڭ ئانام، — ئۇ ئالدامچىنىڭ ئىسمى ساتتار، شەھەردىن بۇ يەرگە كادىر بولۇپ چۈشكەندە ئاناڭ بىلەن توي قىلغان. سەن تۇغۇلۇپ ئىككى ياشقا تولغان يىلى ئۇ جۇۋاينىمەك ئاناڭنىڭ ئاغرىقچان بولۇپ قالغانلىقىغا قارىماي، بېيجىڭدىكى كادىرلارنى تەربىيىلەيدىغان مەكتەپ، دەمدۇ بىر يەرگە ئوقۇشقا كەتتى. داداڭدىن دەسلەپ ئارىلاپ - ئارىلاپ خەت - خەۋەر كېلىپ تۇردى. كېيىن نېمە بولىدىكىن؟ بىر يىل بولاي دېگەندە تۇرۇپلا خەت - خەۋەر ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىككى يىلدىن كېيىن بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇتلا داداڭدىن بىر پارچە خەت كېلىپ قالدى. خۇدايىم تىۋۋا دەيمەن، ئورۇن تۇتۇپ ياتقان ئاناڭ خەت كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن ساق ئادەمدەك تۇرۇپ

كەتتى. لېكىن لىپاپىنىڭ ئىچىدىن نېمە چىقتى، دېگىن، ئاناڭ زارىقىپ كۈتكەن خەت ئىچىدىن نىكاھتىن ئاجرىشىش قەغىزى چىقتى. ئاناڭ خەتنى كۆرۈپلا كەينىگە ئۈچۈپ كەتتى... كېيىن ئۇقساق، ئۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئوقۇغان بىر ئايال بىلەن توي قىلىپ ئۈرۈمچىدە قالغانىكەن. دەۋا قىلايلىمۇ دېدۇق. ئەمما، ئۇ قالايمىقان يىللاردا كىم بىزنىڭ ھالىمىزغا يەتسۇن...

بۇلارنى ئاڭلاپ قولۇمنى قاتتىق چىشلىگەن پېتى زۇۋان سۈرمەي ئۇزاققىچە ئولتۇرۇپ قالغانىدىم. راست، مەن ئاشۇ مىنۇتتا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم ـ ھە؟

تۈن يېرىم بولاي دېدى. مەن يەنىلا مۇزدەك ئورۇندۇق ئۈستىدە ئولتۇرماقتىمەن. بىر قاپ تاماكا تۈگەي دەپ قالدى. نېرىدا، دەرەخلەر ئارىسىدا قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان ئوقۇتۇش بىناسىغا تەلمۈرمەكتىمەن. بۈگۈن ھەممە گەپ ئوچۇق بىر تەرەپ بولدۇ. بىلىمەن، ئاشۇ سىرلىق يىللاردىن بىزگە يالدامە بولۇپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى بەختسىزلىك نەشتىرى يۈرىكىمىزگە دات باسقان يىڭنىگە ئوخشاش زەھەرلىك سانجىلدۇ. بۇنىڭدىن ھەر ئىككىمىز ئازابلىنىمىز. مانا ئاز قالدى. ئولتۇرۇشمۇ ئاياغلىشىدۇ. مەن سەلىمەنى بالىلاردىن ئايرىپ چاقىرىۋالىمەن. ئىككىمىز مۇشۇ ئورۇندۇققا ئاخىرقى نۆۋەت كېلىپ ئولتۇرىمىز. ئېھتىمال، ئوتتۇرىمىزدا دەسلەپ ئۇزۇنغا سوزۇلغان جىملىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. كېيىن سەلىمە نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ سورايدۇ. مەن ھەممە گەپنى ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتىمەن. سەلىمە بەلكىم ھە دېگەندىلا ھاڭ ـ تاڭ قالار، ئېھتىمال ئازابلىق ھاياجان ئىلكىدە ئۈنلىرىمۇ بوغۇلۇپ چىقار. سەلىمە ئىشنىڭ تەكتىنى چۈشەنگەندە، بۇنىڭدىن كەلگەن زەربىگە دەسلەپ بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشى مۇمكىن. تاماكىدىن بىرنى ئېلىپ چىشلىگىنىمدە ئۇ تاماكىنى بۇرۇنقىدەك ئېغىزىمدىن يۇلۇپ ئېلىپ تاشلىۋېتەرمۇ، ياق. ئۇ بۇ قېتىم ئۇنداق قىلمايدۇ. چۈنكى، مېنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى ئۇ چۈشىنىدۇ. تاماكىغا سەرەڭگە چاقىمەن. سەلىمە ئۈنسىز مىشىلداپ يىغلايدۇ. بىز ئاشۇ يوسۇندا ئولتۇرىمىز. ئوتتۇرىدا گەپ ـ سۆزنىڭ ئورنىدا ئېغىر تىنىشلار، يۈرەكنى ئەزگۈدەك ھەسرەتلىك ئۇھلار ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ... قەدىناس ئورۇندۇقىمىز بىلەن ئەنە شۇنداق خوشلىشىمىز. مەن ئايرىلىش ئالدىدا سەلىمەگە يۇرتۇمغا كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن. سەلىمەمۇ بىر نېمە دېيىشى مۇمكىن... بولدىلا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمدى مەن ئۈچۈن بەرىبىر نەرسىلەر. بىز خوشلىشىپ ئايرىلىمىز. ئەمما، مەن شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمەن، ھەر ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى مەڭگۈ ئۇنتالمايمىز.

ساۋاقداشلارنىڭ تونۇش خۇشال كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ، دەرەخ ئارىسىدىن چىقتىم. ئەنە، دوستلىرى قاتارىدا كېلىۋاتقان سەلىمە، ئۇ نېمە توغرىسىدىدۇر چاقىلداپ سۆزلىمەكتە. مانا، قىزلار توپى ماڭا يېقىنلاپ كەلدى.

يۈرىكىمنىڭ ئەنسىز سېلىشىنى تەستە بېسىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ـ قىممەتلىك ئادىمىم ئالدىغا قاراپ قەدەم باستىم ـ دە، تۇرۇپ قالدىم....

(يېرىم كېچە، چوڭ سىنىپتا يېزىلدى)»

## خاتىمە

خاتىرە مانا شۇ يەردە ئاخىرلاشقانىدى. قادىر مەكتەپتە يازغان بۇ خاتىرىسىنىڭ ئاخىرىغا مۇنۇ قۇرلارنى قوشۇمچە قىلىپ قويۇپتۇ. بۇ قۇرلار قارىغاندا يېقىندىلا يېزىلغاندەك قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

«مۇرات، مەن شۇ كۈنى دەرەخ ئارىسىدىن ئالدىڭلارغا چىققانىدىم. خاتىرىدە ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك ھەممە گەپنى ئاشۇ كۈنى سەلىمەگە ئوچۇق ئېيتماقچى ئىدىم. ئەمما، ئاراڭلاردا كېلىشىۋاتقان سەلىمەنىڭ خۇشال كەيپىياتىنى كۆرۈپ، بۇ نىيىتىمدىن ياندىم، كەينىمگە قايتىپ، قارىغاي دالدىسىغا ئۆتتۇۋالدىم. شۇ دەقىقىدە سەلىمەنىڭ خۇشال كۆڭلىنى ئەسكى قىلىشنى خالىمىدىم. ئارىلىقتا يەنە بىر نەچچە كۈنمۇ ئۆتۈپ كەتتى. قانچە قىلىپمۇ بۇ ئىشلارنى سەلىمەگە يۈز - تۇرانە ئېيتالمىدىم. ئاخىر ۋاڭ مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم. ئۇ مېنىڭ يۇرتقا كېتىش توغرىسىدىكى تەلىپىمنى ئاڭلاپ، دەسلەپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى، كېيىن نېمە سەۋەبتىن مۇنداق قىلىدىغانلىقىمنى قايتا - قايتا سوراپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى بۇ ئىشلارنى باشقا بىرىگە تىنماسلىق توغرىسىدا ئۇنىڭدىن ۋەدە ئالغاندىن كېيىن، ھەممە ئىشلارنى ئاشۇ مۇئەللىمگە ئېيتىپ بەردىم. سەن بىلىسەن، بۇ مۇئەللىم بىزگە تولىمۇ ئامراق ئىدى، بەكمۇ كۆيۈنەتتى. ئاخىرى رەسمىيەتلىرىمنى ۋاڭ مۇئەللىم ئۆزى بېجىرىپ بەردى، مېنى ئېلىپ قالىمىز دېگەن ئوقۇتقۇچىلارنىمۇ ئۇ ئۆزى كۆندۈردى، سەلىمەگىمۇ ئاشۇ مۇئەللىم دەسلەپ ھەممە گەپنى ئۇقتۇردى. كېيىن سەلىمە ئىككىمىز ئاشۇ مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىدا پاراڭلاشتۇق... يۇرتۇمغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ كېلىشمەسلىكلەرنى ئانامغا ئېيتىپ بېرىش نىيىتىگىمۇ كەلگەنىدىم. سىر يوشۇرۇپ ياشاشمۇ ئادەم ئۈچۈن بىر ئازابكەن. ئاشۇنداق قىلسام ئىچىم بوشاپ، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلۈپ قالىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئەمما ئاخىرىدا ئويلاپ كۆرۈپ، ئۇنداق قىلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ئانامنىڭ ئاز قالغان ئۆمرىدە يەنە ئازابلىنىپ ئولتۇرۇشىنى، يۈرىكىنىڭ قايتىدىن يارا بولۇشىنى خالىمىدىم. ھەممىنى ئىچىمگە يۇتتۇم. مانا ھازىر بۇ سىردىن ۋاڭ مۇئەللىم، گۈلگىنە ۋە سەن ئۈچىڭلار خەۋەر تاپتىڭلار.

خەير، ئاداش. ئەمدى بولدى قىلاي، مېنىڭ توي خەۋىرىمنى كۈتكىن! تويدا سېنى ئالدىن چاقىرتىمەن، يۇرتۇمنى كۆرۈش ئارزۇيۇڭ بار ئىدى. مۇشۇ باھانىدە بىر كۆرۈپ كەت.

قادىر.»

قادىردىن كەلگەن خەتلەرنى ئوقۇپ تۈگەتتىم. خەتلەرنى ئوقۇپ بولۇپلا ھەر قېتىمقىغا ئوخشاش چوڭقۇر خىياللار قوينىغا غەرق بولدۇم. كۆز ئالدىمدا قادىر، سەلىمە ۋە ئۇلارنىڭ دادىسى گەۋدىلەنگەندەك بولدى. قادىرنىڭ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىكى ھالىتى، مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدىكى ۋە ئۈرۈمچى ئاپتوبۇس بېكىتىدە مەن بىلەن خوشلاشقان مەزگىلدىكى تۇرقىنى ئەسلىدىم. كونىلارنىڭ «ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمەيدۇ» دېگىنى بىكارغا ئېيتىلمىغان ئىكەن. بۇ ئاغىنەم بىر نەچچە يىل ئىچىدە نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ئىشقىلىپ كۆپ سورۇقچىلىقلارنى تارتقان بۇ ساۋاقدىشىم ئاخىر بەختلىك بولدى. مەن بۇنى ئارزۇ قىلاتتىم. خۇداغا شۈكرى. دوستۇم، ئەمدى مەڭگۈ بەختلىك بول، دەپ بۇ قەدىناس ساۋاقدىشىمغا بەخت تىلىدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

مەھەممەتجان راشىدىن

# ئۆز يار دېگەن گۈل قامەت

## بىلمىدىك

(بىر دوستۇمغا)

يالاق يۈرۈپ يولۇڭدا چاپقىنىمنى بىلمىدىك،
ئوتتا كۆيۈپ، سۆيۈڭدە ئاققىنىمنى بىلمىدىك،
يامانلاردىن پېشىڭنى تارتقىنىمنى بىلمىدىك،
ياخشىلارغا ئەزىزلەپ قاتقىنىمنى بىلمىدىك.

ھېيلىگەرگە ئالدىنىپ، سۇخەنچىگە دوست بولدۇڭ،
ئالدامچىغا ئەگىشىپ، ئوغرىلارغا پوست بولدۇڭ.
غەرەز نېمە بىلمەيسەن، ماختاپ قويسا خوش بولدۇڭ،
يەر تېگىدىن قانچە رەت باققىنىمنى بىلمىدىك.

شۇلار مېنى ئالدىڭغا چېقىپ بارسا، ئىشەندىڭ،
كىملەرگىدۇ بىلمەيمەن، چېتىپ بارسا، ئىشەندىڭ.
بايراق قىلىپ بوھتاننى چېپىپ بارسا، ئىشەندىڭ،
ئەمما، مېنىڭ خەلققە ياققىنىمنى بىلمىدىك.

ئايرىمىدىڭ ئەقلىڭدە، ئاغرىق قايسى، ساق قايسى؟
سەپسالمىدىڭ سىنچىلاپ، قارا قايسى، ئاق قايسى؟
مېۋە قايسى بىلمەيسەن، ياكى قۇرۇق شاخ قايسى؟
شۇ ئىشىڭدىن بەزىدە قاچقىنىمنى بىلمىدىك.

گۈلمۇ، تىكەن تۇتقىنى؟ پۇراپ باققۇڭ كەلمىدى،
ئاڭلىغانغا چىنپۇتتۇڭ، سوراپ باققۇڭ كەلمىدى.
نېمە ئىش بار تەكتىدە؟ قاراپ باققۇڭ كەلمىدى،
دېرىزەڭنى كېچىدە قاققىنىمنى بىلمىدىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوي - خىيالىڭ مەرتىۋە - مەنسەپ بىلەن چۇلغاندى،
پاك ۋۇجۇدۇڭ، ۋاي ئېست، مەزھەپ بىلەن بۇلغاندى.
دۈشمىنىڭگە ئايلاندىڭ، بوينۇڭ مەندىن تولغاندى،
ئەسلى سېنى قوشاققا قاتقىنىمنى بىلمىدىڭ.

ساڭا بولدى گال پىچاق گاڭ پىچاقتىن ئەتىۋا،
مەن ماتاغا ئايلاندىم، شۇلار بولدى شاتاۋا.
سوراپ كۆرسەڭ ۋەجىنى ياڭزا - ياڭزا پەتىۋا،
ئوي - خىيالغا شۇ سەۋەب پاتقىنىمنى بىلمىدىڭ.

ئېست، مېنىڭ ئەقىدەم سېنى دانا سانىغان،
ئېست، مېنىڭ ئەمگىكىم ئانا ئەلگە يارىغان.
دېھقان بولۇپ گويا كى قانچە قىرنى چانىغان،
بىر تال ئۇرۇق مېنىڭمۇ چاچقىنىمنى بىلمىدىڭ.

ھەسەتخورنىڭ سەن بىلەن چاراپ كەتتى چېچىكى،
تاۋار بولدى سەن بىلەن ئايىغىدا پېتىكى.
ھۇزۇرىڭدىن ھەر بارسا قۇرۇق يانماس ئېشىكى،
ئەمما، مېنىڭ ئەلەمدە قايتقىنىمنى بىلمىدىڭ.

شۇلار يېگەن قويلارنى تەك يەپ قويغان ئوخشايسەن،
تاپقىنىمىز ئۆلگۈچە تەڭ! دەپ قويغان ئوخشايسەن.
تاڭ سىلىق بولساڭ ئاشۇنداق، ئالۋاستىنى ئوقمايسەن،
چاقماق بولۇپ ئالدىڭدا چاقنىغىنىمنى بىلمىدىڭ.

ئارىمىزغا كېلىپ سەن يۈرگەن بولساڭ بىلەتتىڭ،
كىملەر ياخشى، كىم يامان كۆرگەن بولساڭ بىلەتتىڭ.
ناھەق ئىشچۇن مېنىڭدەك كۆيگەن بولساڭ بىلەتتىڭ،
يامانلارنى قارىلاپ ئاتقىنىمنى بىلمىدىڭ.

## بۇ تۇرمۇش

ئۆتەر ئاي يېنىدا بەزەن ئەرشئەلادا بۇ تۇرمۇش،
ئۆتەر گاھ ئايغا ئارماندا بېقىپ پەگادا بۇ تۇرمۇش.
كېتىشكەنلەر تىنچ تاپسا، تۆرەلگەنلەرنى ساقلاركەن

ئوشۇق ئاتقايكى قانداق؟ دەپ تۆمەن تاۋكادا بۇ تۇرمۇش.
ئۆكەتكەنمۇ ئاڭا بىر كىم ئۆمىد قىلغاننى ئۇرغىن دەپ،
ئاچارکەن هازىرسىن ئۆلمەي، قويۇپ ئەبگادا بۇ تۇرمۇش.
تالايلار تالىشىپ ئىچتۇق تالاي رىدت بىر چۆمۈچ سۇنى،
ئۇنى قانداق يوشۇرغايمەن، كېلەر غوۋغادا بۇ تۇرمۇش.
بىكار يازماپتىمكەن راهەت بىلەن غەمنى كىتابلارغا،
كېلەر هەركىم بېشى ئىچرە تۆمەن سەۋدادا بۇ تۇرمۇش،
يېتىپتۇ هەپىسدە هەتتا هېكىملەر پىرى لوقمانىمۇ،
ئېگىز ـ پەس بولغىنى قىزىق يەنە دانادا بۇ تۇرمۇش.
چىمەندىن يول ئېلىپ كىرگەن يۇرەر چاتقال ئارا يەغلاپ،
تامام كۆلكە بىلەن ئۆتمەس ئىسكەن رەنادا بۇ تۇرمۇش.
سۆزىنى تىڭشىسام، مىلك خىل ئېرور ئۆمرىدىكى قىسمەت،
يۈزىگە خال چېكىپ يۇرگەن كۆزى شەهلادا بۇ تۇرمۇش.
هەۋەس ـ نەپسى ئۈچۈن قۇتراپ كۆكۈل كەينىدە يۇرگەننى
شېرىن بىر چۈش كەبى ئالدار ئويۇن، ئاشنادا بۇ تۇرمۇش.
شەهەردىن ئىزدىشىپ ئۆتتى بىراۋلار سەيلە ـ سالقىننى،
يەنە كىملەردىدۇ، ۋاي ـ داد ئېيتىپ سەهرادا بۇ تۇرمۇش.
ئايان بولماي كېلۇر پىنهان تالاي ئىشنىڭ سىرى ـ ۋەجى،
تۇرۇپ گۇللەيدىكەن، تووا ئەجەب رەسۋادا بۇ تۇرمۇش!

## مەن بار

گۇلۇم، ئەندىشىدە بولما، يېنىڭدا هەر كېچە مەن بار،
بۇ چۈپلۈك بېغىدا بىللە ئاداقىى دەمگىچە مەن بار.
ئەگەر كىم قىلسا بىر ئىغۋا رەزىللەر ئاغزىدىن سۆزلەپ،
دەۋا غەۋغاسىدا تاكى ئۆلۈپ مەهشەرگىچە مەن بار.
قەيەردىن تووۇلساڭ لەببەي! دېگەيمەن هەر كۈن ئالدىڭدا،
هەقىقەت دارىغا شۇلار ئۆزى دۈچ كەلگۈچە مەن بار.
پەزىلەت قەۋمىدە يۇرگەن يىگىت، تەهقىق، ئەزىز بولسا،
ئەزىزمەن، ئەكىسىچە ـ نەشلەر ئۆزى جان بەرگۈچە مەن بار.
يۇرەر قۇزغۇن بۇ باغلاردا تىللەپ بۇلبۇل ئۈچۈن شۇملۇق،
دېگەي بۇلبۇل: بۇ دۇنيادا شۇ قۇزغۇن ئۆلگۈچە مەن بار.
ئاداشسام يول سوراپ يۇردۇم بېقىپ ئاغزىغا داناننىڭ،
جىمى ئورۇنغا هەپسالغىن: يەكادىن تۆرگىچە مەن بار.
ئارىلار قوينىدا قالدىم قونۇپ قۇشلار بىلەن بەزمان

www.uyghurkitap.com

بېلىقلار يۇرتى دەريا ھەم جىمى كۆللەرگىچە مەن بار.
چاپارمەن ئەل ئۇچۇن ئۈستەڭ، چېپىپ ئېچكەننى شېرىن دەپ،
ئەمەسمەن قىر كۆرۈپ يانغان، تۇگەل سۇ كەلگۈچە مەن بار.
ئاۋارە بىرلىرى بۇندا ئۇچامدىن ئىزدىشىپ يىرتىق،
ئېلىپ قوللىرىغا گاھ قىلىچ - شەمشەرگىچە، مەن بار.
جاھان شاھىتلىرى ئەمما، شۇلارغا يازغىلى بىر - بىر
قەلەمنى قويدى خىزمەتكە پۈتۈن دەپتەرگىچە، مەن بار.

## ماختانما

ئېدىر ئاشساڭ ئاشقانسەن، تاغ ئاشمىغىڭ ناتايىن،
چىقماي تۇرۇپ سەپەرگە ئېتىڭ بىلەن ماختانما.
كەلتۈرىدۇ ئالەمنى زىلزىلىگە ناغرىلار،
ناغرا تۇرۇپ چالارغا دېپىڭ بىلەن ماختانما.
ئېرىق چاپقان، بوز ئاچقان ئەسلى تۆھپە كەتمەننىڭ،
تېخى كەتمەن كۆرمىگەن سېپىڭ بىلەن ماختانما.
تاغار تۇگۇل تالايلار بارىڭلارنى تولدۇردى،
باقماي تۇرۇپ قوشناڭغا قېپىڭ بىلەن ماختانما.
سېنىڭدە يوق نېمەتلەر، بىلىپ قويغىن، ئەلدە بار،
يېمىش تۇرسا باغلاردا قېقىڭ بىلەن ماختانما.
ئېچىق ئېچىپ سۇ باشلاپ، تەر تۆككۈنۈڭ ھېسابتۇر،
خۇشياقمايدۇ قۇلاققا، گېپىڭ بىلەن ماختانما.

## ئەجەب تىلسىم جاھان بۇ

ئەجەب تىلسىم جاھان بۇ، ئاتىلىدۇ پەلەك دەپ،
چاقى ئۇنىڭ ئايلىنار ئۆرۈلۈپ ھەم چۆرۈلۈپ.
ئادەملەرمۇ ئاجايىپ: جەننەت ئەنە، يۇر، دېسەڭ،
بىرى چاپسا شامالدەك، بىرى يۇرەر سۆرۈلۈپ.
سىرلىرىنى چۈشەنمەي، ئۇ دۇنياغا كەتكىچە
كۆپ دانىشمەن ئاۋارە، بۇ دۇنياغا تۆرۈلۈپ.
ناخشا ئېيتار بىرلىرى ئالتۇن - كۈمۈش ئىشقىدا،
ئالتۇن سالغان يانچۇقلار تەختۇ - ساراي كۆرۈنۈپ.
تالايلارنىڭ، يا ئاللا، تولكە بىلەن ئۆيى بىر،
تەن بەرمەيدۇ تۇرسىمۇ سوقان كېمى ئۆرۈلۈپ.
ياشايدىكەن ئالەمگە تۆرەلگەنلەر ھەر كويدا...
قالدىمىمۇ دەپ قورقمەن سەپ كەينىدە سۆرۈلۈپ؟

## ئۆز يارلىك

(تۇرمۇشتىن)

ئۆزگە باغقا كۆز سالما، ئۆز بېغىڭدا گۈلزارلىك!
نېمە تەشۋىش ئالەمدىن، تۇرسا ياندا ئۆز يارلىك!
ئاشنالىك ساڭا ئاش بەرمەس قازىنىدا ۋاپانىڭ،
ئاغرىپ قالساڭ ئاشلايدۇ ئاپئاق ناندا ئۆز يارلىك.

يار ئۈستىگە تۇتقان يار بەڭگە ئوخشار بىر چىلىم،
لەززەت يوقتۇر تەكتىدە تاۋۇز كەبى بىر تىلىم.
مۇڭداشقانسەن مۇڭداشساڭ، تۈگىمىگچە بىر قىلىم،
مىڭ سۆيگۈ بار ئۇ يەڭلىغ ئاچقان پالدا ئۆز يارلىك.

پېچاق كەسسە قولۇڭنى ھېچكىم ئۇنداق تاڭالماس،
تىكەن كىرسە پۇتۇڭغا ھېچكىم ئۇنداق ئالالماس.
يۆلەپ يۈرەر ئۆمۈرلۈك، بولۇپ قالساڭ ماڭالماس،
ئىجاتلىق بار سەن ئۈچۈن ياققان شامدا ئۆز يارلىك.

يۈگرۈپ چىقار ئالدىڭغا قايتىپ كەلسەڭ سەپەردىن،
ئېسىلىدۇ بوينۇڭغا ئامان چىقساڭ خەتەردىن.
يامان كۈن يوق ئالەمدە يارسىز يالغۇز ئۆتەردىن،
تونەپ چىقار سەن بىلەن ئەسكى تامدا ئۆز يارلىك.

جۇدالىقا دۇچ كەلسە، ئاۋۋال سېنى ئەسلەيدۇ،
سەن بولمىساڭ سۇ تۇتۇپ ئۆزى خامان چەشلەيدۇ.
بىلىندۇرمەي يوقىڭنى، ئۆزى ئوتۇن كەسلەيدۇ،
ئىسسىتىدۇ ئۆيۈڭنى شېرىدىن جاندا ئۆز يارلىك.

شەيتان خۇشال بېغىڭدىن ئالما، شاپتۇل قاققانغا،
سەن خۇشالسەن تاتلىق دەپ ئاچچىق مېغىز چاققانغا.
سۈكۈت قىلدىڭ لاي سۇلار ئېرىقىڭدا ئاققانغا،
راھەت دېگەن ئەسلىدە ئەتكەن خامدا ئۆز يارلىك.

بەركەت بولماس زەررىچە بەرگىنىدە شۇلارنىڭ،
قۇچاقلىما، تىكەن بار بەدىنىدە شۇلارنىڭ.
قازا كېلۇرسەن ئۈچۈن قەدىمىدە شۇلارنىڭ،
ئەسلى رىزقى ـ نېسىۋەڭ چاچقان داندا ئۆز يارلىك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاش ئۇسقاندا بىچارە بىللە چىقىپ بىنەمگە،
چىنىسىدىن ئىلغايدۇ قىيمىسىنى چىنەگگە.
باي بولغاندا ياتقۇزار ئاۋۋال سېنى گىلەمگە،
تولغىنىسەن راھەتتە، ئويغاتقاندا ئۆز يارىڭ.

كۆكلىتىدۇ تەر تۆكۈپ تۇرمۇش ئاتلىق باراگنى،
سەن تالانى ئويلىساڭ، ئۆيدىن باشلار پاراگنى.
دۈشمىنىڭگە كۆرسەتمە يىرتىغىڭنى، ياراڭنى،
سۆيگۈڭ كېلۇر سەن ئۇچۇن ئۇھ تارتقاندا ئۆزياريڭ.

جاھان قىلغان جاھاننى شۇلاردىكى ساداقەت،
چېچىلغاندۇر شۇلاردىن يەر-زېمىنغا سائادەت.
باھار قەلب، ياز چىراي، ئۆز يار دېگەن گۈل قامەت،
كەلمەكتىدۇر ئات چېپىپ شەرەپشاندا ئۆز يارىڭ.

ئاسىيلىرى سۆيگۈنىڭ، ئىزلىرىڭغا قاراپىباق،
قانداق كەلدىڭ بۇ يولدا؟ ئۆز-ئۆزۈڭدىن سوراپىباق.
ئۆز بېغىڭدىن ئايرىلماي، ئۆز گۈلۈڭنى پۇراپىباق،
كۈندىن ئاۋۋال نۇر چاچار ھەربىر تاڭدا ئۆز يارىڭ.

توختاجى روزى.

# ئارزۇلاردا ياشنايدۇ ھايات

## ئارزۇ نەزمىسى

ئارزۇ دېگەن تولا ئادەمدە،
ئارزۇلۇق ئىش تولا ئالەمدە.

I

پاك ئارزۇدا ياشنايدۇ ھايات،
پاك ئارزۇدا گۈللەر كائىنات.

پاك ئارزۇدا كۈلەر تەبىئەت،
پاك ئارزۇدا جىمى يەر ئاۋات.
ئارزۇ دېمەك نىشان ۋە مۇرات،
ئارزۇ دېمەك ئىرادە، قانات.
ئارزۇ بىلەن كۆڭۈللەرمۇ شاد،
ئارزۇ بىلەن زېمىن باياشات.
ئارزۇلاردىن چىقار كەشپىيات،
ئارزۇلارغا تەسلىم تېلىسمات.
ئارزۇلاردا بىلىم - تەتقىقات،
ئارزۇلاردىن تاپىمىز نىجاد.
كۈلەر ئارزۇ قوشۇلسا غايە،
ئىزدىنىش ۋە مېھنەت، ئىجتىهات.

2

ئارزۇلارمۇ بولىدۇ ھەر خىل،
ئوخشىمىغاچ ھەر كىمدە ئوي، دىل.
بەزىلىرى ئۇلنى كۆزلەيدۇ،

بەزىلىرى «مەن» نى سۆزلەيدۇ.
بەزىلىرى تۇزىمەن دەيدۇ.
بەزىلىرى بۇزىمەن، دەيدۇ.
بەزىلەردە ساداقەت، ۋاپا،
بەزىلەردە ۋاپاغا جاپا...
بەزىلەرنىڭ ئارزۇلىرىدىن
كۆلىدۇ ئەل، كۆلىدۇ جاھان.
بەزىلەرنىڭ ئارزۇلىرىدىن،
گۈلشەنلەرمۇ بولىدۇ پايخان.
ياخشى ئارزۇ ياكى يامانمۇ
ئۇنىڭ تۆككەن تەر ـ ئەجرى مىزان.

3

پىكىرلەردىن تۇغۇلدى پىكىر،
شېئىرلاردىن تۇغۇلدى شېئىر؛
سىڭىپ كەتتىم قۇياش نۇرىغا
چېچەك قۇچاقلاپ ئانا زېمىننى.
تەبىئەتكە باغلاپ ئىشق ـ مېھىر،
زېمىن ئالدى يىلىلىق باغرىغا.
ماڭلىيىمغا سۆيدى قۇياشمۇ،
ئاچتى بىر روھ دىلىمدا چېچەر.

## تەبىئەتكە مۇھەببىتىم بار

تەبىئەتكە مۇھەببىتىم بار،
يۈكسەك ھۆرمەت، ساداقىتىم بار.
ئۇ ئانىسى بارچە ئانىنىڭ،
ئۇندا ھايات، سائادىتىم بار.
ئۇنى سۆيۈش، ئۇنى چۈشىنىش
مەقسەد ـ ئارزۇم، جاسارىتىم بار.
دۇنيادىكى بار مەۋجۇداتنىڭ
ئۆزىگە خاس خىسلەت، رولى بار.
ھەر بىرىگە يارىشا شۇڭا
كۆڭلۈمدە ئوي ـ شاپائىتىم بار.

ئۇ كۈلەركەن كۈلىمىز بىزمۇ
ئۇ يىغلاركەن يىغلايمىز بىزمۇ.
بۇڭا ئىسپات ـ پاكىتلىرىم بار،
تەبىئەتتە تىلسىم ـ سىر تولا.
ئىنسانكەنمەن ئۇنى ئېچىشقا
ئەقىل ـ كۈچۈم كارامىتىم بار.
يۈگەن سېلىپ توسۇنلىرىغا،
ئىنسان ئۈچۈن خىزمەتكە سېلىش
ئىقتىدارىم ـ ماھارىتىم بار،
ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى
ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ قان تېرى،
تەبىئەتكە سىڭدى جەڭ بىلەن.
شۇڭا غالىپ سالاپىتىم بار،
ئالغان نۇرغۇن ساۋاقلىرىم بار.
كۆرگەن نى ـ نى پاراغىتىم بار،
سانسىزلىغان جاراھىتىم بار.
سانسىزلىغان ھالاۋىتىم بار...
جاكارلايمەن ئۈنلۈك سادادا.
قۇياش، زېمىن، سۇ ۋە ھاۋانى،
ھەر بىر جانىۋار، ھەر بىر گىياھنى.
چۈشىنەيلى، زامانداشلىرىم،
دېگەن ئۈمىد ـ دالالىتىم بار.

## قارىغايغا زوقۇم كېلىدۇ

قارىغايغا زوقۇم كېلىدۇ،
خىسلىتىنى بىلگۈم كېلىدۇ.
كۆركەم، يېشىل ياپراقلىرىنى،
كۆزلىرىمگە سۈرگۈم كېلىدۇ.
چېچەك قۇچاقلاپ باغرىمغا بېسىپ،
لېۋىم يېقىپ سۆيگۈم كېلىدۇ.

*　　*

يەر زېمىننىڭ بولۇپ زىننىتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

تەبىئەتنىڭ بولۇپ ھەممىتى.
ئۇ ياشنايدۇ كۆكلەپ زەپ كۆركەم،
شۇنچە ئىسىل، شۇنچە مۇستەھكەم.
يازنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرىدا،
يايراپ قىشنىڭ سوغۇقلىرىدا.

بورانلارنىڭ گۇركىرىشىگە،
زىمىستاننىڭ ھۆركىرىشىگە
باش ئەگمەيدۇ، بېرىدۇ چىداش،
قەيسەر بىر روھ ئۇنىڭغا قولداش.
ئاشۇ روھتا چىقىدۇ غالىپ
تەبىئەتنىڭ سىناقلىرىدا.

نۇر كەشتىلىك ئاق لىچەك تېگىپ،
شاخ-شاخلارغا زەر-چېچەك ئېسىپ.
قىشتا قارلار ياسايدۇ بىزەپ،
گۈل ھۆسنىنى يەنىمۇ تۈزەپ.
گۈزەللىكتە تەڭداشسىز قىلىپ،
ھەر مەر رەڭلىك بوياقلىرىدا.

ئاشىق بولۇپ يېشىللىقىغا،
قايىل بولۇپ ئىسىللىقىغا.
يامغۇر چاچقۇ چېچىپ كېتىدۇ،
پاكىز، سۈزۈك يۇيۇپ كېتىدۇ.
سۈرۈپ لەۋ، يۈز، زىناقلىرىغا،
سىڭىپ يىلتىز قات-قاتلىرىغا.

بوي سوزىدۇ كۆككە تىك ۋە تۈز،
سەرۋى ئوخشاش قەددى شۇنچە ئۈز.
بوران-شامال بولىدۇ بىلەي،
دەيدۇ گويا يەنە كۈچ بېرەي.
ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىدۇ
سولماس، جەسۇر ياپراقلىرىغا.

قورام تاشتا يىلتىزى-ھۆلى،
شۇڭا مەزمۇت مۇستەھكەم غولى.
ئىرادىسى تاغدەك ھەر زامان،
پۈكۈلمەيدۇ قەددى ھېچقاچان.
تەبىئەتنىڭ، ئۇزۇن يىللارنىڭ
ھەر خىل تەلۋە «چاقچاق» لىرىغا.

ئارام بەخش سالقىنغا چۆمۈپ،
ھاياتبەخش شاۋقۇندا كۈلۈپ،
پۈركۈنىدۇ يىراق-يىراقلار،
ناخشا ئېيتىپ زەمزەم بۇلاقلار.
ھۇزۇرلىنىپ ئابىھاياتتىن،
ئۇنىڭ خۇش ھىد-پۇراقلىرىغا.

گويا جەننەت قاپتال-جىرالار،
ئاق چوققىلار، يېشىل قىيالار.
كۈي كۈيلەيدۇ پەخىرلىنىشتە،
جور بولۇشۇپ بىرى-بىرىگە.
ھەيۋەت، شوخ خور پەيدا قىلىدۇ،
شاد-يېقىملىق قوشاقلىرىدا.

تاغلار ئەكس ساداسى بىلەن،
سۆزلەر مەغرۇر ناۋاسى بىلەن.
تەبىئەتنىڭ كۆركى-سەردارى،
يېشىللىقنىڭ تاجى-زەردارى.
بۆك-باراقسان قارىغايلارنىڭ،
ئۆسكىنىنى قۇچاقلىرىدا.

* *

قارىغاي ئۇ-زېمىن زىننىتى،
بۈيۈك ئۇنىڭ قەدرى-قىممىتى.
ئىلھاملىرىم تاشتى دەريا بوپ،
ئېشىپ دىلدا سۆيگۈ-ھۆرمىتى.
كۈيلىرىمگە قوشتى يېڭى روھ
ئۇنىڭ گۈزەل، جەسۇر خىسلىتى.

قەييۇم سوپى

# ئىزدىمەيمەن ئەمدى تۆت قۇلاق

### گۈلدەستىدۇر تۇرقۇڭ سېنىڭ

كۆزلىرىڭنى شەھلا دېسەم،
نازۇك بويۇڭ بەرنا دېسەم.
ئارتۇق كەتمەس كىرپىكىڭ ئوق،
مەڭزىڭنى ئاق ئالما دېسەم.

قىڭغىراقتەك بۇرنۇڭ سېنىڭ،
جاننى ئالار خۇلقىڭ سېنىڭ.
تىنىقىڭدىن رەيھان پۇرار،
گۈلدەستىدۇر تۇرقۇڭ سېنىڭ.

كۈلۈشىڭدىن گۈل تۆكۈلەر،
بۇلبۇل كېلىپ ئۇنى سۆيەر.
قايدا باردۇر سەندەك گۈزەل؟!
شۇڭا شائىر كۆيۈپ ئۆتەر.

### يولۇقتۇردى خىزىردەك سېنى ...

كۈلۈشلىرىڭ سەھەر قۇياشى،
كۆزلىرىڭدە ئىنتىلگەن يۈرەك.
قاچان باقسام پارلايدۇ سەندە
مۇھەببەتتىن ئوتلۇق بىر تىلەك.

مىڭ تەشەككۇر دەيمەن تەڭرىگە،
يولۇقتۇرغاچ خىزىردەك سېنى.
ئېيپ كەتمەسسەن ئەنگۈشتەرىنى،
دەردتە - داغدا قويماسسەن مېنى.

ۋۇجۇدۇمغا سىڭىپ نۇر بولۇپ،
يۈرىكىمدە ياندۇردۇڭ چىراق.
سۆيگۈ ھايات،
سۆيگۈ ئۇستازكەن،
ئەقلىمدىن ھەم ئاچتىڭ بىر بۇلاق.

بىز تونۇشتۇق باھار پەيتىدە،
سۆيگۈمىزمۇ باھاردەك ئوماق.
بەختىم ياشنات، سۆي يەنە دىلبەر،
ئىزدىمەيمەن ئەمدى تۆت قۇلاق.

### ئەجەبمۇ سېنى سۆيۈپ قاپتىمەن ...

ياشىساقمۇ بىردىياردا بىز،
كۆرۈشۈش تەس نېمىشقا پات - پات.
ئۇزارغانچە كۈنلەر، ھەپتىلەر،
ھىجرانىڭدا چېكىمەن پەرياد.

ئەجەب سېنى سۆيۈپ قاپتىمەن،
بەزى چاغلار قىلدىم پۇشايمان.
لېكىن يەنە چىدىماس كۆڭلۈم،
سېنى ئىزدەپ بولىمەن سەرسان.

كۈندە يېگەن ھەسەل ۋە ياكى
دەمسەن بىر كۈن تېتىيدۇ زەھەر.
خاتىرجەممەن،
كۈتىمەن سېنى
شۇنداق بولسا جاۋابىڭ ئەگەر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

## سېنىڭ بىلەن ھاياتىم گۈزەل

سەن گۈزەلسەن رىۋايەتتىكى
تەڭدىشى يوق پەرىزاتتىنمۇ.
دەپ قالىمەن شۇنداق گۈزەلمۇ
تۇغۇلىدىكەن ئادەمزاتتىنمۇ.

جەننەت تامان ئېلىپ بارىدۇ
ئىسمىڭ يادلاپ باسقان ھەر قەدەم.

سېنىڭ بىلەن ھاياتىم گۈزەل،
بەختىيارمەن شۈكرىمۇ ھەر دەم.

قېرىمايمەن سەن بارسەن، جانان،
نەۋقىرانمەن مەن ئۆمرۈم بويى.
كۈلمىسىمەن، قىزىيدۇ ئەبەد
سېنى تۇغقان ئانا يۇرت تويى.

## شېرىن سۆھبەت...

دەيدىكەن بەزىلەر يالغۇزلۇق يامان،
بەك ئۇزۇن بىلىنەر كېچىلەر ساڭا.
مەن دەيمەن ئاق ئايدىڭ كېچىلەر بولسا،
چۈنكى ئاي، يۇلتۇزلار ھەمراھ ماڭا.

قانمايمەن سىردىشىپ ئۇلار بىلەن ھېچ،
ھە، ئۇلار سۆزلەيدۇ سەن يار ھەققىدە:
«جانانىڭ تۆشەكتە، كۆزى رۇجەكتە،
ئۇمۇ ھەم سەن بىلەن شېرىن سۆھبەتتە.

باھاردەك جىلۋىلىك تەبەسسۇمىدىن
ئەۋەتتى سېغىنىش نۇرى كۆزۈڭگە.
ئايدەك جامالىنىڭ نۇرلۇق سىيماسى،
چۈشكەن شۇ شولىلار شۇتاپ يۈزۈڭگە.»

ئاي ـ يۇلتۇز ھەمراھ بولىدۇ شۇنداق،
قەلبلەر ئالمىشىش قىلىدۇ داۋام.
پەيملەپ ئاندەك يەنە ئاشۇلار،
ئۇخلىتىپ قويىدۇ،ئالىمىز ئارام...

**ئەكبەر نىياز پەتتارى**

# ئىككى شېئىر

## ئەقىدەم بار ئايغا، قۇياشقا

ئەقىدەم بار چاقناپ تۇرغان ئايغا، قۇياشقا،
بۇ ئالەمنىڭ چىرايىغا نۇرلار تىلەيمەن.
غەيرىتىم بار ھەر بىر تۈننى تاڭغا ئۇلاشقا،
تۇمانلاردا ئېزىقىشتىن ۋايىسم يېمەيمەن.

پەرۋانىدەك تەلپۈنمەيمەن ئېمىشقا نۇرغا،
جىمى ئالەم نۇر ئىچىدە تۇرسا يالتىراپ.

كۆزلىرىمنىڭ نۇرلىرىنى تۆكۈمەن قۇرغا،
سەھىپىلەر بولدى ئالتۇن، كەتتى پارقىراپ.

شەپەرەڭدەك ئادەملەر بار، ئۇلارغا دۈشمەن
تاله ـ تاله يىپەك نۇرلار، شولا ۋە قۇياش.
قانداق ياخشى قەلبلەرگە هارارەت بېرىش،
ئەقىدەم شۇ بۇ هاياتقا نۇر بولۇپ تاراش.

ئۆزۈك دەيمەن ئەقىدەمگە ئاي ھەمدە قۇياش،
قانداق ياخشى بۇ هاياتقا نۇر بولۇپ تاراش.

## ئەپسۇس

ئۇچراشقاندا ھەر قېتىم يېتىرقايمىز نېمىشقا؟
ئۇزۇن بولدى ھەيرانمەن، بەك ھەيرانمەن بۇ ئىشقا.
قولاشمايدۇ سۆزىمىز ئەنسىز سوقۇپ يۈرەكلەر،
بوران كېلىپ تەگكەندەك چۆلدە تەنها قومۇشقا.

ئارامىمنى بۇزسەن كىرىۋېلىپ چۈشۈمگە،
ئامالىم يوق بۇنىڭغا خالاي ياكى خالىماي.
ئەپسۇس دېدىم مىڭ ئەپسۇس ئايرىلغاندا سەن قىلغان
شۇ بىر سۆزنىڭ ۋەزنىنى بۇرۇن ئەجەب ئۇيلىماي.

بۇ ھاياتنىڭ ئىسسىق ــ سوغ كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدۇق،
قۇندۇز كەبى چاچلارغا بەردى يىللار ئاق بوياق.
ئېيتالامسەن شۇ سۆزنى، ئېيتالامسەن ۋە ھەنۇ
قالمىغان دەپ قىلچىلىك دىلدا سۆيگۈ ئىشتىياق.

ئەيىبلەرنىڭ بارىنى يۈكلەيلىمۇ تەقدىرگە،
كۈندە يۈز رەت دۈچ كەلدىم بۇ دەھشەتلىك سوراققا.
پۇشايمانىنى قۇچاقلاپ قالمىدىكەن ئىنسانلار
گەر سوغۇققان بولمىسا مۇھەببەتتە، ھاياتتا.

www.uyghurkitap.com

ئەركىن روزى

# تومۇردا ئاققىنى بۆركۈتنىڭ قېنى

## شائىر شۇنداق

شائىر شۇنداق،
هامان باغرى قان،
يېنىپ تۇرغان ئوتقا ئايلانغان.
قانسىرىغان، مۇزدەك ھاياتنىڭ
قۇربانىدۇر شائىر ھەر قاچان.

شائىر شۇنداق
تۈندىمۇ ئويغاق،
پىيادىدۇر يوللاردا ئۇزاق.
شائىر ئۆلسە، تۇغۇلمىسا ھەم
جەننىتىگىمۇ بولىدۇ دوزاق.

شائىر شۇنداق
ئوتلاردا كۆيەر،
تىغلارغىمۇ كۆكرەكنى كېرەر.
شائىر ماڭغان يوللارغا باققىن،
گۈلمۇ ئۈنەر، ئۈمىدمۇ ئۈنەر.

شائىر شۇنداق
ياشار ئوت بولۇپ،
روھى ئوتتىن كەتمەس قۇتۇلۇپ.
چىمەنىگدە ئاغنايدۇ جۇدۇن،
قالسا قاچان شائىر ئۇنتۇلۇپ.

## ئانامنىڭ باغرىدىن باشلانغان بۇ يول

ئانامنىڭ باغرىدىن باشلانغان بۇ يول،
كۆزۈمنى ئاچقۇچە كەتتى يوقىلىپ.
ئىزدىدىم بۇ ئۇلۇغ مەخپىيەتنى مەن،
كىتابلار تۈگىدى تەكرار ئوقۇلۇپ.

كەلتۈردى بوۋامنىڭ كۆزلىرىگە ياش،
بۇ گۈزەل ئاجىزلىق، گۈزەل ئىنتىلىش.
دەيدۇ، ئۇ: يول تېپىش قىيىن ئەمەستۇر،
يۈگۈرگىن، ھەممىسى ئۆزۈڭدىكى ئىش.

ئۆزۈلۈپ، ئۆزۈلۈپ قالغان يولۇمنى،
ئىزدىدىم زەپ گۈزەل خىيالىم بىلەن.
قان ئاققان تاپانلار گۇۋاھتىن ئۆتتى،
دېمەك مەن يولۇمنى ئىزدەپتىكەنمەن.

ئانىنىڭ باغرىدىن باشلانغان يولىنىڭ
ئاخىرقى مەنزىلى كۆككە تۇتاشكەن.
ئەگرى يول، چېغىر يول، نۇر سىڭـ
گەن يوللار،
ئانا دەپ باشلانسۇن، ئانا قۇياشكەن.

## ئۇنتۇمايمەن، يادلاپ يۈرمەيمەن

ئۇنتۇمايمەن، يادلاپ يۈرمەيمەن،
ئالدىماڭلار سۆزلەپ ھېكايە.
ئۇزاق — ئۇزاق شېرىن ئەسلىمە
قىلالمايدۇ مېنى ھىمايە.

ئۆلۈم بىلەن ھايات قوغلىشىپ
كۆرمىگەننى كۆرسەتتى ئېنىق.
دېگىز دېگەن چوڭقۇر بىپايان،
قۇرىمىدى توگىمەس بېلىق.

ئالدىماڭلار، سۆزلەپ ھېكايە،
دەبدەبىلەر بولالماس بايراق.
ئۆزۈم ئۇزاق تارىختىن كۆرە،
بۈگۈنكى بۇ چۈشۈمگە ئامراق.

## يىقىلغاندا

مېڭىۋېتىپ ئېگىزلىكتە،
يولۇچىلار پۇتلىسا مېنى،
ئېزىپ قېلىپ
كەلسەم يار لېۋىگە.
دوستلىرىممۇ تۇتمىسا مېنى،
ئۇچۇۋېتىپ كۆك قەرىدە،
سۇنسا قانىتىم...
يىقىلسام ئاخىر
تاتلىق كۈلەتتىم،
كۈلۈپ ئۆلەتتىم،
يېمەيتتىم ۋايىم.
قۇچىقىڭدا بولسىلا جايىم.

## چۈشلىرىم

1

ئىز بېسىپ ماڭدىم
گاھى تۈندە، گاھى كۈندۈزدە،
گاھى چىقتىم ئېگىز - ئېگىزگە،
بۈلۈتقا مىندىم،
گاھىدا كىردىم خالتا كوچىغا.
گاھىدا تۈپتۈزلا ئۇرالدىم
نەئۇچۇنكىم ئاپئاق كىگىزگە.

2

كېتىۋېتىپ ئوت ئىچىدە
كۆيدۈم، پىشتىم، ئاخىر چوغلاندىم،
چوغ پېتىم قوغلاندىم.
ھەيدەپ كېلىندىم.
تېۋۋا، ياتتىم سەندەل ئۈستىدە.
ئۇرۇلدى بىر بازغان،
يىقىلدىم، قاخشىدىم،
بىر دېڭىزغا تاشلاندىم،
پاژ - پۇژ قىلىپ ئاخىر ئويغاندىم.

:

قارىسام،
يېنىمدىلا سۆزۈك بىر ئېقىن،
تۇرۇپتىمەن قۇياشقا يېقىن.


### «دۇنيا ئەدەبىياتى» غا مۇشتىرى بولۇڭ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى چەت ئەللەرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى تونۇشتۇرۇلىدىغان بىردىن بىر مەخسۇس ژۇرنال.

«دۇنيا ئەدەبىياتى» غا چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ھەر خىل ئۇسلۇبتىكى رومان، پوۋېست، ھېكايە، نەسىر، شېئىر، دراما، كىنو سىنارىيىسى، ئوبزور، چۆچەك، يۇمۇرلىرى، مۇقاۋىسىغا دۇنيادىكى مەشھۇر ماي بوياق رەسىملەر ، فوتو سۈرەتلەر بېرىلىدۇ.

«دۇنيا ئەدەبىياتى» غا ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە، 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 15 - كۈنىگىچە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلاردا يىللىق ۋە يېرىم يىللىق مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 52 — 58. مۇشتىرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز.

**«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

راخمانجان رۇسۇل

# سەھرا ئېگىسىنىڭ بەختى



(ئەدەبىي ئاخبارات)

1

ياڭراق داقا-دۇمباق، پوجاڭزا ئاۋازلىرى بۇ كىچىككىنە ناھىيە بازىرىنى بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران قالدى. ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئالدىدىكى ئاسفالت يول قايىنام-تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قاتار تىزىلىپ تۇرغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ناھىيە رەھبەرلىرى، ئوقۇغۇچىلار، يەسلى باللىرى قىزغىن كەيپىيات، جۇشقۇن ھەرىكەتلەر بىلەن گۈل دەستىلەرنى پۇلاڭلىتىپ، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن يۈكسەك شان-شەرەپكە ئېرىشىپ، زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن پەيزىۋات ناھىيە غول توغراق يېزىلىق ئامانەت قەرز كوپىراتىپىنىڭ مۇدىرى يولداش روزى يۈسۈپنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. چىرايلىق كىيىنگەن، مەيدىسىگە چاقناپ تۇرغان شەرەپ مېدالىنى تاقىغان روزى يۈسۈپ قارشى ئالغۇچى ئامما يېنىغا يېتىپ كەلگەندە ئالقىش، تەنتەنە ساداسى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، ئەتراپنى لەرزىگە كەلتۈردى. ئۇ قارشى ئالغۇچى ئاممىغا ھۆرمەت بىلدۈردى، ناھىيە ۋە بانكا رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالاھىدە بېزەلگەن يىغىن زالىغا كىردى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شادلىق جىلۋە قىلاتتى، ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلاتتى. شۇ ئەسنادا ئۇ، دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، ھاياجان ئىلكىدە ئۆزىگە تىكىلگەن ئوتلۇق كۆزلەرگە قاراپ دوكلات بېرىشكە باشلىدى. بۇ 1989-يىلى 10-ئۆكتەبىردىكى ئىش ئىدى.

2

روزى يۈسۈپ كىچىكىدىنلا ئەدەب-ئەخلاقلىق، تىرىشچان، غايىلىك بالا بولۇپ يېتىلدى. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە بېرىلىپ ئوقۇۋاتقان چېغىدىنلا كۆڭلىگە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پۈككەنىدى. بىراق ئۇ ئەمدىلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈشكە «مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلاب» باشلىنىپ كەتتى-دە، ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئارمان، غايىلىرى «ئىنقىلاب» قايىنىمىدا كۆپۈكتەك غايىب بولدى.

ــ بالام، جاھاننىڭ ئىگىسى بار، ئالدى ـ ئارقاڭغا بېقىپ، كېيىنلىكىڭنى ئويلاپ ئىش قىل، ــ دېدى ئۇنىڭ سادا، ئاق كۆڭۈل، كۆپنى كۆرگەن دادىسى تارىشمىدەك قېتىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن روزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ كۆز ئالدىنىلا كۆرگەن دانا ئەمەس، يىراقنى كۆرەلىگەن دانا، بىز دېگەن نەچچە قەنە، نەچچە مۇچەلنى باشتىن كەچۈردۇق، ئەمما نانىنىڭ بىر ھۆلى بىلەن پىشقىنىنى كۆرگىنىمىز يوق. يامان ئىشلارغا ھەرگىز ئارىلىشىپ قالغۇچى بولما، كونىلاردا «قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدا بىلىنەر» دېگەن گەپ بار، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ خەققە زىيان سالغۇچى بولما. بىر يامانلىق بىلەن بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلمايدۇ، قۇدرىتىڭ يەتسىلا ئەلگە ياخشىلىق قىل...

نەچچە ئەۋلاد توپا ـ چاڭغا مىلىنىپ، دەشتى ـ باياۋاندا دېھقانچىلىق بىلەن ئۆتكەن يۇسۇپ ئاكىنىڭ بۇ نەسىھەت ـ لىرىنىڭ ئاساسى بار ئىدى. باشقىلارنىڭ بىر تال تۇخمە چاغلىق نەرسىسىگە قارا ساناشنى گۇناھ دەپ بىلىدىغان ئاق كۆ ـ ڭۈل دادىسىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر سىرلىق ھەقىقەتنى يېشىپ بەرگەندەك بىلىندى.

دادىسىنىڭ نەسىھىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش بولدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ «جەڭگىۋار قىزىل ئەترەت» ـ تىن چېكىنىپ چىقتى، بۇنى كۆرگەن دادىسىنىڭ كۆڭلى يايراپ قەلبى سۆيۈ ـ نۈپ، ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن گۆدەك ئوغلىنى باغرىغا باستى.

3

روزى يۇسۇپ ئۆزىنىڭ يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىپ كۈچىنىپ ئىشلە ـ دى. ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئەستايىدىللىقى دېھقانلارنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقتىن ئۇنى شۇ يىلىلا ئەترەتنىڭ بوغالتىرى قىلىپ سايلىۋالدى. ئۇ ئەترەت بوغالتىرى بولغان مەزگىلدە ئۆز خىزمىتىنى خالىس، توغرا ئىشلەپ دېھقانلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىدى، تەشكىلنىڭ ئىشەنچىسىگە، خەلقنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇڭا ئۇ ئۇزاق ئۆت ـ مەيلا يېزىلىق ئامانەت قەرز كوپىراتىپى ـ نىڭ كەسپىي خادىملىقىغا تاللاپ قوبۇل قىلىنىپ، ئائىلىسىدىن ئون نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇقەنا كەنتىگە ئەۋەتىلدى. تېخى تونۇگۇنلا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغان بۇ ئوقۇغۇچى مانا بۈگۈن بىرقانچە ئون مىڭ يۈەنلەپ پۇلنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان بانكا خادىمىغا ئايلاندى.

ــ بالام، پۇل تۇتتۇق، ئوت تۇتتۇق، دېگەن گەپ بار، ــ دېدى يۇسۇپ ئاكا ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ، ــ دۇنيادا تەننىڭ ساقلىقىدىن ئارتۇق دۆلەت، كۆ ـ ڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكىدىن ئارتۇق شادلىق يوق، كۆڭۈلدە ئۈچ ۋاق ئوماچ ئىچسەڭمۇ تەنگە سىڭىدۇ، ھازىر ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكەندەك قىلساڭمۇ، پۇل دېگەننىڭ مېھرى ئىسسىق نەرسە، مەن مەن دېگەن ئادەملەر پۇلنى دەپ خاتالىشىپ كەتتى. ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى ھەرگىز ئۆزۈڭنىڭ بىلگىنىچە ئىشلەتمە، بۇ پۇل خەلق ـ نىڭ قان ـ تەرى، ئېھتىياتچان بول.

ــ توغرا ئېيتتىڭىز، دادا، ــ دېدى

uyghurkitap.com

روزى سومكىسىنى سىلاپ تۇرۇپ،ــ سىز دېگەندەك مېنىڭ كۆتۈرۈپ يۈرگىنىم پۇللا ئەمەس، بىر پارچە چوغ. ئەمما مەن ئۆزۈمنى كۆيدۈرۈۋالمايمەن، بۇ خەلقنىڭ قان ـ تەرى، دۆلەتنىڭ ھۇلى، مەن ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىمەن، ھارامغا شېرىك بولۇپ ئۆزۈمنى ئوتقا تاشلاپ بەرمەيمەن...

ئۇ چاغلاردا يېزىلاردىكى تۇرمۇش ئىنتايىن جاپالىق ئۆتەتتى، ئەمما شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسى ئېغىر ئىدى. ئۇلتوغراق يېزىسىنىڭ يوللىرى ئىنتايىن ئەسكى، كەنت ـ مەھەللىلەر بىر ـ بىرىدىن يىراق ئىدى، ئۇنىڭ ئۆيى بىلەن يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئارىلىقىلا 20 نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى. ئامانەت توپلاش ئۈچۈن ماڭغاندا 30 نەچچە كىلومېتىر، بەزى كۈنلىرى 40ـ 45 كىلومېتىر يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. كەنتلەردە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ مەخسۇس ئىشخانىسى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىشخانىسى قومۇش ئۆسۈپ كەتكەن ئېتىزلىق، ئىش ئۈستىلى ئۆزلىرىنىڭ تىزى، قاتناش قورالى ئەسكىرەپ كەتكەن كونا ۋېلىسىپىت، ئارامگاھى توغراق ۋە يۇلغۇننىڭ سايىسى، ئىچىدىغىنى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتقان لاي سۇ، يەيدىغىنى قېتىپ كەتكەن سېرىق قوناقنىڭ زاغرىسى ئىدى.

روزى يۈسۈپنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىمۇ ناچار ئىدى، ياشىنىپ قالغان دادىسى بىلەن ئانىسى ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى بېقىپ بېرەتتى. ئىشچان خوتۇنى «سالا ئېتىز بەرپا قىلىش» ئۈچۈن توپا يۈدۈپ بىر مۈرىسى سىڭايان بولۇپ كەتسىمۇ، كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەشكە، كۆرەش ـ پىيەن يىغىنلىرىغا قاتنىشىشقا مەجبۇر ئىدى. روزى يۈسۈپ مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، خىزمەتتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئەستايىدىل ئىشلىدى. ئۆيىمۇ ئۆي، مەھەللىمۇ مەھەللە، ئەترەتمۇ ئەترەت مېڭىپ يۈرۈپ، «ئامانەت قويۇش ئىختىيار، ئېلىش ئەركىنلىك، ئامانەت قويغان پۇلغا ئۆسۈم بېرىش، ئامانەتچىلەرنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش» دېگەندەك ئوخشاش پىرىنسىپلارنى، پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، موچەن، كويلاپ ئامانەت توپلىدى، ھەتتا دادىسى باقى ئائىلىگە سەپەر قىلغان مۇسىبەت كۈنىدىمۇ پۇل مۇئامىلە ئىشى بىلەن كەلگەن ئىككى كىشىنى رازى قىلىپ يولغا سالدى. ئۇ بىرقانچە يىلنى ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.

4

1976 ـ يىلى يېزىلىق ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بىرەيلەننى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پەيزىۋات باش مەيدانىدا ئامانەت توپلاشقا بەلگىلىگەنىدى. ئۇ كىشى ئۇ يەرنىڭ شارائىتىنىڭ ناچارلىقىنى، ئارىلىقىنىڭ يىراقلىقىنى دەپ بارغىلى ئۇنىمىدى. رەھبەرلىك روزى يۈسۈپنى بەلگىلىۋېدى، ئۇ ھېچقانداق شەرت قويمايلا، ھېساب كىتابلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، بۇقەنادىكى دېھقانلار بىلەن خوشلاشتى، بىراق ئانىسى ئۇنىڭ يولىنى توستى:

ــ بالام، «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك بۇقەنانى يىراق دېسەڭ، ئەمدى مەيدانغا بارىدىغان بوپسەن، داداڭ رەھمەتلىكنىڭ كۆزى ئۈچۈق كەتتى.

ئەمدى مېنى خاتىرجەم ياتقىلى قوي، — دېدى ئۇ ئاق رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز يېشىنى ئېرتىپ، — مەيداننىڭ يولى يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەشتى - باياۋان، بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالارمىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ... — بالا دەردىدە يۈرىكى پۇچۇلانغان ئاق كۆڭۈل ئانا سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

— ئانا، خاتىرجەم بولۇڭ، تەشكىل ماڭا ئىشەنگەچكە مېنى ئۇ يەرگە ئەۋەتتى، مەن تەشكىلنىڭ ئۈمىدىنى چوقۇم ئاقلايمەن، — دېدى روزى زور ئىشەنچ بىلەن.

روزىنىڭ ئۆيى بىلەن مەيداننىڭ ئارىلىقى 30 كىلومېتىر بولۇپ، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قەۋەتلىك ئىمارەتتەك قۇم بارخانلىرى، دۆڭلۈك يۇلغۇن، توغراق بار ئىدى. ھەرقانداق ئادەم يالغۇز ماڭسا تېنى شۈركىنەتتى. ۋېلىسىپىتنى سىجىل مىنىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، بىر ئاز مىنىپ خېلىغىچە يېتىلەپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا توپلىغان ئامانەتنى بىخەتەر ئېلىپ مېڭىشمۇ بىر گەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيداننىڭ ئۆز ئالدىغا بانكىسى بولغاچقا، ئۇ يەردە ئامانەت توپلاش بەكمۇ تەس ئىدى. ئەمما ئۇ ھەرگىز ئىككىلەنمىدى، يېڭى ئىش ئورنىغا ئەتىسىلا باردى. ئۇ ھەر كۈنى سەھەردىلا كونا ۋېلىسىپىتنى بەزىدە مىنىپ، بەزىدە يېتىلەپ مەيدانغا باراتتى - دە، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىككى تارماق مەيدان ئارىلىقىدا قاتراپ پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلاتتى، ئامانەت توپلايتتى. ئۇ، ئىشچىلار ئىشتىن چۈشكەندە ئۆيىگە قاراپ ماڭسا، تۈن يېرىم بولاي دېگەندە ئۆيىگە يېتىپ كېلەتتى. ئەگەر قار ياكى يامغۇر يېغىپ قالسا ۋېلىسىپىتنى تاشلاپ، پاتقاق كېچىپ پىيادە بېرىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. مۇبادا بىرەر كۈن بارالماي، مۇئامىلىدارلاردىن بىرەرسىگە پۇل لازىم بولۇپ قالىدىغان بولسا، «جىددىي پۇل لازىم بولغاندا تاپقىلى بولمايدىكەن» دېگەن گەپ بىلەن قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئامانەت قويغۇچىلارنى قاچۇرۇپ قويۇپ، ئامانەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش تەسكە توختايتتى.

بىر قېتىم مۇنداق بىر ئىش يۈز بەردى: روزى يۈسۈپ 2 - شۆبە مەيدان ئىشچىسى مۇزەپپەرنىڭ خېلى كۆپ پۇلىنى ئامانەتكە ئالغانىدى. ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ، بىر كۈنى مۇزەپپەر: «ئۆگۈنلۈككە بالامنىڭ سۈننەت تويىنى ئۆتكۈزمەكچى ئىدىم. شۇڭلاشقا ئەتە بىر ئاز پۇل ئالاي دېۋىدىم» دېدى. روزى يۈسۈپ قاچان لازىم بولسا بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىپ كەلدى، ئەتىسى يېزىدا جىددىي يىغىن ئېچىلغاچقا، مەيدانغا بارالمىدى. ئۆگۈنى قار ئارىلاش قاتتىق يامغۇر ياغدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ بارماي دېسە ئۆزى ۋەدە قىلغان. باراي دېسە مېڭىش ناھايىتى تەس. ئۇ بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن قەتئىي بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ كونا چاپىنىنى بېشىغا ئارتىپ، شۋىرغانغا قارشى مېڭىپ ناھايىتى تەسلىكتە مۇزەپپەرنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۇنىڭغا لازىملىق پۇلنى بېرىپ مۇزەپپەرنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى، بۇ ئىش پۈتكۈل مەيداندىكىلەرنىمۇ ھاياجانغا سالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە

بولۇپ، توپلىغان ئامانىتى ئايىمۇ ئاي
ئېشىپ باردى ۋە ئۇنىڭ يالغۇز توپلىغان
ئامانىتى يېزا بويىچە ئون نەچچە ئادەم
توپلىغان ئامانەتنىڭ 40 پىرسەنتىنى
ئىگىلىدى.

5

1983 - يىلى 6 - ئايدا تەشكىل
روزى يۈسۈپنى غولتوغراق يېزىسى
بويىچە ئەڭ نامرات، شارائىتى ئەڭ
ناچار ئاياغ قوشكۆل كەنتىگە خىز-
مەتكە بەلگىلىدى. گەرچە بۇ جاي ئۇ-
نىڭ ئائىلىسىگە يېقىن بولسىمۇ، تار-
تىدىغان جاپاسى بۇرۇن تارتقان جاپالىرى-
دىن ئېشىپ چۈشەتتى. ئۇ، ئۇ يەردە
ئامانەت توپلاش، نامراتلارنى يۆلەش،
شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ
دېھقانلارنىڭ تاۋار ئوبوروتىغا مەدەت
بېرىپ، ئۇلارنى باي بولۇشقا يېتەكلەشتىن
ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە
ئالغانىدى. ئۇ ئالدى بىلەن شۇ يەردىكى
ھەر تەبىقە كىشىلىرىنى، شۇ يەرنىڭ
شارائىتىنى، ئوبوروت يوللىرىنى ئەتراپ-
لىق تەكشۈردى، تەھلىل يۈرگۈزدى.
دېھقانلارنىڭ نورما ئاشلىقى 100 جىڭدىن
ئاشمايۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ئاشلىق
ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇپ، ئامانەت
توپلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، مەبلەغ
مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، دېھقانلارغا
مەدەت بېرىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.
ئۇ ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش
ئارقىلىق ئامانەت توپلاپ بىر قىسىم
كىشىلەرنى ئالدىن بېيىتىش لازىملىقىنى
ھېس قىلدى. ئۇ بۇ ئىشقا ئۆز پىلانى
بويىچە جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

پۇل ئالدىدا ئۇنىڭ كۆزى قىزار-
مىدى، قولى تىترىمىدى. 1984 - يىلى
2 - ئاينىڭ مەلۇم بىر بازار كۈنى ئىدى.
روزى يۈسۈپ تىجارەت قىلىۋاتاتتى،
ئاياغ قوشكۆل كەنتىدىكى ھامۇت قۇربان
ئىسىملىك بىر دېھقان ئۇنىڭ قېشىغا
كېلىپ خېلىغىچە تۇرۇپ، گەپ - سۆز قىلمايلا
كېتىپ قالدى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆت-
كەندە يەنە كىرىپ، ئادەم كۆپ بولغاچقا،
يەنە گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى. روزى
يۈسۈپ بۇ دېھقاننىڭ ئۆزىگە دەيدىغان گې-
پى بارلىقىنى قىياس قىلغان بولسىمۇ، ئا-
دەم كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن
سىردىششقا مۇمكىن بولمىدى. كەچتە سۈرۈش-
تۈرۈش ئارقىلىق ھامۇت قۇرباننىڭ ئايىلىنىڭ
كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئەتىسى ئۇنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ قەرز بېرىش قارارىغا كەلگەن
بولسىمۇ، كۈتۈلمىگەندە قاتتىق يامغۇر
يېغىپ كەتتى، ئەمما ئۇ يامغۇرغا قارىماي
يەتتە كىلومېتىر يولنى پىيادە مېڭىپ،
ھامۇت قۇرباننىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۇلار
بىلەن سىردىشىپ پۇل جىددىي لازىم
بولىدىغان بولسا بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— مېنىڭ پۇلغا ھاجىتىم يوق، پۇل
ئامانەت قويماقچىدىم، — دېدى ھامۇت قۇر-
بان سەل تۇرۇۋېلىپ. ئاندىن ئۇ قازناق
ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ، بىر تۇتام پۇلنى
كۆتۈرۈپ چىقىپ روزى يۈسۈپكە سۇندى، —
بۇ 12 يۈەن كەم 400 يۈەن، سىزگە ئا-
مانەت قوياي. روزى يۈسۈپ پۇلنى سانى-
ۋىدى پۇل 405 يۈەن چىقتى، يەنە بىر
قانچە قېتىم سانىۋىدى، ئوخشاش چىقتى.

— پۇلىڭىز 405 يۈەن ئىكەن، ئۆزى-
ڭىز قايتا بىر ساناپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ.
دېھقان پۇلنى قايتا - قايتا سانىۋىدى، پۇل
روزى يۈسۈپنىڭ دېگىنىدەك چىقتى، ئۇ،

روزى يۈسۈپنىڭ سەممىيلىكىدىن تەسىرلىنىپ قازناق ئۆيدىن يەنە ئىككى مىڭ يۈەن پۇلنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا تەڭلىدى:

— مانا بۇنىمۇ سىزگە ئامانەت قوياي!

روزى يۈسۈپ ئۇ دېھقاننىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق پۇل تاپقان، تۇرمۇشى سەللا ياخشىلانغان نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇغان، ئۇلارنى زار-زار قاقشاتقانىدى. بۇ خىل ئاچچىق ساۋاقلار بەزى كىشىلەرنى جاھانغا ئىشەنمەيدىغان قىلىپ قويغانىدى. روزى يۈسۈپ شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ سەممىي، تېخىمۇ ئادىل ئىشلىدى. ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆرگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ھەتتا ئۆز تەۋەلىكىدىن ئاتلاپ ئۇنىڭغا پۇل ئامانەت قويىدىغان بولدى.

6

روزى يۈسۈپ نامراتلارنى يۆلەشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى ھېسابلىدى. ئۇ 1987-يىل 7-ئاينىڭ 10-كۈنى ئاياغ قوشكۆل كەنتىنى ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتى، بىر ئۆيدىن تۇيۇقسىز يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. روزى يۈسۈپ ئۆيگە كىردى. ئۇ ياسىن ئىسىملىك كىشىنىڭ ئۆيى ئىدى، ئۇنىڭ ئوغلى ئىككى يىل بۇرۇن ئىككى بالىسى بىلەن خوتۇنىنى ئېلىپ بورتالاغا كۆچۈپ كەتكەنىكەن، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن تراكتور بىر پۇتىنى بېسىۋېلىپ ناكا بولۇپ قاپتۇ، يۇرتىغا قايتىپ كېلىش نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ پۇلى بولمىغاچقا، قايتىپ كېلەلمەپتۇ. شۇ ۋەجىدىن دادىسىغا خەت يېزىپ ياردەم سورىغانىكەن، دادىسىنىڭ قولى قىسقا بولغاچقا، پۇل ئەۋەتىشكە ئىلاج قىلالماي يىغا-زارە قىلىشقانىكەن. بۇ كەچۈرمىشلەرنى ئاڭلىغان روزى يۈسۈپنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى:

— ياسىنكا، سىز قايغۇرماڭ، مەن 200 يۈەن قەرز بېرەي، ئوغلىڭىزغا ئەۋەتىڭ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر ئامالىنى قىلارسىز.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ياسىن ئاكا ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالماي كۆزىنى ياشلاپ پارتىيىگە، پارتىيە تەربىيىلىگەن روزىغا رەھمەت ئېيتتى. ياسىن ئاكىنىڭ ئوغلى بىر ئايدىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆيىمۇ، يەيدىغان ئاشلىقىمۇ، خىراجەت قىلغۇدەك پۇلىمۇ يوق ئىدى. ئاتا-ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم بېرەلمەيتتى. روزى يۈسۈپ كەنت كادىرلىرىنى تېپىپ ئۇنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلدى ۋە ئۆز يېنىدىن 50 يۈەن پۇل چىقىرىپ ئۇلارغا ئاشلىق ئېلىپ بەردى. قولۇم-قوشنىلارمۇ قاراپ تۇرماي شەپقەتلىك قوللىرىنى سۇندى، مەھەممەت ياسىننىڭ ئۆچۈپ قالاي دېگەن ھايات شامى قايتىدىن يېنىپ، ياشاش ئۈمىدى تىكلەندى، لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەنلا پۈتمەيتتى، ئۇنىڭغا يەنە تۇرمۇش يولى تېپىپ بېرىش كېرەك ئىدى. روزى يۈسۈپ بۇ ئىش ھەققىدە بىرنەچچە كۈنلەپ باش قاتۇردى. ئاخىرى ئۇنىڭغا 1550 يۈەن قەرز بېرىپ، ئۆز قولى بىلەن ئىككى كالا، بىر قوي ئېلىپ بەردى ھەم بىر بوتكا ئېچىپ، ئۇنىڭغا توپ باھادا سېتىۋېلىنغان كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېلىپ، ئۇنىڭغا تۇرمۇش يولى تېپىپ بەردى. مەھەممەت ياسىن ئىككى كالىنى بورداپ 1600 يۈەنگە ساتتى، تىجارىتىمۇ جانلىنىپ ياندۇرقى يىلى پۈتۈن قەرزنى قايتۇرۇپ بولغانىنىڭ سىرتىدا مىڭ يۈەندىن كۆپرەك دەسمايىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى.

ئاياغ قوشكۆل كەنتىدىكى شېرىپ راخماننىڭ قوغۇن پەرۋىش قىلىشتىن خەۋىرى بولسىمۇ، ئائىلىسىدە يەتتە جان

بولغاچقا مەبلەغ جەھەتتە قىيىنلاتتى. 1987-يىلى روزى يۈسۈپ بۇ ئائىلىنى نۇقتىلىق تۇتۇپ توققۇز مو يەرگە قوغۇن تېرىتقۇزدى. قوغۇننى بېقىپ باشقۇرۇش ئۈچۈن 700 يۈەن قەرز بەردى. روزى يۈسۈپنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن شېرىپ راخماننىڭ قوغۇنلىرى راسا ئوخشىدى. ئەمما ئۇنى يۆتكەپ سېتىشتا يەنە مەبلەغدىن قىسىلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن روزى يۈسۈپ شېرىپ راخمانغا قوغۇنلىرىنى ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ سېتىش ئۈچۈن بىر يېرىم ئايلىق مۆھلەت بىلەن 2500 يۈەن قەرز بەردى، شېرىپ راخمان قوغۇننى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئاپىرىپ سېتىپ، 55000 يۈەن ساپ پايدا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن تۇنۇگۇنكى نامرات ئائىلە بۈگۈن ھاللىق ئائىلىگە ئايلاندى.

روزى يۈسۈپ مەسئۇل بولغان كەنت شىكەر كۆل ئۆتەڭگە يېقىن بولۇپ، تۈرلۈك مۇلازىمەت ۋە ھەرخىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا قولايلىق ئىدى. ئۇ ئاشۇ كەنتتىكى 23 ئائىلىنى شىكەر كۆل ئۆتىڭىدە ئاشخانا ئېچىش، ناۋايلىق، قاسساپلىق، رېمونتچىلىق، مېھمان كۈتۈش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللەپ، ئۇلارغا ئاكتىپ مەدەت بەردى، 1983-يىلدىن بۇيان نامرات ئائىلىلەرگە 150 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل قەرز بېرىپ، ئۇلارنى تۈرلۈك مۇلازىمەتنى ئاساس قىلغان كەسپىي ئائىلىلەرگە ئايلاندۇردى.

روزى يۈسۈپ شىكەر كۆل ئۆتىڭىدە ئامانەت توپلاشتا بوشلۇق بارلىقىنى سېزىپ، ھەپتىدە ئۈچ كۈن شىكەر كۆلدە پۇل مۇئامىلە تىجارىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىر تەرەپتىن، شىكەر كۆلدىكى مۇلازىمەتچىلەرگە ئوڭايلىق يارىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاشۇ يەردىلا ئېيىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 75 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئامانەت توپلاپ دېھقانلارنىڭ ئوبوروت ئالماشتۇرۇشىنى تېزلەتتى.

روزى يۈسۈپ ئامانەت توپلاش ئارقىلىق مەبلەغ مەسىلىسىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن، قەرز پۇلنى ئۆزى مەسئۇل بولغان دائىرىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا چارۋىچىلىق، قوغۇنچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مەبلەغ قىلدى. ئۇ 1984-يىلدىن بۇيان دېھقانلارنىڭ «تاگشەن - 6898» كۈزگى بۇغدىيى ۋە «بېيجىڭ بالدۇر پىشار» قونىقىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 26 مىڭ يۈەن، دېھقانلارنىڭ باقمىچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 52 مىڭ يۈەندىن قەرز پۇل تارقىتىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ تېزرەك قەد كۆتۈرۈشىگە ئالاھىدە تۈرتكە بولدى.

7

روزى يۈسۈپ ئامانەت قەرز كوپېراتىپىدا ئىشلىگەندىن بۇيان مەھسۇلات ۋە ئومۇمىي كىرىم كەملەپ كەتكەن يىللاردىمۇ ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ كەلدى. ئۇ 1983-يىللىق 91 مىڭ يۈەن ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسىنى 115 مىڭ يۈەن، 1984-يىللىق 110 مىڭ يۈەن ۋەزىپىنى 190 مىڭ يۈەن، 1985-يىلى 125 مىڭ يۈەن ۋەزىپىنى 202 مىڭ يۈەن، 1986-يىللىق 150 مىڭ يۈەن ۋەزىپىنى 207 مىڭ يۈەن، 1987-يىلى 176 مىڭ يۈەن ۋەزىپىنى

234 مىڭ يۈەن ئورۇندىدى، 1987 - يىلى يالغۇز روزى يۈسۈپنىڭ ساپ پايدىسىلا پۈتۈن ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بويىچە قولغا كەلتۈرۈلگەن ساپ پايدىنىڭ 44% تىنى ئىگىلىدى. 1988 - يىلى ئۇ ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئومۇمىي خىزمەتلەرنى تۇتۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىمۇ بىر كىشىلىك ۋەزىپە ئېلىپ 234 مىڭ يۈەن ۋەزىپىنى 146% ئورۇندىدى. روزى يۈسۈپ خىزمەتكە قاتناشقان 20 نەچچە يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزدى. ئۇ سەھرا يىگىتىگە خاس جاسارىتىنى نامايان قىلىپ، كۆپ تەر تۆكتى، ئەجىر سىڭدۈردى، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيەسىنى ھەقىقىي تۈردە تىكلەپ، دېھقانلارنىڭ دەردى ھالىغا يېتىپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى.

روزى يۈسۈپنىڭ دېھقانلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ يۇرتىنى گۈللەندۈرۈش جەريانىدىكى بىر قاتار ئىش ئىزلىرى بىلەن دېھقانلارنىڭ ھىمايىسىگە، يېزىلىق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. نامراتلارنى يۆلەشتە نۇقتا تۇتۇش ئارقىلىق پۈتۈن دائىرىنى يېتەكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتتى. يېزا بويىچە 1990 - يىلىدىكى ئومۇمىي ئاشلىق مەھسۇلاتى 20 مىليون 647 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1989 - يىلىدىكىدىن 10.4% ئاشتى. كېۋەز مەھسۇلاتى 8 مىليون 40.4 مىڭ جىڭغا يېتىپ، 1989 - يىلىدىكىدىن بىر قاتلاندى. بىر يىلدىلا يېزا بويىچە 342 ئائىلە نامراتلىقتىن قوتۇلۇپ، ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 594 يۈەنگە، ئاشلىقى 762 جىڭغا يەتتى.

8

روزى يۈسۈپ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىشلەپ، بارلىقىنى پارتىيىگە، خەلققە ئاتىغىنى ئۈچۈن پارتىيە ۋە خەلق ئۇنىڭغا خىلمۇ خىل شان - شەرەپلەرنى بەردى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ھەر يىلى يېزا، ناھىيە بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغاندىن باشقا، ئاپتونوم رايونى بويىچە مەدەنىيەتلىك، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش ئۈلگىسى، مۇنەۋۋەر پۇل مۇئامىلە خادىمى، پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى بويىچە مەدەنىيەتلىك، ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش ئۈلگىسى بولۇپ باھالىنىپ، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايونى ۋە مەملىكەت بويىچە 41 قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1988 - يىلى 7 - ئايدا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 6 - قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. 1989 - يىل مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپكە ئېرىشىپ، دۆلەت بايرىمىدا دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. 1989 - يىلى يەنە ئۇنىڭغا دەرىجە ئاتلاپ بوغالتىر تېخنىك دېگەن تېخنىكا ئۇنۋانى بېرىلدى. 1989 -، 1990 - يىللىرى ئۇ يەنە يېزا، ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالاندى. ئۇلۇغۋار غايە بەختى كۆلگەن بۇ سەھرا يىگىتىنى تېخىمۇ جاپالىق، تېخىمۇ شەرەپلىك پەللىگە چىللىماقتا. بىز ئۇنىڭ دەۋرنىڭ يېڭى سىناقلىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

uyghurkitap.com




دىلدار

(ئەدەبىي ئاخبارات)

1989 - يىلى باھار. مەن ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا باھاسى چۈشۈرۈلۈپ سېتىلىۋاتقان ۋېناس ھەيكىلىنى ئۇچرىتىپ قالدىم ۋە ئۇنىڭدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، يېزىق ئۈستىلىمنىڭ ئۈستىگە تىزىپ قويدۇم. شۇ كۈنى مەن ئاشۇ ۋېناس ھەيكىلىگە خېلى ئۇزاق تىكىلىپ ئولتۇردۇم. يۈرىكىمدە ئاللىقانداق ئازابلىق ھېس - تۇيغۇلار ئويغاندى. مەن يېقىنقى يىللاردىن بېرى نېمىشقىدۇر قايغۇرىدىغان، بىئارام بولىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. شۇ كۈنى قولۇم ئىشقا بارمىدى. خەت - چەك باشقۇرغۇچى خادىم ئەكىرىپ بەرگەن گېزىتلەرنى قولۇمغا ئېلىپ، مەقسەتسىز ھالدا ۋاراقلاشقا باشلىدىم.

«يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش قاتارلىق ئالتە زىيانلىق قىلمىشقا كۆپ قېتىم زەربە بەردۇق ۋە ئۇنى تەكشۈرۈپ تۇستۇق. لېكىن ئۇ ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنمىگەچكە، ئاممىنىڭ ۋە ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىنكاسى كۈچلۈك بولماقتا. ئىپپەت - نومۇسنى سېتىش، پاھىشىۋازلىق قىلىش قاتارلىق رەزىل ھادىسىلەر فېئوداللىق جەمئىيەتتىن قالغان زەھەر، بۇرژۇئاچە چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىپادىسى... ئالتە زىيانلىق قىلمىش تۈگىتىلمىسە، دۆلەت تىنچ، خەلق خاتىرجەم بولالمايدۇ. شۇڭا بىز تەڭ غەزەپكە كېلىپ ئۇنى بىرلىكتە ئەيىبلەپ، تەلتۆكۈس تازىلىشىمىز لازىم...»

مەن بۇ خەۋەرنى ئوقۇۋېتىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. بىخەستەلىكىمدىن ئۈستەل ئۈستىدىكى گېزىت - ژۇرنال ۋە قېلىن لۇغەتلەر ئۇڭدا - دۈمدە بولۇپ كەتتى. ۋېناسنىڭ ھەيكىلىمۇ يەرگە غۇلاپ چۈشتى. ئەسلىدىمۇ ئۇنىڭ قولى چولاق ئىدى. ئەمدى ئاشۇ چولاق قولىمۇ كۆكۈم - تالقان

بولۇپ كەتتى. شۇ دەقىقىدە ئىرۋىلىرىم بىردىنلا سەگەكلىشىپ كەتكەندەك بولدى. مېنى بىئارام قىلىۋاتقان ئازابلىق خىياللار مېڭەمدە روشەنلەشتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا مەن بىلىدىغان بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئورنى، كۈلكىسى، يىغىسى ۋە ئازابلىرى كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. مېنى بىئارام قىلغان مەسىلە دەل مۇشۇ ئىدى.

مەن ئاستاغىنا ئېڭىشىپ، ۋېنىناس ھەيكىلىنى قولۇمغا ئالدىم. كۆڭلۈمدە ۋېنىناس بىلەن ئاشۇ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق باردەك ھېس قىلاتتىم. شۇنداق، ھەقىقەتەنمۇ ئوخشاشلىق بار. ۋېنىناس — ئايال! ئەي ۋېنىناس! سەنمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر ئاياللىرىدەك زىيادەت چەككەنمىدىڭ؟ ئازابلانغانمىدىڭ؟ خارلانغانمىدىڭ؟ ئايال ئاياللىنىڭ ؟ قاياشىغۇ سەنمۇ ئايال بولغاندىكىن ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولالامسەن؟

ۋېنىناس مېنىڭ خىتابلىرىمغا جاۋاب قايتۇرمىدى.

بۇ چاغدا گەرچە كۆزۈم ئوچۇق بولسىمۇ، ۋېنىناسنىڭ گەج بىلەن لايدىن پۈتكەن كۆز چاناقلىرىدىن قان تامچىلاۋاتقاندەك بىر خىيالىي تۇيغۇ كۆز ئالدىمغا كەلدى. مەن ئۆز خىياللىرىمدىن چۆچۈپ بېشىمنى سىلكىدىم، كۆزۈمنى ئۇۋۇلىۋەتتىم. ئەمدى مەن خىيالدىن رېئاللىققا قايتقانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ۋېنىناس ھەيكىلىنى ئۈستەلنىڭ بىر چېتىگە سۈرۈپ قويۇپ، قولۇمغا قەلەم ئالدىم. ئەپسۇسكى، قەلەم قۇۋۋىتىم ئاجىز بولغانلىقتىن، يېزىپ چىققىنىم ئاياللارنىڭ يىغىسىنى يىغلاش بىلەنلا چەكلەندى.

توغرا، مەن ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇ ئازاب چەككەن ئاياللارنىڭ يىغىسىنى يىغلىدىم. ئۈستەلدە مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىمدا ئۇلارنىڭ «خانىم، مېنى قۇتقۇزۇۋالسىلا» دېگەن ئىلتىجالىرى قۇلىقىمغا ئاڭلانغاندەك بولاتتى. جۇل ـ جۇل كىيىملىك سەبىي قىزلارنىڭ «ئاچا، بىرەر موچەن سەدىقە بەرسىلە، سىلىگە خۇدايىم بېرەر» دەپ ماڭا قولىنى سوزۇۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۆزۈمدە ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالالىغۇدەك كۈچ ـ قۇدرەتنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ ئۆكۈنەتتىم. ئىختىيارسىزلا بوغۇزۇمغا يىغا قاپلىنىپ، كۆزۈمگە ياش كېلەتتى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، مېنىڭ كۆڭۈل خاتىرەمگە بىر قانچە ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەر سىزىلغان. بۇ كۆرۈنۈشلەرنى سىزگە كۆرسەتمىسەم كۆڭلۈم زادىلا ئارام تاپمايدۇ. بۇلارنى سىزمۇ كۆڭۈل كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈڭ.

بىرىنچى كۆرۈنۈش

ئۈرۈمچىدىكى سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئىككى يۈزمىڭ يۈەن خىراجەت قىلىنىپ سېلىنغان «پاھىشە ئاياللارنى يىغىۋېلىش ئورنى» نىڭ ھەيۋەتلىك بىناسى. ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا، قەشقەر، خوتەن كوچىلىرىدا، چوڭ ـ كىچىك ماگىزىنلارنىڭ پەلەمپەيلىرىدە تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن ئاياللار ۋە ئوقۇش يېشىدىكى قىزلار. قىزلارنىڭ ھەرخىل ئۇسۇلدا سېتىلىشلىرى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كىمنىڭدۇر خىيالى ۋە توقۇپ چىققان چۆچەكى ئەمەس. بۇلار مۇشۇ كۈنلەردە، بىزنىڭ مۇشۇ گۈزەل ماكانىمىزدا ھەقىقەتەن يۈز بېرىۋاتقان پاجىئە. بۇ قىلمىشلار

www.uyghurkitap.com

كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ ۋە ئەنسىرىتىدۇ.

مەن ئۈرۈمچى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىغا بېرىپ، مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. ئەقىل كۆزۈم بىلەن ھەممىنى كۆردۈم. ئۇ يەرلەردىن ھەر خىل ئىنكاس ۋە ھەر خىل سادالارنى ئاڭلىدىم. بۇ سادالار كىشىنىڭ بەدىنىنى تىكەنلەشتۈرىدۇ، ئادەمنى چۆچۈتىدۇ ۋە قايغۇغا سالىدۇ.

ئىككىنچى كۆرۈنۈش

ئامانگۈل ئاق سېرىق ئۆڭلۈك، قاپقارا قاشلىق، يوغان كۆزلۈك، زىلۋا بوي ئايال. مەن ئۇنىڭ دۆڭ كۆۋرۈك ماگىزىنىنىڭ پەلەمپىيىدە ئولتۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاتتىق ئېچىندىم، ئۇ ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە ئويچان ھالدا تىكىلىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ زادى نېمەدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن خىيال سۈرۈۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇراتتى. بېشىغا كىرلەشكەن كونا داكا ياغلىق چىگىۋالغانىدى. ئۇ باشقا تىلەمچىلەردەك چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ سەدىقە تىلىمىسمۇ، ئۇنىڭ شۇ تۇرقىنىڭ ئۆزىلا ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاشقا يېتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بىر بالا بار ئىدى. بالا ئۇنىڭ ئەمچىكىنى قوللىرىدا تارتقۇشلىغىنىچە توختىماي شوراۋاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئالتە ياشلار چامىسىدىكى جۇل-جۇل لاتىلارغا ئورالغان بىر ئوغۇل بالا دۇنيادىكى ياخشىلىق - يامانلىقلاردىن بىخەۋەر ھالدا بىر دانە شارنى بىردەم پۈۋلەپ، بىردەم يېلىنى چىقىرىپ ئوينىۋاتاتتى. بەش يىلنىڭ ئالدىدا مەن ئامانگۈل بىلەن ئاشۇ بالىنىڭ دادىسى توغرىسىدا چېقى پاراڭلاشقان. شۇ چاغدا ئۇ مېنى ھۆكۈمەت خادىمى دەپ بىلىپ ماڭا ئىشەنگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ ئەرز - دادىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئىنكاس قىلغانىدىم. بىراق، كېيىنكى چاغلاردا مەن باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، ئامانگۈلنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالغانىدىم. بۈگۈن ئۇنى بۇ يەردە مۇشۇنداق ئەھۋالدا كۆرۈپ تولىمۇ ھەيران قالدىم.

— ئامانگۈل، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، — ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

ئامانگۈل ماڭا لەپپىدە قارىدى. دەقىقە ئىچىدىلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى خامۇشلۇق ئىپادە ئاچچىق نەپرەت بىلەن ئالماشتى. ئۇ مېنىڭ سالىمىمنى ئىلىك ئالماي تەتۈر قارىۋالدى. ئۇنىڭ ماڭا ئالىيىشى ھەقلىق ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا ھەر بىر ھۆكۈمەت خادىمى ھۆكۈمەتكە ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇنداق ئىكەن ئۇلار چوقۇم ئادىل ۋە راستچىل بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن ئارىسالدىلىق بىلەن ئۇنىڭغا:

— ئامانگۈل، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، مەن سىزنى ئاشخانىغا ئەپكىرىپ مېھمان قىلاي، — دېدىم.

— ئانا، قورسىقىم ئاچتى، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى، — دېدى يېنىمىدىكى ئوغۇل بالا ئۇنىڭ ئېلىكىدىن تارتقىنىچە.

ئاچلىق ھەممىدىن غالىپ كەلدى. ئىككىمىز تەخسە لەغمەن ۋە بەش يوتازا يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئامانگۈلنىڭ كۆزىدىكى نەپرەت ئىپادىلىرى يوقالدى. كېيىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ سۆزىنى باشلىدى.

— خەۋىرىڭىز بار، مەنمۇ بىر چاغلاردا پاك، ئەخلاقلىق قىز ئىدىم. كېيىن ئاتا-ئانام كەينى-كەينىدىن ۋاپات بولۇپ كېتىپ، يېتىم بولۇپ قالدىم. ئۇزاق ئۆتمەي «سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» دېگەن گەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن مەن دادامنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگۈزىمەن، مۇسادىرە قىلىنغان مال-مۈلۈكنى قايتۇرۇپ ئالىمەن، دېگەن نىيەتتە ناھىيە، ۋىلايەتكە دەرد ئېيتىپ باردىم. ھەتتا قىشنىڭ زىمىستان كۈنلىرىدىمۇ يول مېڭىشنى توختاتمىدىم. قورسىقىم ئاچ، كىيىمىم يېلىڭ ئىدى. مەن ئاچلىققا، سوغۇققا بەرداشلىق بەردىم. لېكىن نازۇكراق ئىشلارغا كەلگەندە بەرداشلىق بېرەلمەي قالدىم. ھۆكۈمەتنىڭ بىر رەھبىرىي كادىرى بىر ۋاراق رەسمىيەت قەغىزى ئۈچۈن قىزلىق ئىپپەت-نومۇسۇمنى ئاياغ-ئاستى قىلدى. ئۇ چاغلاردا بەكمۇ ساددا ئىكەنمەن. مەن ئاشۇ رەھبەرگە خۇددى خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتىم. قەلبىمدە ئۆزۈمنى پاكلىققا، ئۈمىدۋارلىققا ئۈندەپ تۇرىدىغان بىر غايىۋى كۈچ بارلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. ئەمدى ھەممىسى تۈگىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمنى يوقاتقانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ۋۇجۇدۇمدىكى غايە، ئەقىدە دېگەنلەرمۇ پۈتۈنلەي بەربات بولدى. ئەمدى مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى بەزى توققۇزى تەل ئەمەلدارلارنىڭ قىلىقلىرى شۇنداق تۇرسا، مەن ئۆزۈمدىكى نەرسىنى بىرەر قاچا ئاش، بىرەر دانە كۆڭلەك بىلەن ئالماشتۇرسام بولامدىكەن، دەپ ئويلىدىم ھەم شۇنداق قىلدىم.

كېيىن دادامنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مۇسادىر قىلىنغان مال-مۈلكىمىز ئۈچۈن ھۆكۈمەت بىر نەچچە مىڭ يۈەن پۇل بەردى. بۇ پۇلغا قورۇ-جاي سېتىۋالساممۇ بولاتتى. بىراق، بۇ چاغدا مەن دادىسى ئېنىق بولمىغان بىر بالىغا ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، بالامنىڭ دادىسىنى ئويلاپ قالدىم. بالا تۇغۇلدى. مەن بالامنىڭ دادىسى ئاشۇ تۇنجى قېتىم مېنىڭ ئىپپىتىمنى بۇلىغان ئادەم دەپ بىلەتتىم. شۇڭا ئاشۇ بىر نەچچە مىڭ يۈەننى خەجلەپ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئەرز قىلدىم. بىراق مەن ئۇ چاغدا «ئىپپىتىنى ساتقۇچى ئايال» بولۇپ تونۇلۇپ قالغانىدىم. شۇڭا ھېچكىم گېپىمگە قۇلاق سالمىدى. ئەكسىچە بەزى كىشىلەر مېنى «رەھبىرىي كادىرنى قارىلىغان» دېگەن بوھتان بىلەن قولغا ئالدۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. يۇرتتا ئاتا-ئانامۇ خېلى ئابرويلۇق ئادەملەر ئىدى. مەن شۇ يامان ئاتاق بىلەن يۇرتۇمغا قايتىپ، ئاتا-ئانامنىڭ روھىنى قورۇندۇرۇشنى راۋا كۆرمىدىم. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، كۈندۈزى تىلەمچىلىك قىلىمەن. چۈنكى تىلەپ يېگەن تائام ئۈچۈن ھېچكىم تاپا-تەنە قىلمايدىكەن. كېچىسى كىم ماڭا بىر كىشىلىك ئىسسىق ئورۇن بەرسە شۇ يەردە ياتىمەن. ئۈرۈمچىدەك شەھەردە ماڭا ئوخشاش ئىككى باللىق ئايالغا تۈزۈكرەك ئەركەكلەر ئانچە كۆز قىرىنى سېلىپ كەتمەيدىكەن. يازدىغۇ ئۇدۇل كەلگەن يەردە ياتقىلى بولىۋېرىدۇ. لېكىن قىشنىڭ كېچىلىرى ماڭا دوزاختەك بىلىنىدۇ. ۋايىيەي، قانداق قىلاي، بۇ ئىككى شور پېشانىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشۇم، سوغۇققا تۈگدۈرۈپ قويماسلىقىم كېرەك-تە. ماڭا نېمە ئامال، بەزىدە دوختۇرخانىنىڭ پەلەمپەيدىكى پارنىڭ يېنىغا ياكى ئاشپەزنىڭ ئوچىقىنىڭ يېنىغا باللىرىم بىلەن تىقىلىمەن. بەزىدە بىرەر

www.uyghurkitap.com

ئاشپەز ياكى بىمارنىڭ خەيرى ـ ساخاۋىتىگە
ئېرىشىپمۇ قالىمەن. بىراق، بۇنىڭغا
يەنە بەدەل تۆلەيدىغان گەپ. مانا جاھان،
مانا جاھاندارچىلىق! ــ ئامانگۇل شۇنداق
دېگىنىچە مەرۋايىتتەك چىشلىرىنى چىقىرىپ
ئاچچىق كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى
ماڭا جاۋابىنى تېپىش تولىمۇ قىيىن بولغان
تىلسىملىق تېپىشماقتەك بىلىنىپ، تېنىم
شۈركىنىپ كەتتى...

شۇ كۈنى ئامانگۇل خىيالىمدىن زا-
دىلا نېرى كەتمىدى. مەن ئۇنىڭ كېيىنكى
ھاياتىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئۇ ئۆمرىنىڭ
ئاخىرىغىچە ئاشۇنداق تىلەمچىلىك قىلىپ،
ئېپپەت ـ نومۇسىنى سېتىپ تىرىكچىلىك
قىلارمۇ؟ بۇ زېمىندا ئۇنىڭغا باشپاناھ
بولغۇدەك بىرەر شەپقەتلىك ئەر تېپىلماسمۇ؟
بەلكىم ئۇ قىشنىڭ دەھشەتلىك سوغۇق-
لىرىدا بىرەر بۇلۇڭ ـ پۇشقاقتا توڭلاپ ئۆلۈپ
قېلىشى مۇمكىنغۇ! ئۇنىڭ ئاشۇ دادىسى
نامەلۇم بولغان ئىككى بالىسى كەلگۈسىدە
ئامانگۇلگە ئوخشاش تىلەمچى بولارمۇ ياكى
يانچۇقچى، ئوغرى بولارمۇ؟

ئەي ئىنسانلار! رەھىم ـ شەپقەتلىك
بولۇڭلار! ئامانگۇلگە ئوخشىغانلارنى
قۇتقۇزۇۋېلىڭلار!

ئۈچىنچى كۆرۈنۈش

ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا يېڭىدىن قەد
كۆتۈرگەن قەھۋەخانىلارنى ئەسلىدە بىر
خىل مەدەنىيەتلىك ئورۇن، دەپ چۈشى-
نەتتىم. شۇڭا خىزمەتدىشىم بىلەن شەھەر
مەركىزىدىكى «ئۈنچە ـ مەرۋايىت» ناملىق
ياسىداق قەھۋەخانىغا كىردۇق. بىز ئىشىك-
تىن كىرگەن ھامان يۈزلىرى مەر ـ مەرتاشت-
تەك يالتىراپ تۇرىدىغان شەھلا كۆزلۈك
ئۇيغۇر قىزى ئالدىمىزغا چىقىپ، بىزدىن
ئەدەب بىلەن ئەھۋال سورىدى ـ دە، بىزنى
كۇڭگا چىراغ ياندۇرۇلغان ئىككى كىشىلىك
خانىغا تەكلىپ قىلدى. بىز ھېلىقى قىز
كۆرسەتكەن ئورۇندا ئەمدىلا ئولتۇرۇۋىدۇق،
ئۇ چوڭ خانا تەرەپتىكى قېلىن پەردىنى
چۈشۈرۈۋەتتى. بىز ئولتۇرغان ئورۇن بىر
مىنۇت ئىچىدىلا پىنھان بىر ھۇجرىغا ئاي-
لاندى. بۇنىڭدىن خىزمەتدىشىممۇ، مەنمۇ
ئوڭايسىزلاندۇق. دەل شۇ چاغدا قوشنا
خانىدىكىلەرنىڭ سىرلىق-پىچىرلىشىشلىرى،
شىرەگە نېمىنىڭدۇر تەگكەن تاراق ـ تۇرۇق
ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالدى. مەن دەرھال
ئورنىمدىن تۇردۇم ـ دە، پەردىنىڭ سىرتىغا
چىقىپ، تېخى يىراقلاپ كەتمىگەن قىزدىن
سورىدىم:

ــ سىڭلىم، بۇ نېمە قىلىق؟ نېمە
ئۈچۈن پەردىنى چۈشۈرۈۋېتىپ بىزنى بۇ
يەرگە سولاپ قويىسىز؟ ــ ھېلىقى قىز
مېنىڭ سۆزۈمدىن ھەيران قالغان بولسا
كېرەك، كۆزلىرىنى يوغان ئاچقان ھالدا:

ــ بۇ قەھۋەخانىغۇ، قەھۋەخانىنىڭ
قائىدىسى شۇنداق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى
ۋە ئەدەب بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويۇپ،
ھاراق ـ شاراب ئىشكاپىنىڭ يېنىغا كېتىپ
قالدى. ئەتراپىمدىكى مۇھىتقا قاراپ كۆڭ-
لۈمدە گۇمان پەيدا بولدى. بۇ يەرنىڭ مەن
ئويلىغاندەك مەدەنىيەتلىك ئورۇن ئەمەسلى-
كىنى ھېس قىلىپ، دەرھال چىقىپ
كەتمەكچى بولدۇم، بىراق چىقىپ كەتمىدىم.
پەردىنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ قويدۇم ـ دە،
قىزنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىمچە ئويلىنىپ
قالدىم. تووۋا، ئۇ نېملى تەربىيە كۆرگەن،
قائىدە ـ يوسۇنلۇق قىزدەك كۆرۈنىدۇ.
چىرايىمۇ خېلىلا گۈزەلكەن. ئۇنىڭغا
بۇنىڭدىن تۈزۈكرەك جاي تېپىلمىغانمىدۇ؟

ئۇ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟ مەن خىزمەتدىشىمنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ قىزغا ئانچە - مۇنچە يېمەك - ئىچمەك ئەكەلدۈرۈپ، ئۇنى ماڭا ھەمراھ بولۇشقا تەكلىپ قىلدىم. ئۇ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ ئولتۇرغاندا، چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ، ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— سىڭلىم سىز ئۇيغۇرمۇ؟!

ئۇ ماڭا ھەيران بولغان، تىڭىرقىغان ھالدا بىر ھازا قاراپ قالدى. ئارىدىن ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا، چىرايىدىكى بارلىق ئىپادىلەرنىڭ ئورنىنى ئىستىھزالىق كۈلكىسى ئىگىلىدى.

— سىز ئۇيغۇرمۇ دەمسىز؟ قويۇڭ بۇنداق بىمەنە سوئالنى! مەن ھېچنېمە ئەمەس. كىمكى مېنىڭ بىر كۈنلۈك تۇرمۇشۇمنى كاپالەتكە ئىگە قىلسا، مەن شۇنىڭ تائىپىسىدىن ...

مەن چۆچۈپ كەتتىم.

بۇ ئىنسان روھىي ھالىتىنىڭ باشقىلار ئاسان بايقىيالمايدىغان دەھشەتلىك، مىسلىسىز دەرىجىدە گۇمران بولۇشى، بۇ ھاياتتا ھېچقانداق چىقىش يولى تاپالمىغان ئاجىزەنىڭ ئىلاجىسىزلىق كەيپىياتى. دەرۋەقە، مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيمەن. ئېھتىمال ئۇنىڭ يۈرەك سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش مېنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچۇمدۇر.

ئىككىمىز ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ ئولتۇردۇق. ئۇنىڭ قاپقارا، قويۇق چاچلىرى يەلكىسىدە بۇلۇتتەك يېيىلىپ تۇراتتى. نېپىز لەۋلىرىدە يېقىملىق تەبەسسۇم جىلۋىلىنەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىر خىل مۇڭ - ھەسرەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقىۋالدىم. بىردەملىك سۆھبەتتىن كېيىن مەن دەل مۇشۇ پەرزىمنى ئېيىتتىم. ئۇ ئۆز ئىسمىنى مەخپىي تۇتۇش شەرتى بىلەن كەچۈرمىشلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىشكە قوشۇلدى.

— مەن بۆشۈكىمدىلا ياخشى ئاسرالمىغان قىزمەن، — دېدى ئۇ گويا كىمنىڭ دۇر ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك پەرۋاسىز قىياپەتتە ئۇزۇن بارماقلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇۋالغان تاماكىنى شوراپ تۇرۇپ، — ئاتا - ئانامنىڭ خەت - ساۋاتى يوق ئىدى. ئۇلار بۇ دۇنياغا خۇددى ئىنسان كۆپەيتىش ئۈچۈنلا كەلگەندەك ئىدى. دادام ئانچە ئاۋات بولمىغان بىر بازاردا ئاشپەزلىك قىلاتتى. ئاناممۇ بەزى چاغلاردا دادامغا ياردەملىشەتتى. ئاتا - ئانام بىز ئالتە بالىنىڭ ئوقۇشى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالى توغرىسىدا زادىلا ئويلاپ باقمايتتى.

مەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۇقتۇرۇش كۈتۈۋاتقان كۈنلەردە ئۆيىمىزگە تۇرغۇن ئاكام كەلدى (ئۇ «ئاكام» دېگەن سۆزنى كىنايە ئارىلاش تەلەپپۇزدا ئېيىتتى). ئۇ شوپۇر ئىدى. دادام يوق چاغلاردا ئانامنى پات - پاتلا يوقلاپ كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ھەممىمىزنىڭ قولىغا پۇل تۇتقۇزۇپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز خۇددى ھېيت كۈنلىرىدىكىدەك خۇش بولاتتۇق. بىراق بۇ نۆۋەت ئۇ بىزگە پۇل بەرمىدى. ئانام بىلەنمۇ ئانچە كارى بولمىدى. ئۇ مېنىڭ ئىمتىھاننى قانداقراق بەرگەنلىكىمنى ۋە قايسى كەسىپتە ئوقۇشنى خالايدىغانلىقىمنى سورىدى. ئۇ ئائىلىمىزگە كەلگەن مېھمانلار ئىچىدىكى مېنىڭ ئوقۇشۇمغا كۆڭۈل بۆلگەن تۇنجى كىشى ئىدى. مەن ئېغىز - ئېغىزىمىغا تېگمەي

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مېنى ماشىنا بىلەن بازار سىرتىنى ئايلىنىپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. مەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي ئانامغا قارىدىم. ئانام: بارغىن قىزىم، ئوقتۇرۇش كېلىشىنى كۈتۈۋېرىپ بۇرۇقتۇم بولۇپ كەتتىڭ، ئىچ پۇشۇقىڭنى چىقىرىپ كېلەرسەن، دېدى. شۇنداق قىلىپ بىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بازار سىرتىغا چىقتۇق. بىز ناھىيىدىن بەكمۇ يىراقلاپ كەتكەن بولساق كېرەك، دەرەخلەرمۇ ئازىيىشقا باشلىدى. ئاخىرىدا تۇرغۇن ئاكام ماشىنىنى بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا ئەپكىرىپ توختاتتى. ئاندىن ماشىنىنىڭ خۇرۇم يۆلەنچۈكى بىلەن ئورۇندۇقنى ئېلىپ، بىر تۈپ جىگدە دەرىخىنىڭ تۈۋىگە سالدى.

— مەرھەمەت، چىرايلىق قىز، — دېدى تۇرغۇن ئاكام ھېلىقى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، — ئەمدى بۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئارام ئالىمىز.

مەن ھېچ چارچىمىغانىدىم. بىراق ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ئۇ كۆرسەتكەن جايدا ئولتۇردۇم. ئۇ كابىنىكىدىن يوغان قارا سومكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى، پىۋا، كەمپۈت، نانلارنى چىقاردى. ئاندىن توخۇنىڭ بىر پاچىقىنى مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن، مېنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى. گۆش يەپ، پىۋىنى ئىچكىلى تۇردى.

— مەن بىلىدىغان قىزلارنىڭ ئىچىدە چىرايىدىمۇ، ئەقلىدىمۇ سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتىدىغىنى يوق. خۇدا ساڭا ھەممىنى ئايىماي بەرگەن. خۇدا ساڭا بۇلارنى نېمىشقا بەرگەن، بىلەمسەن؟ مەندەك يىگىتنى خۇش قىلسۇن، دەپ بەرگەن. قىز بالا دېگەننىڭمۇ ئوقۇغىنى ياخشى، ھېلىمۇ 10 ـ سىنىپقىچە ئوقۇپسەن. شۇمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئوقۇۋېرىپ ھاكىم بولامتىڭ يا؟ بىلىپ قوي، سەندەك قىزنىڭ ھاكىم بولغىنىدىن كۆرە، ماڭا خوتۇن بولغىنى تۈزۈك...

مەن ئۇنىڭ يالىڭاچ سۆزلىرىدىن ئۇيۇلۇپ ئالقىنىمدا يۈزۈمنى ئېتىۋالدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلۈمدىكى كۆيۈمچان ئاكىلىق ئوبرازى يوقىلىپ، كۆز ئالدىمدا قوپال، ئەدەبسىز بىر شوپۇرنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندى. مەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، بۇ يەردىن نېرى كەتمەكچى بولۇپ يۈگۈردۈم. بىراق، ئۇ مېنى قوغلاپ تۇتۇۋالدى. دېمىسىمۇ مەن بۇ چۆل ـ جەزىرىدە قېچىپ نەگىمۇ بارالايتتىم؟ مەن بوغۇزلىنىش ئالدىدىكى چۈجىدەك تىپىرلىغىنىمچە ئۇنىڭ قولىغا چۈشتۈم.

— ھەي قىزبالا، — دېدى ئۇ مېنىڭ بېلىمدىن قۇچاقلىغىنىچە، — قېچىپ نەگىمۇ بارالايتتىڭ؟ چىرايلىق بولغاندىكىنىڭمۇ مۇشۇنداق نازلانساڭ يارىشىدۇ. بىراق، بەك چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتتىڭ.

مەن ئىزا ۋە نومۇس كۈچىدىن بەك كۈچەپ يۈگۈرگەنلىكىم ئۈچۈن پۈت ـ قولۇمدا پەقەتلا ماغدۇرۇم قالمىغانىدى. شۇڭا ئۆزۈمنى تاشلاپ يەردە ئولتۇرۇۋالدىم. بۇ چاغدا تۇرغۇن ئاكام بېلىمدىن قولىنى بوشاتتى ـ دە، ئۈستۈمگە خۇددى ئاچ بۆرىدەك تاشلاندى.

— ئانا! ئانامغا دەيمەن! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن ئۇنىڭ تۈكلۈك ئېڭەكلىرىنىڭ يۈزۈمگە سۈركىلىشىدىن ئاران نەپەس ئالغان ھالدا.

— ئاناڭغا دېمەيلا قوي، ئاناڭ سېنى

ئاللىقاچانلا مېنىڭ ئىختىيارىمغا بېرىۋەتكەن.

مەن يۇقىرىقى گەپلەردىن دەسلەپتە غەزەپلەندىم. سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تۇرغۇننىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە چۈشەندىم-دە، ۋۇجۇدۇمنى تىترەك بېسىپ، نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. مەن ئاشۇ قوم دۆۋىلىرى ئارىسىدا كۆپكۈندۈزدىلا ئاندىن تۇغما هالەتكە كەلتۈرۈلدۈم...

ئىپپەت - نومۇسۇم ئاياغ - ئاستى قىلىندى. ئارزۇ - ئۈمىدلىرىم ۋەيران بولدى، بۇ دۇنيادا ياشاشنىڭ هېچ بىر ئەهمىيىتى يوقتەك بىلىنىپ، ئاخىرى ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كەلدىم. بىراق، توساتتىن كەلگەن ئالىي مەكتەپ چاقىرىقنامىسى قەلبىمدىكى ئۆچەيلا دەپ قالغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى قايتىدىن يالقۇنجاتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن خورلۇق ۋە نومۇس ئىچىدە بولسىمۇ ياشاش قارارىغا كەلدىم. مەن ئالىي مەكتەپكە مېڭىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان كۈنلەردە ئاتا - ئانام تۇرغۇننىڭ ئائىلىسىدىن كەلگەن ماقۇللىشىش چېيىنى قوبۇل قىلىشتى. شۇ كۈنى ئانام ئوچۇقلا: يۈزۈڭ ئېچىلىپ قالدى. ئەمدى باشقا بىرسىنىڭ ئالدىغا بېرىشىڭ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەهۋالىدىنمۇ خەۋىرىڭ بار. بىز ساڭا ئىقتىسادىي جەهەتتىن ياردەم قىلىدىغان ئادەمگە موهتاج، دېدى. مەن مەكتەپكە كەلگەن دەسلەپكى ئايلاردا ئاتا - ئانام ماڭا راستىنلا هېچ نەرسە ئەۋەتىپ بەرمىدى. مەن پەقەت تۇرغۇننىڭ هەپتىدە بېرىپ تۇرىدىغان بەش - ئون كويىغا قاراشلىق بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭ بەدىلىگە تۇرغۇن مېنى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ شەهەرنىڭ ئادەم شالاڭ كوچىلىرىغا ئېلىپ باراتتى - دە، خالىغانچە شەهۋانى نەپسىنى قاندۇرۇۋالغاندىن كېيىن مەكتەپ ئالدىغا ئەكىلىپ تاشلاپ قوياتتى. مەن دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ياتاقتا هېچ ئىش بولمىغاندەك كىرەتتىم. بۇ ئىش تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن، ئىككى نۆۋەت دوختۇرخانىغا بېرىپ بالا ئالدۇردۇم. كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە سىرتقا چىقىشنى رەت قىلدىم. ئۇ بالا ئالدۇرغىنىمنى مەكتەپكە مەلۇم قىلىپ، سېنى مەكتەپتىن قوغلاتقۇزۇۋېتىمەن، دەپ مېنى قورقۇتتى. مەن ئوقۇشۇمنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، كەلگۈسىدە ئۆز غايەمدىكىدەك ياشاشنى خالايتتىم. شۇڭا ئازاب ۋە خورلۇقلارغا چىداپ، ئۇنىڭ هايۋانلارچە هەۋىسىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

بارا - بارا تۇرغۇن ئىزدەپ كەلگەن چاغلاردا مەن ياتاقتىن چىقىلى ئۇنۇماي يېتىۋالىدىغان بولدۇم. دېمىسىمۇ تېنىم بارغانسېرى ئاجىزلاپ، دەرسخانىدا بىرنەچچە قېتىم هوشۇمدىن كەتكەنىدىم. بىراق، تۇرغۇن مېنىڭ بۇ ئەهۋالىمنى قىلچە ئېتىبارغا ئالمىدى. بىر كۈنى كېچىدە ئۇ ياتاققا بېسىپ كىرىپ ئۆزىنى قىزلارغا مەن ئۇنىڭ ئاكىسى بولىمەن دەپ تونۇشتۇردى. قىزلارغا مېنىڭ يولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىمنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبلەپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قىزلارنىڭ ئالدىدىلا مېنى مۇشتلاپ تەپكىنىچە، ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. كېيىن ئادەم يوق يەرگە ئاپىرىپ «چاقىرغان هامان چىقمىدىڭ» دەپ مېنى راسا ئۇرۇپ - چەيلىدى. ئۇرۇپ بولۇپ، هايۋانلارچە شەهۋانە نەپسىنى قاندۇردى. كېيىنكى چاغلاردا بويۇمدا قالسا، دوختۇرخانىغا بېرىپ بولغىچە

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۇرۇپ - چەيلەشلىرى بىلەن بويۇمدىن ئاجراپ دوختۇرخانىغا ئاران ئۆلگۈردىغان بولدۇم. دوختۇرخانىدا بىرەر كۈن جىددىي قۇتقۇزۇلغاندىن كېيىن مەكتەپكە بېرىپ ئاغرىپ قالدىم، دەپ ياتىقىمدا يېۋالاتتىم. كېيىن ھەممە ئىش ئۆزلۈكىدىنلا ئاشكارىلاندى. نەچچە ئون سائەتلەپ دەرس تاشلىغانلىقىم ۋە دوختۇرخانىدىكى پىلانلىق تۇغۇت بۆلۈمىگە بىر نەچچە نۆۋەت كىرىپ - چىققىنىم ئۈچۈن مەكتەپتىن بۇيرۇق بىلەن چېكىندۈرۈلدۈم. پۈتۈن ئارزۇ - ئارمانلىرىم بەربات بولدى، قەلبىمدىكى ئاخىرقى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىمۇ ئۆچۈپ تۈگىدى. ھاياتتىنمۇ بىزار بولدۇم. ئەمەلىيەتتىمۇ مېنى ھاياتقا ئىنتىلدۈرىدىغان ھېچ نەرسە قالمىغانىدى. شۇڭا ئۆلۈۋېلىش قارارىغا كېلىپ، بىر كېچىسى چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆزۈمنى ماشىنا يولىغا تاشلىماقچى بولدۇم. لېكىن بۇ ئىشىمۇ ئەمەلگە ئاشمىدى. كۆۋرۈك سالاسۇنىغا يامىشىپ چىقىپ، بېشىمنى پەسكە ئېگىشتۈرۈۋىدىم، كىمدۇر بىرى قولۇمدىن كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى. ئۇ كىشى مۇشۇ قەھۋەخانىنىڭ خوجايىنى ئىكەن، — ئۇ سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئاچچىقىنا كۈلۈپ قويدى، ئارقىدىنلا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆلۈمدىنمۇ قۇتۇلدۇم، بىراق، پاجىئەدىن قۇتۇلغىنىم يوق. پۈتۈن ئەركىنلىكىم خوجايىنىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ھەتتا ئۆلۈۋېلىش ئەركىنلىكىمۇ ئۆز ئىلكىمدە ئەمەس. مانا شۇنىڭدىن بېرى مۇشۇ قەھۋەخانىدا كۈتكۈچى بولۇپ ئىشلەۋاتىمەن. كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، بۇ، ھەرقانداق ئىشنى قىلغىلى بولىدىغان ئورۇن. كۆپرەك مېھمانلىنى ئۆزىمىزگە جەلپ قىلىش ۋە جىقراق پۇل تېپىش ئۈچۈن، مەن ھەرقانداق ئىشقا ئۆز ئىختىيارىلىقىم بىلەن تەييار تۇرىمەن. ھەتتا بەزىدە يالغۇز كىرگەنلەرگە ھەمراھ بولىمەن. ھاراقكەشلەرگە ئوۋاپەت بولىمەن. دەردمەنلەرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دەردىنى ئاڭلايمەن. ئەلۋەتتە، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئۇلار خوجايىنغا ھەق تۆلەيدۇ، — ئۇ شۇ سۆزلەرنى قىلىۋېتىپ ئېغىر خورسىنىپ قويدى - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھازىر مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا مېنى ئەتە ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن ياشاشقا ئۈندەيدىغان غايىۋى كۈچ مەۋجۇت ئەمەس. مەن پەقەت بۈگۈن ئۈچۈنلا ياشايمەن. ئەتە بىلەن كارىم يوق. چۈنكى ئۆزۈمنىڭ ئەتىگىچە ھايات ياشىيالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئاچا، قارىسام شۇ تاپتا كۆزلىرىڭىزدىن مېنى ئەيىبلەش ئىپادىلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنداق قارىسىڭىز ماڭا ئۇۋال بولىدۇ. بىلىپ تۇرۇپسىز، مەن غايىلىك ياشاش ئۈچۈن تىرىشتىم، تىرماشتىم. بىراق مەن قىز بالا ئىكەنمەن، ئاجىزكەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىلىق خىسلىتىنى يوقاتقان بىر ئانىدىن تۇغۇلۇپتىكەنمەن. يار - يۆلەك بولىدىغان ئادىمىممۇ يوق ئىكەن. شۇڭا ئاخىرى مۇشۇ كۈنگە قالدىم. بەلكى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالىم بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ مەن ئۈچۈن ھاياتلىقمۇ، ماماتلىقمۇ ھەممىسى ئوخشاش.

بىز لىرىكىلىق مۇزىكىلار ياڭراۋاتقان قەھۋەخانىنىڭ كۇڭگا خانىسىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتۇق. مەن قىزنىڭ چىرايىغا تىكىلدىم. ئۇ قولىدىكى تاماكىنى قاتتىق شورىدى. ئۇنىڭ كۆپكۆك بويىۋالغان قاپىقى

ئاستىدىكى كىرپىكلىرىدە ياش تامچىلىرىنىڭ تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تاماكا تۇتقان قوللىرىمۇ تىترەۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭمۇ ياش تۆكۈۋاتقانلىقىنى، تىترەۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدۇم. بۇ نېمە قىسمەت؟ ئۇماقىنە كەلگەن ئاشۇ ئۇيغۇر قىزى بۇ دۇنياغا شاللاق ئەرلەرگە ئەمەك بولۇش ئۈچۈنلا يارالغانمۇ؟ ئۇنىڭ شېرىن ئارزۇ-ئارمانلىرى، غايىسى نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئاسان بەربات بولىدۇ؟ ئۇ بىلىم ئېلىپ، ئۆز ئارزۇسى بويىچە بىر ئوقۇتقۇچى بولۇشقا، ياخشى بىر ئائىلىنىڭ خوجايىنى بولۇشقا، ئەقىدىنى، ھۆرمەتنى چۈشىنىدىغان بىر يىگىتنىڭ خانىمى بولۇشقا پۈتۈنلەي لايىق ئىدىغۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ شۇنداق قىلالمىدى؟

تۆتىنچى كۆرۈنۈش

ئۈرۈمچىنىڭ ياز كۈنلىرى ئىدى. كېچىنىڭ غۇر-غۇر شامىلى كىشىگە ئارام بەخش ئېتەتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە زامانىۋى بىنالار ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. پاكىزە تازىلىنىپ سۇ سېپىلگەن ئاسفالت يولدا تاكسىلار ۋە كوچا ئاپتوبۇسلىرى بوشقىنا ئاۋاز چىقىرىپ ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

بىز بىر نەچچەيلەن ئۈرۈمچىنىڭ كەچلىك مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن پىيادە كېتىۋاتاتتۇق. خەلق مەيدانىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى كىچىككىنە باغنىڭ يېنىغا كەلگىنىمىزدە، تۇساتتىن كىمنىڭدۇر زارلىنىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. يېنىمىزدا بىر ساقچى ھەمراھىمىز بار ئىدى، ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ھېلىقى ئاۋاز چىققان تەرەپكە يۈگۈردى. بىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ياردۇق. بىلىكىگە

«ئامانلىقنى قوغدىغۇچى» دېگەن قىزىل بەلگە تاقىۋالغان 25 ياشلار چامىسىدىكى بىر خەنزۇ يىگىت قول چىرىغىنى تۆمۈر رېشاتكىنىڭ يېنىدا سوزۇلۇپ ياتقان بىر ئۇيغۇر ئايالغا توغرىلىغىنىچە نېمىدۇر دەپ ۋارقىراۋاتاتتى. ئايال 30 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، ئاپئاق يۈزى تاتىرىپ كەتكەن، يېشىل كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى ۋە ئېتەكلىرى قۇسۇق بىلەن بۇلغانغانىدى. ئېغىزىدىكى قۇسۇققا تېگىپ تۇراتتى. چاچلىرىغا ئەخلەت چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ، بىزگە بىپەرۋالىق بىلەن قاراپ ياتاتتى.

ھېلىقى ئامانلىقنى قوغدىغۇچى بىزنى كۆرگەندىن كېيىن يېنىك تىنىغان ھالدا شۇنداق دېدى:

— ماۋۇ ئايالنى سىلەر قولۇڭلارغا ئېلىڭلار. ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە ياتقىنىغا ئىككى سائەتتىن ئاشتى. ئۆزىچە ۋارقىرايدۇ. بۇ يەردىن كېتىشكە بۇيرۇسام كېتىدىغان ئىش بولسا، ئۆزۈڭ كەت، مەن كەتمەيمەن، مۇشۇ يەردە ياتىمەن، دەيدۇ. مەن بۇ يەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىشىم كېرەك. بۇ مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم. سىلەر خاپا بولماي مۇشۇ ئادىمىڭلارنى قولۇڭلارغا ئالساڭلار، — ئۇنىڭ سۆزىدە ئىلتىماسمۇ، مەسخىرىمۇ بار ئىدى.

ھېلىقى ساقچى بۇرادىرىمىز بەك ھاياجانلانغان بولسا كېرەك، خۇددى ئۆز سىڭلىسىنىڭ ھاياسىزلىقىدىن نەپرەتلەنگەندەك، ھېلىقى ئايالنىڭ ياقىسىدىن كۆتۈرۈپلا ئۆرە تۇرغۇزدى ۋە ئۇنىڭ ئېڭىكىگە چاڭ-چۇڭ قىلىپ ئىككى تەستەك سېلىۋەتتى.

— ھەي، سەن ئۇيغۇرمۇ؟ — دېدى ئۇ ھېلىقى ئايالغا غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ، — ئۇيغۇرنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈپ بۇ يەردە ياتقىچە ئۆلۈۋالساڭ بولمامدۇ؟ سېنىڭ

بالىلىرىڭ يوقمۇ؟ ئېرىڭ يوقمۇ؟ مۇشۇ تۇرقۇڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يۈزىگە قانداق قارايسەن؟

— ئىككى ئەستەكتىن كېيىن ئايالنىڭ مەستلىكى يېشىلدى. ئۇ ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قارىدى-دە، ئېڭىكىنى سىلىغىنىچە ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

شۇ چاغدا بىزنىڭ يېنىمىزدا خۇددى يەردىن ئۈنگەندەكلا ئېگىز بويلۇق، قويۇق قارا ساقاللىق، چاقماق كۆڭلەك كىيگەن بىر ئەر كىشى پەيدا بولۇپ قالدى. ئايال ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى:

— ھەي، لوكچەك، بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟ ھەممە نەرسەڭنى ئۇتتۇرۇپ بولدۇڭمۇ؟ ئەمدى مېنى يەنە قىمارغا تىككىشنى ئويلىغان بولساڭ ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپسەن.

ئايال يىغلاپ تۇرۇپ ئەرنى بىر ھازاغىچە تىللىدى. بىراق ئەر ئۇنىڭ گەپلىرىنى پىسەنتكە ئالمىدى. گوياكى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك بىپەرۋا قىياپەتتە ئايالنىڭ يېنىغا كېلىپ، كىر، پۇرلەشكەن قول ياغلىق بىلەن ئۇنىڭ يۈزىدىكى قۇسۇقلارنى سۈرتتى. كېيىن ئايالنى خۇددى بىر دانە كۆتەكنى كۆتۈرگەندەك بېقىنىغا قىستۇرۇپ ماڭدى. ئايال يۇلقۇنۇپ تىپىرلايتتى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى ھېلىقى ساقچى بۇرادىرىمىز، — بۇ سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ؟ بۇ كېچىدە سىز ئۇنى نەگە ئاپىرىسىز؟

— بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم، — دېدى ئەر خاتىرجەم، بىپەرۋا قىياپەتتە، — ئەلۋەتتە ئۆيگە ئېلىپ كېتىمەن-دە.

— يالغان، ئۇ ئاللىبۇرۇن مېنى باشقا قىمارۋازلارغا ئۇتتۇرۇۋەتكەن. ئەمدى مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ يەنە قىمارغا تىكمەكچى. ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەڭلار، ئۇ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆيگە قايتمايمەن!

— خوتۇنىڭىز بولسا ئۇنىڭغا نېمىشقا ھاراق ئىچكۈزۈپ بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدىڭىز؟

— ئۇنىڭغا ھاراقنى مەن ئىچكۈزمىگەن. چىداۋاندا ئۇنىڭ بىر ئاكىسى بار ئىدى. شۇ ئىچكۈزۈپ قويغان ئوخشايدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئايال غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:

— ھەي يۈزسىز، ئۇ قانداقمۇ مېنىڭ ئاكام بولسۇن؟ قىمار ئوينىغاندا قەرزدار بولۇپ قېلىپ مېنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ بەرمىدىڭمۇ؟ يەنە نومۇس قىلماي مېنى خوتۇنۇم دەيسىنا؟ مەن ئۆمرۈمدە سەندەك ئىپلاس ئەرنى كۆرۈش تۈگۈل ئاڭلاپمۇ باقمىغان. مەن ئەگەر ئانامنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىمىگەن بولسام، ھەرگىزمۇ سەندەك ئادەم شەكلىدىكى ھايۋانغا يولۇقماس ئىدىم، تۇفى...

ئايالنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىگە غەزەپ، خورلۇق ۋە چوڭقۇر ھەسرەت يوشۇرۇنغانىدى. ئەر بولسا، ئايالنىڭ سۆزلىرىدىن قىلچە خورلۇق ھېس قىلمايتتى، بەلكى قىمارنىڭ تۈگىمەس دەسمايىسى بولغان ئاشۇ ئايالنى تېزرەك ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى...

ئىچكى خەۋەر: ج خ ئورۇنلىرىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، ئۆتكەن يىلى مەلۇم ناھىيىدە قىمارۋازلىق ئەۋج ئالغاچقا، بىر قېتىمدىلا يىگىرمە تۆت قىمارۋازلىق دېلوسى پاش قىلىنغان. بۇ دېلوغا قاتناشقۇچىلار.

ئىككى يۈز قىرىق لەپەر بولۇپ، بۇ-
لارنىڭ ھەممىسى جىنايىتىنىڭ ئېغىر-
يېنىكلىكىگە قاراپ قانۇنىي جازاغا تارتىلدى.
ئېھ، بىچارە ئاياللار، ئاشۇ قىمارۋاز-
لارنىڭ بىچارە خوتۇنلىرى قانچىلىك
روھىي ئازاب ۋە جىسمانىي خورلۇقلارنى
بېشىدىن كەچۈرۋاتقاندۇ ـ ھە!
بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى مەست ئايال
خۇددى سەبىي بالىدەك توختىماي ھۆكرەپ
يىغلايتتى. ئېرى ئۇنىڭ يىغىسىغا پەرۋامۇ
قىلماستىن ئۇنى قولتۇقىغا قىستۇردى ـ دە،
ئالچاڭلاپ مېڭىپ، بىزدىن يىراقلاپ كەتتى.
ئايالنىڭ نالە ـ زارى كېچىنىڭ ھاۋا بوش-
لۇقىدا ۋە كېيىن مېنىڭ يۈرىكىمدە ئۇ-
زاققىچە ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

بەشىنچى كۆرۈنۈش

مەن تۇراقسىز بىلەن ئۇزۇن يوللۇق
ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ
ئۇن ئالتە ياشلار چامىسىدىكى، چىرايىـ
دىن سەبىيلىك ئىپادىلىرى تېخى كەتمە-
گەن قىز ئىدى. قارلىغاچىنىڭ قانىتىدەك
ئەگىم قاشلىرى چىرايىغا ئالاھىدە ھۆسن
بېغىشلاپ تۇراتتى. بىراق يۈزلىرى خۇددى
پۈتۈن بەدىنىدىكى قانلىرى شۈمۈرۈۋېلىنىپ
غاندەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. كۆزلىرى
ئەتراپقا ئەنسىزلىك بىلەن تىكىلەتتى.
تېنى بولسا بەكمۇ زەئىپ كۆرۈنەتتى.
ئۇنىڭ كىيىملىرى ئانچە كونا بولمىسىمۇ،
پۈرلىشىپ كەتكەن ۋە مەينەت ئىدى. مەن
قەستەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم ـ دە،
ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدىم. دەسلەپتە ئۇ
ئېھتىيات قىلغاندەك مەندىن ئۆزىنى
قاچۇردى. كېيىن بىز ئاپتوبۇستىمۇ بىر
ئورۇندا ئولتۇردۇق. ئۈچ كۈنلۈك سەپەر
ئۇنىڭدا ماڭا قارىتا ئىشەنچ پەيدا قىلغان
بولسا كېرەك، ئۇ ماڭا ھەممە سەرگۈ-
زەشتىسىنى ئالدىراپ سۆزلەپ بەردى.
ــ بىز بەش ئاچا ـ سىڭىل ئىدۇق.
مەن قىزلارنىڭ ئۈچىنچىسى ئىدىم. مەن بە-
شىنچى سىنىپتا چېغىمدا ئاتا ـ ئانام مېنى
مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، ھەرەمدىن
يېڭى كەلگەن ئەيسا داموللاھاجىمغا
ئوقۇشقا بەردى. مەن داموللاھاجىمنىڭ
قولىدا ئالتە ئايچە ئوقۇدۇم. كېيىن ئاتا ـ
ئانام ھاجىمنى ئۇلۇغلاپ، مېنى ئۇنىڭغا
دۇئا قىلدۇردى. ئۇ مېنى ئاشۇ شەھەرگە
ئېلىپ كەلدى، ھاجىم يەتمىشلەرگە كىرىپ
قالغان كىشى ئىدى. مەنمۇ دۇئا قىلدۇر-
غاننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم. شۇڭا
دۇئا قىلدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا ئۇس-
تازىم قاتارىدا مۇئامىلە قىلىۋەردىم. بىراق
بوۋامدەك ئادەمنىڭ قوينىدا خوتۇن بولۇپ
يېتىش ماڭا ھار كەلدى. شۇنىڭ بىلەن
مەن ھاجىمنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ،
ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەل-
دىم. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ يېنىغا كەتمەكچى
ئىدىم. مەن ئەتىسى ماڭىدىغان ئاپتوبۇس
بېلىتىنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، شۇ كې-
چىنى قەيەردە ئۆتكۈزۈشۈمنى ئويلاپ تۇ-
راتتىم. بېشىغا ئاق داكا رومال ئورىۋالغان،
پۇتلىرىغا مەسە ـ كالاچ كىيگەن بىر موماي
كېلىپ مەن بىلەن مۇلايىملىق بىلەن ئەھۋال-
لاشتى. خۇددى مېنى تونۇيدىغاندەكلا گەپ
قىلغىلى تۇردى. ھەتتا ئاتا ـ ئانامنىڭ ئەھ-
ۋالىنىمۇ سورىدى. مەن ئۇنى راستىنلا
بىر يۇرتلۇقىمىز ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ
قالدىم ـ دە، ئۇنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇنىڭ
بېكەتكە يېقىنلا جايىدىكى ئۆيىگە باردىم.
موماي داستىخان سېلىپ، ئالدىمغا قېنىق
دەملەنگەن چاي قويدى، مەن شۇ چاينى

www.uyghurkitap.com

بىر ئىككى ئۇتلىغىنىمنى بىلىمەن. ئۈچ كۈندىن كېيىن ھوشۇمغا كېلىپ قارىسام، سەرگەردان بويتاقنىڭ بىر ئېغىزلىق ۋەيرانە ئۆيىدە قىپيالىڭاچ ھالەتتە يېتىپتىمەن. ۋۇجۇدۇم ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن، بېشىمنى كۆتۈرگۈدەك ھالىم يوق ئىدى. مەن بىر ئامماللارنى قىلىپ كىيىملىرىمنى كىيۋالدىم. ئىككى ئايغىچە ئاشۇ ئۆيدە تۇرۇپ قالدىم. مېنى حوتۇن قىلغۇچى سىرتقا چىققاندا مېنى ئۆينىڭ ئىچىگە سولاپ قويۇپ كېتەتتى. بۇ ئۆيدە پات-پاتلا بىرنەچچەيلەن پەيدا بولاتتى ۋە قونۇپ قالاتتى. پەرىزىمچە ئۇلار يانچۇقچى بولسا كېرەك، كەلگەنلىرىدە ناھايىتى نۇرغۇن پۇل ئېكېلىپ بۆلۈشەتتى. مەن ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندا، ئاشۇ پۇللاردىن ئازراق «زاكات» ئايرىۋالاتتىم. يېقىندا ئۇلار بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغان بولسا كېرەك، يوقاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ۋارقىراپ يۈرۈپ يان قوشنامغا قۇلۇپنى ئاچقۇزدۇم-دە، تىقىپ قويغان پۇللىرىمنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىۋالدىم، خۇداغا شۈكرى. ئەزىز يۇرتۇمغا يېقىنلاپ كېلىۋاتىمەن. نېمە كۆرگەلىكىم بولسا ئاتا-ئانامنىڭ ئايىغىدا يېتىپ كۆرەرمەن...

نادانلىق ۋە خۇراپاتلىق خۇددى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا چاپلاشقان زاك كېسىلىدەك بىر قىسىم كىشىلەرنى زىيانغا ئۇچراتماقتا. خۇراپاتلىق ۋە نادانلىقنىڭ تۇمانلىرى بەزى ئاتا-ئانىلارنىڭ كۆز ئالدىنى توسۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك پارىلىرىنى خورلۇقنىڭ زىندانلىرىغا تاشلاتقۇزماقتا. بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش مۇمكىنمۇ؟ بۇ خۇددى نېرۋىسى بۇزۇلغان ئادەمنىڭ ئۆز تېنىنى ئۆز قولى بىلەن كېسىپ پارچىلاپ، نابۇت قىلىۋاتقىنىغا ئوخشاش ئىش ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە، نېرۋىسى بۇزۇلغانلار ئۆز قىلمىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ. ئەمىسە نېرۋىسى ساقلارچۇ؟ ئۇلارنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشىمۇ ۋىجدانىي جىنايەت ئەمەسمۇ؟

## ئالتىنچى كۆرۈنۈش

قەشقەرنىڭ كەچكۈز پەسلى ئىدى. نامازشامدىن كېيىن مەن ئەرەنچە ياسىنىپ، ئوردا ئالدى بازىرىغا كەلدىم. بىر نەچچە روپاش ئايال تاقىۋېتىلگەن ماگىزىننىڭ تېمىغا يۆلىنىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. مەن قەدىمىمنى ئاستىلىتىپ ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە دىققەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاڭلىنىۋالغۇچىلىكى بولمىسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇشلىرى ۋە ناز-كەرەشمىلىرى ماڭا غەلىتىرەك تۇيۇلدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەرەنچە ئۇستىبېشىمنى ئۇنتۇپ، شۇلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلدىم. ئۇلار دەسلەپتە چۇقۇرۇشۇپ كېتىشتى. كېيىن تور رومماللىرىنى قىيا ئېچىشىپ، ماڭا چاقچاق قىلغىلى تۇردى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ، بېشىمدىكى شەپكىنى ئېلىپ، ئۆزۈمنى ئاشكارىلىدىم. ئۇلار مېنىڭ بۇ قىلىقىمغا قىزىقىشىپ، مەندىن ئۇنى-بۇنى سوراشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئون ئىككى، ئون ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى-دە، ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى سولغۇن چىراي بىر ئايال بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئامان-ئېسەنلىك سوراشتى. يېنىمدىكى چوكاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئانا-بالا ئىكەن. كېيىن مەن دېلىنىقى ئايالنىڭ ئىسمىنىڭ تۇمارخان

ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ مېنىڭ قايتا - قايتا
ئىلتىماس قىلىشىم بىلەن ئۆز ئەھۋالىنى ماڭا
سۆزلەپ بەردى.

ئۇ ئەسلىدە مۇشۇ شەھەردىكى خېلى
ئابرويلۇق بىر ھۈنەرۋەننىڭ خوتۇنى ئىس
كەن. ئۇلار ئىككى بالىلىق بولغان يىلى
ئەر تالاغا قارايدىغان بولۇپ قېلىپ، تۇمار-
خانغا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويۇپتۇ. ئۇ ئې-
رىنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن چوڭ ئۈمىد
كۈتمىسىمۇ، بالىلىرىنى يېتىم قىلىشنى
خالىمايدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ھېچقان-
داق ھۈنەر - كەسىپنى بىلمىگەچكە، ئېرى-
دىن ئاجرىشىپ ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قام-
داپ كېتەلىشىگە كۆزى يەتمەيدىكەن. شۇ-
ڭا ئېرى ھەر قانچە خورلىسىمۇ ئاجراش-
قىلى ئۇنىماپتۇ. بىر كۈنى كەچتە ئۇ ئۆيدە
ئېرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن،
ئېرىنىڭ بىر دوستى ئېرىنى يوقلاپ كەپ-
تۇ. تۇمارخان مېھمانغا داستىخان راسلاپ
چاي قۇيغاندا، ئۇنىڭ ئېرى سىرتتىن كى-
رىپتۇ - دە، نامەھرەم تۇتتۇم، دەپ ۋارقى-
راپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قولۇم - قوشنىلار ئى-
شىك ئالدىغا يىغىلىپتۇ. تۇمارخان زادىلا
ئۆزىنى ئاقلىيالماپتۇ. ياخشى گەپ ئۆيدە
قالار، يامان ئاتاق قانات ياساپ ئۇچار،
دېگەندەك، تۇمارخاننىڭ ياتباش ئەر
بىلەن «تۇتۇلۇپ» قالغانلىقى ھەققىدىكى خە-
ۋەر بىردەمدىلا پۈتۈن مەھەللىگە يېيىلىپتۇ.
ئەر بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ، شۇ كۈنىلا
تۇمارخاننى تالاق قىلىپ، ئۆيدىن قوغلاپ
چىقىرىپتۇ. تۇمارخاننى ئاتا - ئانىسى يۈزى-
مىزنى تۆكتۈڭ، دەپ ئۆيىگە كىرگۈزمەپتۇ.
ئامالسىز قالغان تۇمارخان يېڭىسارغا بېرىپ،
تۇغقانلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قايتى-
دىن ئەرگە تەگكەنىكەن، لېكىن ئۇنىڭ يا-
مان ئاتىقى شۇ يەرگىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە
بارغانلىقتىن ئېرى ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدىكەن.
بىرەر جايغا بارسا تۇمارخاننى ئۆيگە سولاپ
قويۇپ كېتىدىكەن. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى
تۇمارخان قەپەستە ياشاشقا چىدىماپتۇ.
ئاتا - ئانىسىنى، بالىلىرىنى، ئۆزى چوڭ
بولغان قەشقەرنى سېغىنىپتۇ، تۇمارخان
قەشقەرنىڭ كېيىنى قىلغان ھامان ئېرى
ئاشنىڭنى سېغىنغان ئوخشىمامسەن، دەپ
ئۇنى دۇمبالاشقا باشلايدىكەن. شۇڭا ئۇ
ئېرىنىڭ ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپتۇ.

— مەن ئەسلىدە شەرمى - ھايالىق
ئايال ئىدىم، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ، —
مېنى ئېرىم ناپاكلىقتا ئەيىبلىدى. تۇغقان-
لىرىم ۋە جامائەتمۇ شۇنىڭغا ئىشەندى.
ھېچكىم مېنىڭ پاك ئايال ئىكەنلىكىمگە
ئىشەنمىدى. مەن ئېرىمنى ۋە ئەتراپىم-
دىكى كىشىلەرنى ئۆزۈمنىڭ پاك ئايال ئى-
كەنلىكىمگە زادىلا ئىشەندۈرەلمىدىم. بۇن-
داق ئەھۋال ئاستىدا مەن نېمە قىلاي؟
ئاچلىقتىن ئۆلۈشۈم كېرەكمۇ؟ مەن ئامال-
سىزلىقتىن مۇشۇنداق ناپاكلىق يولىغا مې-
ڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. مېنى ئىلگىرىكى
ئېرىم مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدى.
مېنى قەستەن مۇشۇ يولغا كىرگۈزۈۋەتتى.
مۇشۇنداق ياشاۋاتقىنىمغا بەش يىل بولدى.
ئېرىم تارتىۋالغان ئىككى بالاممۇ ھازىر
خېلى چوڭ بولۇپ قالدى. قىزىم مېنى بە-
زىدە ئوغرىلىقچە يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇ مې-
نىڭ قانداق كەسىپ بىلەن تىرىكچىلىك
قىلىۋاتقانلىقىمنى تېخى بىلمەيدۇ. شۇنى
بىلگەن چاغلاردا بەلكىم مېنىڭ يۈزۈمگە
مەڭگۈ قارىماس ...

تۇمارخان سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرالماي
ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

ئاھ، تۆھمەت! ئۇ نېمىدېگەن قور-
قۇنچلۇق -ھە! تارىختا تۆھمەت تۈپەيـ-
لىدىن نابۇت قىلىنغانلار ئازمۇ؟ تۆھمەت
ئاياللارغا ناھايىتى ئاسانلا يۇقىدۇ. ئايال-
لارنى ناپاكلىقتا، ئەخلاقسىزلىقتا ئەيىبلەش
ناھايىتى ئاسان. تۆھمەتكە ئۇچرىغۇچىنىڭ
پاك ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ بولغۇچە ئۇ-
نىڭ بېلى پۈكۈلۈپ، چېچى ئاقىرىپ، ياش-
لىقى ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. ئۇ ئاقلان-
لانغان تەقدىردىمۇ بۇ زىياننى ھېچكىمدىن
تۆلىتىپ ئالالمايدۇ. ئىنسانمۇ، تەبىئەتمۇ
ئۇنىڭ ياشلىقىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيدۇ.
تۇمارخانغا ئوخشىغان ئاياللار ھېلىقىدەك
يىرگىنچىشلىك ئىشتىن قول ئۈزۈپ، يېڭى-
چە ياشاش يولى تاپقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ
بۇلغانغان نامى مەڭگۈ ئاقلانمايدۇ.

تۇمارخاننىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغان
ئەر جازاغا تارتىلمامدۇ؟ توغرا، ئۇنى
ھېچكىم جازالىيالمايدۇ. قانۇنمۇ ئۇنىڭغا
گۇناھ ئارتالمايدۇ. ھۆرمەتلىك كىتابخان،
سىز بۇنىڭدىن قانداق يەكۈن چىقىرىسىز؟

## يەتتىنچى كۆرۈنۈش

روزىخان قارىقاش ناھىيىسىنىڭ مەلۇم
يېزىسىدا تۇرۇشلۇق دېھقان بولۇپ، ئۇن ئالتە
يىل ئىچىدە ئون قېتىم نىكاھلانغان. تۆت ئەر-
دىن بەش بالىسى بار. يېقىندا ئۇنىڭ ئونىنچى
ئېرىدىن ئاجراشماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى
ئاڭلاپ قالدىم. روزىخان بۇ يىل 31 ياشقا
كىرگەن بولۇپ، قارىماققا 45 ياشلارغا كىر-
گەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ چىقىرى كۆزلۈك،
ئورۇق ئايال ئىدى. چىرايىنى ئۆمۈچۈك
تورلىرىدەك ئىنچىكە قورۇقلار قاپلاپ كەت-
كەنىدى. روزىخان بەزىدە ئۆزىگە ئانـ-
چە-مۇنچە پەرداز قىلىپمۇ قوياتتى. مەن
ئۇنىڭ قېشىغا كۆپكۆك ئوسما قويۇۋېلىپ،
ئاپتاپ ئىسسىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىر قانچە
قېتىم كۆردۈم. ئۇنىڭ باللىرى يىرتىلىپ
جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن مەينەت كىـ-
يىملەرنى كىيىپ، يولدىكى قۇمساڭغۇ
توپىغا ئېغىنشاتتى ۋە قاپقارا كىر باس-
قان قوللىرىدا تارشىدەك قېتىپ كەتكەن
نانلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ غاجىلايتتى.

روزىخاننىڭ مۇئامىلىسىدىن قارىغاندا،
ماڭا ئوخشاش كەچكىچە ھېلى ئۇنى، ھېلى
بۇنى سوراۋېرىدىغان مۇخبىرسىمان خانىمنى
ئانچە ياقتۇرمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇن-
داقتىمۇ مەن ئۇنىڭ كەيپىنىڭ چاغ پەيتىـ-
دىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ
باقتىم.

—روزىخان، ئاڭلىسام 10 قېتىم
نىكاھلىنىپىلا، بەلكىم كۆڭۈللىرىدە ئويلىـ-
غانلىرىدەك ياخشى ئەرگىمۇ تېگىپ باق-
قانلا-ھە؟ — دەپ سورىدىم مەن بىر
كۈنى.

— نەدىكىنى دەيلا خانىم، «خۇدا
بەرمىگەن تەلەيدە ئاتاڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟»
دەپتىكەن. 14 يېشىمدا ئاتا-ئانام ئەرگە
بەرگەنىدى. كېيىن ئۆزۈم خالاپمۇ تېگىپ
باقتىم، كۆڭۈل ئۈچۈنمۇ تېگىپ باقتىم،
قېچىپ كېتىپمۇ تەگدىم، كىيىم-كېچەك
ئۈچۈنمۇ تەگدىم. ئەرلىرىم مېنى نىكاھىغا
ئېلىۋېلىپلا يىللاپ بىرەر كۆڭلەك ئېلىپ
بەرمەيتتى. بەزىدە ئاچچىقىم كېلىپ: قو-
لۇم-قوشنىلارنىڭ مەن بىلەن تەڭتۇش
خوتۇنلىرى نى-نى شىپىڭ دۇخاۋا، ئەتلىس-
شىنلارنى كىيىدىكەن، مەن نېمىشقا كىيەلمەيـ-
دىكەنمەن؟ تۈزۈكرەك كۆڭلەك ئېلىپ بې-
رەلمىگەن ئادەم نېمىدەپ مېنى خوتۇن-
لۇققا ئالغان، دەيتتىم. بۇ گەپ ئېغىزىمنى-
دىن چىققىشى بىلەنلا ئېرىم رازا كەلتۈرۈپ،

تەستەكلەيتتى، مەن قېيىداپ ئانىنىڭ ئۆيىگە كېتىۋالاتتىم. ئەگەر ئېرىم مەن دېگەن كۆڭلەكنى ئېلىپ ئارقامدىن بارمىسا، ماڭا دېگىنىمنى ئېلىپ بېرىدىغان ئەردىن بىرسىگە تېگىۋالاتتىم، ـــ ئۇ مۇشۇ سۆزلەرنى دەۋېتىپ ساپسېرىق چىشلىرىنى چىقىرىپ، مەيۇسلا ھىجىيىپ قويدى. ئۇنىڭ كۈلكىسىگە پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن چوڭقۇر دەرد ـ ئەلەم ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

ـــ سىلىگە شۇ ئۇن ئەرنىڭ بىرەرسى ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان كىيىملەرنى ئېلىپ بەردىمۇ؟

ـــ نەدىكىنى دەيلا خانىم. سىكىلەك ① چاغلىرىمدا خېلى ئۇز ئىدىم. شۇڭا بەزى ئەرلەر شېپىك دۇخاۋا كۆڭلەكلەرنى، خۇرۇم ئۆتۈكلەرنى كۆرسىتىپ نىكاھىغا ئېلىۋالدى. نىكاھىغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ كىيىملەرنىڭ جىمىسى خەقتىن ئۆتنە ئېلىپ كەلگەن بولۇپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن كىمكىلا تەگسەم تويلۇقىغا ئالغان ئىگىنلەرنى ئۆشنەمگە ساپقىنىمچە سالماي كىيىۋېرىدىغان بولدۇم. ئېتىزلىقتا بارغانىدىمۇ سالماي كىيىۋەردىم. شۇنداق قىلمىسام مېنىڭ سۆزۈمنى بەرگەندە ② شۇ كىيىملەرنى مەندىن تارتىۋېلىپ، يەنە ماڭا ئوخشاش سىكىلەكتىن بىرنى ئالىدۇ ئەمەسمۇ ئۇ گادايلار.

ـــ سىلە ھەر قېتىم نىكاھلانغاندا توي خېتى ئالامدىلا؟ ـــ دەپ سورىدىم مەن.

ـــ مېنىڭ ئون نىكاھلىق بولغىنىم راست. تۆت قېتىم خۇگشى ③ ئالغان. ئالتە قېتىمىسىغا ئاخۇنۇمنىڭ نىكاھى گۇۋاھ، خانىم.

نامراتلىق ۋە نادانلىق بۇ ئايالنىڭ نورمال تەپەككۇر ئىقتىدارىنى بۇزۇپ، ئۇنى كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەكتىن باشقىنى ئويلىيالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان، ئۇنىڭ ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتىنى، ئانىلىق غۇرۇرىنى نابۇت قىلغان. روزىخان ئازراقلا ئىزدىنىپ كۆرسە، ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشقا سالسا، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتىنى ۋە ئانىلىق غۇرۇرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالالايتتى.

مۇشۇ يۇرتتا بائىمەخان ئىسىملىك بىر ئايال بار. ئۇ بىر نەچچە يىل ئاۋۋال لوندۇندا ئېچىلغان خەلقئارالىق گىلەم توقۇش كۆرگەزمىسىدە گىلەم توقۇش ماھارىتى كۆرسىتىپ، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان، مەملىكىتىمىزگە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن، ئۇيغۇر مىللىتىنى دۇنياغا يەنە بىر نۆۋەت تونۇتقانىدى. روزىخان بائىمەخان بىلەن بىر زاماندا ۋە بىر ماكاندا ياشاۋاتىدىغۇ؟ ئەمىسە بۇ ئىككى ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھالىڭ نېمانچە كەڭ؟ پەرق نېمانچە چوڭ؟

مەن روزىخان بىلەن پاراڭلىشىپ بولغاندىن كېيىن، قارىقاش ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدىكى كادىرلارنىڭ ياردىمىدە ئۈچ يېزىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. ئۈچ يېزىدىكى ئاياللارنىڭ زور بىر قىسمى ئىككى قېتىمدىن ئون قېتىمغا

---

① سىكىلەك ـــ چوكان.

② سۆزىنى بېرىش ـــ تالاق قىلىش، ئاجرىشىش.

③ خۇگشى ـــ خەنزۇچە ئاتالغۇ بولۇپ، خوتەندە توي خېتى تورلەدا كۆرلىشىپ قالغان.

قەدەر نىكاھلانغان.

بۇ ئۈچ يېزىدىكى ئائىلىلەرنىڭ 38% تى ساۋاتسىز بولۇپ، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكۇملارغا بارالىغان ياكى ئوقۇپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقان بىرمۇ يېزا قىزى يوق. ناھىيە بويىچە ئاتا-ئانىسى ئاجرىشىپ كېتىش سەۋەبى بىلەن بېقىمسىز قالغان 598 نەپەر بالا بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە يېزا بالىلىرى 470 نەپەر. تەكرار نىكاھنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ بۇ سان بارغانسېرى كۆپەيمەكتە (ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن يېتىم بالىلار بۇنىڭ سىرتىدا).

مەن يۇقىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى سېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ھالدا ئالقىنىمدا ئېڭىكىمنى يۆلەپ، ئۆزۈمنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلىدىم. شۇ تەقلىدتە كۆزۈمنى قەغەزدىن ئۈزمەي بىر ھازاغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدىم. كۆڭلۈم بۇزۇلدى، كۆزۈمگە ياش تولۇپ، كۆز ئالدىم خىرەلەشتى. ئامانگۈل، قىمارۋازنىڭ خوتۇنى، تۇراقسىز، تومارخان ۋە روزىخانلار خىيالىمدا قايتىدىن گەۋدىلەندى. ئۇلار نېمىدېگەن ئاجىز، نېمىدېگەن بىچارە؟ قانۇن ئۇلارنى نېمىشقا قوغداپ قالالمايدۇ؟ ئاياللار ئەلمىساقتىن مۇشۇنداق خارلىنىپ، دەپسەندە قىلىنىپ ۋە تەقدىرگە تەن بېرىپ ياشاپ كەلگەنمۇ؟ مەن يەنە ئويلىدىم، تەپەككۇرۇمنى قاناتلاندۇردۇم ۋە ئاجىزنى زوراۋانلىق ئالدىدا باش ئەگمىگەن، باتۇر، ئەقىللىق ۋە بىلىملىك ئاياللارنىمۇ ئىزدەپ تاپتىم. ئۇلار خەلقنىڭ خاتىرىسىدىن ۋە قەدىمكى كىتابلارنىڭ قۇرلىرى ئارىسىدىن مېنىڭ ئالدىمغا «سەكرەپ چۈشتى».

مانا، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئامانگۈللەردىن بىرى — مەلىكە ئامانىسا ئۆزىنىڭ مۇزىكىدىكى بىلىمى ۋە تالانتىغا تايىنىپ جاھانغا مەشھۇر 12 مۇقامنى رەتلەپ توپلىغان ۋە ئۇنى بىزگە مىراس قىلىپ قالدۇرغان. قاراخانىلار شاھى ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخاننىڭ قىزى — سالجۇقلار شاھىنىڭ خانىشى توركان خاتۇن ئۆزىنىڭ خانىشلىق ئۇنۋانى ۋە يۇقىرى بىلىم، قابىلىيىتى بىلەن ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى جەڭلەردە قان چېچىلىشنى ئازايتىپ، مەسىلىلەرنى سۈلھ ۋە دوستانە يول بىلەن ھەل قىلىشنى تەكىتلەپ، زور ئۇتۇقلارنى قازانغان. قەدىمىي ئۇيغۇر ساكلىرىنىڭ ئايال پادىشاھى تومارىس ئۆز مەملىكىتىگە بېسىپ كىرگەن تاجاۋۇزچى خىسراۋنىڭ ھەر خىل تەھدىتلىرىگە مەردانىلىق بىلەن تاقابىل تۇرغان ۋە ئاخىرىدا ئۇنى يېڭىپ: «سەن ئۆمۈر بويى قانغا تويمىغانىدىڭ، ئەمدى قانغىچە ئىچكىن»، دەپ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، قان تولدۇرۇلغان كۆپكە چىلاپ قويغان...

مەن يۇقىرىقىلارنى ھازىرقى زامان

ئاياللىرى بىلەن سېلىشتۇرماقچى ئەمەسمەن. مېنىڭ مەقسىتىم بۇ زېمىندا مۇشۇنداق جاسارەتلىك ئاياللارنىڭمۇ ياشاپ ئۆتكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ قويۇشتىنلا ئىبارەت.

ئەمدى مەن ھازىرقى زاماندا ئاياللارغا ھەقىقىي تەڭلىك، باراۋەرلىك ھوقۇقىنى بېرەلەيدىغان قانۇنغا مۇراجىئەت قىلدىم:

ئەي قانۇن، سەن شۇنچە مۇقەددەس ۋە قۇدرەتلىكسەن. سېنىڭ نامىڭ تىلغا ئېلىنغاندا ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ساڭا قارىتا ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ تۇغۇلىدۇ. خەلق دۈشمەنلىرى سېنىڭ ئالدىڭدا لاغىلداپ تىترەيدۇ. مۆمىن پۇقرالار سەندىن كۈچ-قۇۋۋەت ئالىدۇ. سەن زوراۋانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىسەن، ئاجىزلارنى يۆلەيسەن. لېكىن ھازىر بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە سېنىڭ ھىمايەڭگە ئېرىشەلمەيۋاتقان، خورلۇق ۋە ئازابتىن يۈرىكى لەختە-لەختە قان-زەرداپقا تولغان قانچىلىگەن ئاياللار بار؟ ئۇلار سېنىڭ ئۆزلىرىگە باشپاناھ بولۇشۇڭنى زارىقىپ كۈتمەكتە. ئۇلار سېنىڭ تېخىمۇ قۇدرەت تېپىشىڭنى، بارغانسېرى كۈچىيىشىڭنى، مۇكەممەللىشىشىڭنى ئارزۇ قىلماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار سېنى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئىنسابىنىمۇ تىلىمەكتە.

مەن ئايالدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئوبرازنى قەلبىمگە پۈكۈپ، ئۇلارنىڭ بەخت-سائادىتى، غۇرۇرى ۋە كۈلكىسى ئۈچۈن ئەقلىمنىڭ يېتىشىچە، شائىرىتىمنىڭ يار بېرىشىچە ئىزدەندىم. شۇنداق قىلىپ، ئازابلىق كۆز ياشلىرىمنى قۇرلار ئارىسىغا سىڭدۈرۈپ، بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى يېزىپ پۈتتۈردۈم. مەن بىلىمەن. مېنىڭ بۇ ئەدەبىي ئاخباراتىم ئامانگۈلنىڭ ئازابلىرىنى يېنىكلىتەلمەيدۇ، تۇمارخاننىڭ كۆز ياشلىرىغا بەرھەم بېرەلمەيدۇ. قىمارۋازنىڭ خوتۇنىغا نىجاتلىق ئاتا قىلالمايدۇ. شۇڭا مەن يەنىلا ئەرلەرگە مۇراجىئەت قىلماقچىمەن:

ئەي ئاتىلار، ئاكىلار، نەۋقىران يىگىتلەر، پالۋان قامەت ئەرلەر! سىلەر پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن ئاياللارغا يار-يۆلەك بولۇڭلار! ئاياللارنى ھۆرمەتلەڭلار، قەدىرلەڭلار! ئايال — سىلەرنىڭ ئاناڭلار، مەشۇقۇڭلار، ساھىبجامالىڭلار. ئۇ سىلەرنىڭ ئاچاڭلار، سىڭلىڭلار ۋە قىزىڭلار. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاتىلىق، ئاكىلىق، ئۇستازلىق، خىزمەتداشلىق ۋە ئەرلىك مەجبۇرىيىتىڭلارنى ئادا قىلىڭلار! ئۇلارنى ياۋۇز كۈچلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ۋە پىتنە-پاساتلىرىدىن قوغداڭلار. ئامانگۈل ۋە تۇمارخانغا ئوخشاش ئاجىزلارنى تەگسىز ھاڭنىڭ ئاغزىدىن تارتىۋېلىڭلار! ئەنە شۇنداق قىلغاندىلا مىللەت تەرەققىي تاپىدۇ، كۈچىيىدۇ. ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا، يۇقىرى سەۋىيىلىك پەن-تەتقىقات ئورۇنلىرىدا، دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك

رەھبەرلىك قاتلاملىرى ئىچىدە، دۆلەت ياكى ئالىملىرى قاتارىدا كۆپلەپ بادام دوپپىلىق ۋە ياكى شەھلا كۆزلۈك ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى كۆرەلەيسىلەر.

مەن ئۆمرۈمدىكى 200 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنىپ ياسالغان «پادىشاھ ئاياللارنى يىغىۋېلىش ئورنى»نىڭ ھەيۋەتلىك بىناسىغا بىر ھازا تىكىلىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز خۇرسىنىپ ئارقامغا ياندىم. 200 مىڭ يۈەن سەرپ قىلىنىپ ياسالغان بۇ بىنا ھەقىقەتەن كۆركەم ۋە ھەشەمەتلىك ئىدى. مەن ئىختىيارسىز ھالدا 200 مىڭ يۈەننى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئىككى دېگەن رەقەمنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىپ تۇرغان بەش نۆل مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا خۇددى ئاشۇ بىنانىڭ ئىچىدە تىپىرلىشىپ تۇرغان پادىشاھ ئاياللاردەك تۇيۇلاتتى. ئاشۇ ئىككى ۋە بەش نۆل مېڭەمنى ئارامسىزلاندۇرۇپ، يۈرىكىمنى سىقاتتى. مەن خۇددى نەپىسىم يېتىشمەيۋاتقاندەك ئېغىر-ئېغىر تىنىغان ھالدا 200 مىڭ يۈەنگە خىيالەن خىتاب قىلدىم:

ئەي پۇل، ئەگەر سەن مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولغىنىڭدا، مەن يېڭى-يېڭى پادىشاھ ئاياللارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مەخسۇس يېتىم قىزلار ھۈنەر-تېخنىكا مەكتىپى ياكى ئاياللارنى تەربىيىلەش مەركىزى قۇرۇپ، سېنى ئاشۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى ۋە ئۇستاخانىلىرى ئۈچۈن ئىشلەتكەن بولاتتىم. لېكىن دۆلەت خەزىنىسىنى باشقۇرغۇچىلار ۋە مالىيە خادىملىرى سېنى مېنىڭ ئارزۇيۇمدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئەھمىيەتلىك ۋە شەرەپلىك بولغان ئاشۇنداق «يىغىۋېلىش ئورۇنلىرى» ئۈچۈن ئىشلىتىدىكەن. دېمەك سېنى نېمىگىلا خەجلىسە بولۇۋېرىدىكەن. قارىماققا سەن ناھايىتى قۇدرەتلىكتەك كۆرۈنسەڭمۇ، ئەمەلىيەتتە بەكمۇ بىچارە ئىكەنسەن. خۇددى كەپسىز بالىنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇققا ئوخشايدىكەنسەن. ئەگەر زۇۋانىڭ بولغان بولسىدى، ئۆز تەقدىرىڭگە ئېچىنىپ داد-پەرياد ئۇرغان بولاتتىڭ. سەن قاچانمۇ ئۆز ئورنىڭنى تاپارسەن.

بۇ ئەدەبىي ئاخباراتىمنى ئەمدى ئاياغلاشتۇرىمەن. ھۆرمەتلىك كىتابخان، بۇ سوئال بىلەن تولغان ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈشلەردىن سىز نېمىنى ھېس قىلدىڭىز؟ سۆيۈملۈك كىتابخانلار، يۈرىكىڭلارغا قولۇڭلارنى سېلىپ بېقىڭلار، ئۇ نېمە دەۋاتىدىكىن؟ سوئاللارغا قانداق جاۋاب بېرىۋاتىدىكىن؟...

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم


تۈزىتىش

نابور سېختىكي مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن 91 - يىل 8 - سان 152 - بەت يۇقىرىدىن 6 - قۇر «...بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ مىسىرغا تاجاۋۇز قىلغانلىقى...» دېگەن جۈملىدىكى «مىسىرغا» دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان. قوشۇپ ئوقۇشىڭلارنى سورايمىز.

مەتتىمىن شىپە

# ھەسرەت

(ھېكايە)



بىر كۆرۈپ ھەسرەتتە قالدىم ئول پەرى رۇخسارىنى،
ئىككى كۆرسەم دەپ تىلەيمەن كۆزلىرى خۇمارىنى.

ئەلىشىر ناۋايى

ئۇ كىنودىن تولىمۇ كۆڭۈلسىز قايتىپ چىقتى. كىنوغۇ قىزىقارلىق، تەسىرلىك ئىدى، گۈزەل ھىندى قىزىنى لۈكچەكلەر بۇلاپ قاچاتتى، قىزنىڭ سۆيگىنى، بۇدۇر چاچ ھىندى يىگىتى ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىر ئۇچۇم قارام لۈكچەكلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشاتتى؛ ئۇ ھەر قەدەمدە جېنىدىن ئايرىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلسىمۇ قورقمايتتى، چېكىنمەيتتى. يىگىت لۈكچەكلەر تەرىپىدىن تاياق يەپ، ئىككى قېتىم ئوق تېگىپ ياريدار بولۇپ پۈتۈن يەدىنى قىپقىزىل قانغا بوياليسىمۇ يەنە جان تىكىپ ئېلىشىپ ئاخىر سۆيگىنىنى لۈكچەكلەرنىڭ چاڭگىلىدىن ساق-سالامەت قۇتقۇزۇپ چىقتى، «جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتمەس» دېگەن سۆز توغرادە، ... كىنونىڭ ۋەقەلىكى شۇنچە جىددى، تەسىرلىك ئىدىكى، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان كۆڭلى نازۇك بىر-ئىككى تاماشىبىنىنىڭ مىشىلداپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى. يىگىتنىڭ باتۇرلۇقىدىن تەسىرلەنگەن، قايىل بولغان يىگىتلەر ھەتتا نەچچە قېتىم چاۋاك چېلىپ، چوقان كۆتۈرۈشتى. ئۇمۇ ئاشۇلارغا ئوخشاش يىگىتقۇ، ئۇمۇ ھاياجانلىنىشى، مىسكىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈشى لازىم ئىدى، ئەپسۇسكى، ئۇ كىنونى كۆرۈپ تېخىمۇ غەمگە چۆكۈپ كەتتى.

ئۇ تىياتىرخانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرۇپ قالدى. قىزىق ئىش، شەھەرنىڭ كەچكى مەنزىرىسىمۇ ئۇنىڭ چىشىغا

www.uyghurkitap.com

ئەگمەكچى، كۆڭۈلسىزلىكنى ئاۋۇتماقچى بولغاندەك كۆڭۈلسىز ئىدى. قۇياش ئەمدىلا ئولتۇرغان بولسىمۇ، شەھەرنى گۇگۇم پەردىسى ئورىغان، شۇ گۇگۇم پەردىسى ئىچىدە كۆل رەڭ تۇمان يېيىلىپ ياتاتتى. يول ياقىلىرىدىكى قىزغۇچ، كۆكۈچ چىراغلار ئاشۇ لەنتى تۇمان توپەيلى سۇس نۇر چېچىپ تۇراتتى، ئەتراپتىكى بىنالارنىڭ چىراغلىرىمۇ خىرە كۆرۈنەتتى، تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۈگىلەك، تۆمۈر رېشاتكىلىق دەرەخزارلىقنىڭ ئەتراپىدا ئاپتوموبىللار تىقىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ يول بوشىتىشقا ئۈندىگەن سىگناللىرىمۇ يېقىمسىز، قوپال ئاڭلىناتتى. بۇ ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان گۈزەل ئۈرۈمچىنىڭ قىش پەسلى يېڭى باشلانغان كۈنلىرىنىڭ كۆڭۈلسىز ئاخشىمى ئىدى.

ئۇ تىياتىرخانا ئالدىدىكى سېمونت پەلەمپەيلەردىن ئېغىر قەدەم تاشلاپ چۈشۈپ كەلدى. كۈندۈزى ئېرىگەن مۇزلار يەنە قېتىپ يەر تېيىلغاق بولۇپ كەتكەنىدى. ماڭساڭ بىرخىل يېقىمسىز ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ يول بويىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدى. بۇ يەردىن ھازىر ئادەم ئۆتكىلى بولمايتتى. چۈنكى، يول تالىشىۋاتقان ئاپتوموبىللار شۇنچە كۆپ ئىدىكى، كېسىپ ئۆتەي دەپ كوچىغا ئاياغ باسساڭ، جېنىڭدىن جۇدا بولۇشۇڭ تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇ ئەتراپىدا ئۆزىگە ئوخشاش يولنىڭ بوشىشىنى كۈتۈپ قاراپ تۇرغان ئادەملەر قاتارىغا قېتىلىپ كۈتۈپ تۇردى. ئۇنى خىيال ئىلكىگە ئالدى ۋە خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ ھازىر كۆرگەن كىنوسىنى ئەسلەپ قالدى. ئويلاپ قارىسا، بۇ كىنودىكى بىر كۆرۈنۈش بىلەن ئۇلىنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئاددىي، ھەتتا ئۆزىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگەن بىر ئىش ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بار بولۇپ تۇيۇلدى. كىنودىكى بۈدۈر چاچ ھىندى يىگىتى كۈندۈزى كوچىدا كېتىۋېتىپ ھېلىقى گۈزەل ھىندى قىزنى ئۇچرىتىپ قالاتتى ۋە قىز كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگىنى ئۈچۈن خېلى يەرگىچە كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭاتتى. ئۇمۇ دەل مۇشۇ تىياتىرخانىدا كىنو كۆرۈۋېتىپ، ئۆزىدىن ئىككى رەت كەينىدە ئولتۇرغان بىر قىزغا كۆزى چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ پۈتۈنلەي ناتونۇش قىز ئىدى. كىنودىن قايتقاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ شۇ ئاخشىمى نېمە ئۈچۈن ئۇ قىزنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەن بولغىيدى؟ بەلكىم بۇمۇ بىر قىسمەتتۇر. ئۇنىڭ خاھىشىدىن تاشقىرى ئىشتۇر. ئەگەر ئاشۇ ئاخشىمى ئۇ قىزنىڭ كەينىدىن ئەگەشمىگەن بولسا، بۇ كۈندە كۆيۈك دەردىدە شۇنچە پۇچۇلانماس ئىدىغۇ؟

ئەمما، ئۇ بۈگۈنكىدەك كۆڭۈلسىز قىش ئاخشىمى ئەمەس، بەلكى كۆڭۈللۈك ياز ئاخشىمى ئىدى. شۇ چاغمۇ قۇياش ئەمدىلا ئولتۇرۇپ، كوچا چىراغلىرى يېڭىدىن ياندۇرۇلغان چاغ ئىدى. غەربىي ئۇپۇقتا قۇياشنىڭ قىزىللىقى سىڭىپ كەتكەن بىر پارچە بۇلۇت خىرە قىزىرىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ھاۋا سالقىن، كوچا چىراغلىرى ياپيېشىل دەرەخلەر ئارىسىدىن خۇددى يۇلتۇزلاردەك ئىمىر - چىمىر قىلىپ، چىرايلىق چاقناپ كۆرۈنەتتى.

كمشلەر ئشتىن چۈشكىلى خېلى ۋاق بولغاچـ
قا، كوچىدا ئاپتومۇبىللارمۇ كۆپ ئەمەس
ئىدى. بۇنداق ئاخشاملىرى كوچىدا ئالدىرـ
ماي مېڭىپ، تاماشا قىلىش كۆڭۈللۈك ئىدى.

تۇيۇقسىز سائەتنىڭ داڭ ئۇرغىنى
ئاڭلاندى. بىر، ئىككى ... داڭ بەش قېـ
تىم ئۇرۇلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈـ
رۈپ، ئالدى تەرەپتىكى قەۋەتلىك،
ئېگىز بانكا بىناسىغا قارىدى، بىناـ
نىڭ ئۈستىدىكى مۇنار سائىتىنىڭ ستىرېلـ
كىسى دەل بەشنى كۆرسىتىپ تۇراتتى،
سائەتنىڭ چۆرىسىدىكى بىردىن ئون ئىكـ
كىگىچە سانىنى بىلدۈرىدىغان سىزىقچىلارمۇ
قىزىل ئىدى. ئۇ خىيال دېڭىزىدا ئۈزۈپ
يۈرۈپ، كوچىنى كېسىپ ئۆتۈشنىڭ ئورنىـ
غا، ئىختىيارسىز ئوڭ قول تەرەپكە بۇرۇـ
لۇپ كېتىپ قالدى.

ئۇ شۇ ئاخشىمىمۇ مۇشۇ كوچىدا
ھېلىقى غۇنچە بوي قىزنىڭ كەينىدىن ئەـ
گىشىپ ماڭغانىدى. ئەمما، ۋاقىت بۇنىڭدىن
ئىككى سائەتچە كېيىن ئىدى.

ئۇ قىز يىگىرمە قەدەمچە ئالدىدا
كېتىپ باراتتى، ئۈستىگە ئاق، كالتە يەڭ
كوپتا، زەڭگەر رەڭ يوپكا كىيگەنىدى،
چىراغ نۇرىدا كوپتىسى ئاقۇش، يوپكىسى
قارا كۆرۈنەتتى. ئىككى ئۆرۈم چېچى ساغـ
رىسىدا سىلكىنىپ تۇراتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر
ئاستا ماڭاتتى. كەينىگە قاراپمۇ قويمايتتى،
ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يان تەرەپلىرىگە قارايتـ
تى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى گويا كوچا سەيلىسى
قىلىپ يۈرگەن كىشىگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ
ئىتتىكرەك مېڭىپ ئۆزىنى ماگىنىنىتـ
تەك تارتىپ تۇرغان ئاشۇ قىزغا يېتىشىـ
ۋالغۇسى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ تونۇـ
شۇۋالغۇسى كېلەتتى. ئەمما، قىزنىڭ ئاشۇ
لەرزان مېڭىشىنى تاماشا قىلىشتىن ۋاز
كەچكۈسى كەلمىگەندەك، قەدىمىنى ئىتـ
تىكلىتەلمەيتتى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇـ
نىڭدا قىزغا يېتىشۋېلىشقا، ئۇنىڭ بىلەن
پاراڭلىششقا جۈرئەت كەم ئىدى. شۇنداقـ
تىمۇ قەدىمىنى توختىتالمايتتى. چۈنكى،
نامەلۇم بىر كۈچ ئۇنى يىپ بىلەن باغلىـ
ۋېلىپ سۆرەپ كېتىۋاتاتتى.

ئاشۇ چاغدا نېمىشقا ئۇ قىزغا يېتىـ
شىۋالمىدى ـ ھە؟ يېتىشىۋالغان بولسا كۆپـ
رەك پاراڭلىششى، ئوبدانىراق تونۇشۇۋېلـ
شى مۇمكىن ئىدىغۇ؟ ... ئۇنىڭ ئەمدى ئېـ
سىگە كەلدى. شۇ چاغدا ئۇ غۇنچە بوي
قىزنى قوغلاپ يېتىشىپ پاراڭلىشىشنى
لايىق كۆرمىگەنىدى. مۇبادا شۇنداق قىلسا،
ئەخلاقسىز، شاللاق يىگىت بولۇپ كۆرۈـ
نۈپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىغانىدى.
چۈنكى، بۇ قىز ئۇ ئۆمرىدە بىرىنچى قېـ
تىم كۆرۈۋاتقان ـــ پۈتۈنلەي ناتونۇش قىز
ئىدى. بۇنداق قىزلار بىلەن بىرىنچى ئۇچـ
رىششىتىلا، يەنە كېلىپ كەينىدىن قوغلاپ
بېرىپ، تولۇمىدىن توقماق چىققاندەك
پاراڭلارنى قىلىپ مۇڭدىشىش مۇمكىن ئەـ
مەس ـ تە، شۇنداق قىلساڭ ئۇ كوچىغا
چىقىپ قالغان قىز بولمىسىلا سېنى سىلـ
كىۋېتىشى، ھەتتا تىللىشى تۇرغان گەپ.

ئۇ كېتىۋېتىپ، ئۇ قىزنى تىياتىرـ
خانىدا تۇنجى قېتىم كۆرگەن چاغنى ئەسـ
لىدى: ئۇ زالغا كىرگەندە كىنو باشلانمىـ
غان، قىزغۇچ نۇر چېچىپ تۇرغان چىراغـ
لارمۇ ئۆچمىگەنىدى. زالدا ئادەملەر كۆپ
ئەمەس ئىدى، ئۇ ئولتۇرىدىكى بوش ئورـ
ۇنلاردىن بىرىگە ئولتۇردى ـ دە، تونۇش ـ
بىلىشلەر بارمىكىن، دېگەن ئوي بىلەن
ئەتراپقا قارىدى. بىردىنلا ئۆزىدىن ئىككى

رەت كېيىنكى ئورۇنىدا قاتار ئولتۇرغان ئۈچ قىزنى كۆرۈپ قالدى. قارا قۇمـچاق قىز بىلەن سېرىق قىز ئېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. سېرىق قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يۈزلىرى دۈگىلەكرەك كەلگەن قىز ئۇلارنىڭ پارىڭىغىمۇ ئارىلاشماي، كۈلكىسىگىمۇ قوشۇلماي، تورۇستىكى زىننەت چىراغلىرىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېمىشقىدۇر شۇ قىزغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇ يېنىدىكى قىزلار بىلەن تونۇشمايدىغاندەك قىلاتتى. بولمىسا يېنىدىكى قىزلارنىڭ پاراڭلىرىغا ئارىلاشماي، زالنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرمايتتى ـ دە، ئۇ كۆزلىرى يوغان، قاشلىرى كالتىرەك كەلگەن قىز ئىدى. تورۇستىكى دۈگىلەك چىراغلارنىڭ سۇس، قىزغۇچ نۇرلىرى تۈپەيلى بولسا كېرەك، ئىككى مەڭزى پەرداز قىلغاندەك قىزىل كۆرۈنەتتى. قىز ئېمىشقىدۇ ئۇنىڭ كۆزىگە بەك ئىسسىق كۆرۈندى. ئۇ قىزغا ئىختىيارسىز ئۇزاققىچە قادىلىپ قارىدى.

ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق ۋە تازا توشقان ۋاقتى ئىدى، ئالمىدەك كۆكسىمۇ كوپتىسىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ناتونۇش يىگىتنىڭ ئۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرغىنىنى سەزدى بولغاي، ئۇنىڭغا لاپ قىلىپ قارىدى ـ دە، ئوڭايسىزلانغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى. بۇ كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇ يىگىتنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ چىرايلىق، خۇددى ئاتاقلىق رەسسام ماي بوياق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ سىزىپ چىققان چىرايلىق سۈرەتتەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. يىگىتنىڭ قان تومۇرلىرىدا ئىسسىق ئېقىم ئۆركەشلىدى. ئەمما دەل شۇ چاغدا كاساپەت چىراغلار ئىچى تارلىق قىلغاندەك لىپ قىلىپ ئۆچتى.

ئۇ قىزنىڭ سۈرەتتەك قىياپىتىنى يەنە كۆرۈشنى خالايتتى. شۇڭا، كىنو تۈگىگىچە دەممۇ ـ دەم كەينىگە قارىدى. پەقەت ئۇنىڭ ئېكرانغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قارىيىپ تۇرغان تۇرقىنىلا كۆرەلىدى. كىنو تۈگىگەندە قىز ئورنىدىن تۇردى ـ دە، جامالىنى يېرىم ياتا كۆرسىتىپ قويۇپلا كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى ...

ئۇ تۆت كوچىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدى. ھازىرلا مېڭىپ كەلگەن يولى تەنتەربىيە كومىتېتى تەرەپكە ئۇدۇل كېتەتتى. ئوڭ تەرەپتىن كەلگەن يول بۇ يولنى كېسىپ ئۆتۈپ خەلق مەيدانى تەرەپكە ئېلىپ باراتتى. ئۇ ھېلىقى ئاخشىمىمۇ مۇشۇ دوقمۇشتا، دەل ھازىر تۇرغان يېرىدە بىر پەس تۇرغانىدى.

بۇ تەرەپلەردە ئادەتتىمۇ ئادەملەر ئازراق بولىدۇ. شۇ ئاخشىمىمۇ بۇ يەردە ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى. پەقەت ئاپتوموبىللارلا غۇيۇلداپ، ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى. قىز ئالدى ـ كەينىگە قاراپ يولنى تولىمۇ ئەنسىزچىلىك ئىچىدە كېسىپ ئۆتتى ـ دە، خەلق مەيدانى تەرەپكە بۇرالدى. ئۇ كەينىدىن بىر يىگىت ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمىگەنىدى. شۇڭا، كەينىگە ـ يىگىت تۇرغان دوقمۇشقا قاراپمۇ قويمايتتى. يىگىت شۇ چاغدىمۇ خۇددى ھازىرقىدەك ئېغىر خورسىنىپ قويغانىدى.

ـ شەھەر ئاللىقاچان قاراڭغۇلۇق قوينىغا چۆككەن، تۇمان تۈپەيلى قاراڭغۇلۇق تېخىمۇ قويۇقلاشقانىدى. ھېلىلا مىغىلدىشىپ يۈرگەن ۋە بىر ـ بىرىنى يول بېرىشكە

ئۇلىدىكەن ئاچچىق سىگناللىرى قۇلاق مېڭى-
نى زېڭىلداتقان ئاپتوموبىللارمۇ ئازايغان-
دى. بىردىن، ئىككىدىن بولۇپ كېتىشىۋات-
قان كىشىلەر ئاندا-ساندا كۆزگە چېلىقات-
تى. ئۇ يەنە بىر تال تاماكا ئوراپ چەك-
كىنىچە يولنى ئىختىيارسىز كېسىپ ئۆت-
تى. ئۇ مېڭىپ-مېڭىپ يەنە تۆت كوچىغا
بېرىپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭ تەرەپتىكى
كوچا ئائىلىلىكلەر رايونى ئىدى. ئەسلىمى-
لەر يەنە خىيال ئېكرانىدىن ئۆتۈشكە
باشلىدى ...

ئۇ بايا خېلىغىچە تۇرۇپ قالغان
دوقمۇشتا مۇشۇ تۆت كوچىدىن كۆز
ئۈزمەي قاراپ تۇراتتى. قىز ئوڭغا بۇرۇل-
دى. ئۇ تولىمۇ لەرزان ماڭاتتى. ئۇ گەر-
چە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن مېڭى-
شى بەكمۇ چىرايلىق تۇيۇلاتتى. ئۇ قىزنىڭ
كەينىدىن قوغلاپ يېتىشكە ئىنتىلدى. ئەمما،
قىز بىردىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ كۆزدىن غايىپ
بولدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىر قىسىملا بو-
لۇپ قالدى. ئۇ ئىتتىك-ئىتتىك مېڭىپ
يولنى كېسىپ ئۆتتى. ئۇ يۈگۈرگەندەك
تېز كېتىۋاتقان شۇ دەقىقىلەردە بايا قىز-
غا يېتىشىۋېلىپ مۇڭداشمىغىنى، تونۇشۇۋا-
لالمىغىنى ئۈچۈن ئۆكۈندى. ئۆزىنى ئۆزى
ئەدەبىلىك بولۇشتا تولىمۇ چەكتىن ئېشىپ
كەتتىڭ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئىككى ئېغىز
پاراڭلىشىپ، كىملىكىنى، ئۆيىنىڭ قەيەر-
دىلىكىنى بىلىۋالساڭ گۇناھ بولامتىمۇ؟
ئەمدى ئۇنى قەيەردىن ئىزدەيسەن؟ ۋاي،
يۈرەكسىزەي، دەپ ئەيىبلىدى.

تۇساتتىن بىرسىنىڭ:

— ئاپا! — دەپ ئەنسىز ۋارقىرىغان
ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇ بىر شۇملۇقنى سەزدى-دە، چى-
داپ تۇرالمىدى. پۈتۈن كۈچى بىلەن ئا-
ۋاز چىققان تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇ غۇنچە
بوي قىز ھېلىلا كۆزدىن غايىپ بولغان
دوقمۇشقا يېتە-يەتمەستىن شۇ قىزنىڭ
قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قىز
كەينىگە قاراپ-قاراپ قويۇپ يۈگۈرەيتتى.
ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىن؟ بايىلا مەغرۇر
كېتىۋاتقان قىز قاتتىق ۋەسۋەسىگە چۈش-
كەندى. تۇم چاچلىرى قالايمىقان
پۇلاڭلايتتى.

— نېمە بولدى؟ — ئۇ قىزغا يېقىن-
لىشىپ سورىدى.

— لۈكچەكلەر ... لۈكچەكلەر قوغلا-
ۋاتىدۇ، — دېدى قىز ھودۇقۇپ، ھاسىراپ
سۆزلەپ.

شۇ ئارىلىقتا ئوڭ تەرەپكە كەتكەن
كىچىك كوچىدىن بىرى ئېگىزرەك، بىرى
پاكارراق ئىككى يىگىت چىقىپ كەلدى.
ھەر ئىككىسى يالاڭباش ئىدى، ئېگىز-پەس
دەسسەپ يۈگۈرۈشىدىن قارىغاندا چالا
مەستەك قىلاتتى.

— قورقماڭ! — دېدى ئۇ قىزنى تىنچ-
لاندۇرۇپ.

قىز ئۇنى تەبىئىي ھىماتچى دەپ بىل-
دى بولغاي، دەرھال ئۇنىڭ كەينىگە ئۆ-
تۈپ مۇداپىئەلەندى. قىز تىترەپ كەت-
كەندى. يۈرىكى تېز-تېز دۈپۈلدەپ
سوقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىسسىق نەپەسى يى-
گىتنىڭ بويىنىغا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

ئىككى مەست يۈگۈرۈشتىن توختاپ،
بازغاۋاتقان خورازلاردەك مۇشتلىرىنى تۈ-
گۈپ ۋە سەل ئېگىلىپ مېڭىشىپ ئۇلارغا
قەدەممۇ قەدەم يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۇلار

قىزنى تارتىپ ئېلىپ كەتمەكچىمۇ ياكى ئۇنى كەينىگە «يوشۇرۇپ» تۇرغان يىگىتنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچىمۇ، بىلىپ بولمايتتى، بەلكىم ھەر ئىككى ئىشنى كۆڭلىگە پۈككەندۇر. يىگىت دەقىقە مەڭدەپ قالدى، قورققاندەك بولدى. بىردىن كەينىدە تۈگۈلۈپ لاغىلداپ تىترەپ تۇرغان قىز ئۈچۈن يىگىتلىك قىلىشى، ئىنسانىي ياردەم بېرىشى لازىملىقىنى ئويلاپ يۈرىكىنى توختاتتى - دە:

— ھە، نېمە گەپ؟ — دېدى لوكچەكلەرگە زاڭلىق قىلغان ئاھاڭدا سوغ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، — نېمە قىلماقچىسىلەر؟

— نېمە سەن بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلىشىسەن؟ — دېدى ئېگىزرەكى، ئۇ چاقماق كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، مەيدىسى ئوچۇق ئىدى.

— قايسى ئىشىڭلارغا ئارىلىشىپتىمەن؟

— ئۇنداقتا يولۇڭغا كېتىۋەر ئاداش.

— ئاۋۇ قىزنى بىز ئۆيىدىگە ئاپىرىپ قويىمىز، ئۆيىمىز بىر يەردە، — دېدى پاكارراقى.

— راستمۇ؟ — سورىدى يىگىت قىزغا بۇرۇلۇپ قاراپ.

— ياق ... ياق. مەن ئۇلارنى تونۇمايمەن ...

قىز ھېلىمۇ جالاقلاپ تىترەيتتى. ئۇنىڭ يۇمشاق بەدىنى يىگىتنىڭ بەدىنىگە تېگىپ تۇراتتى.

— ھەي، ئاڭلاشتىڭمۇ؟ تونۇمايدىغان بىراۋنىڭ ئالدىنى توسۇيدىغان نېمە ھەققىڭ بار؟

— سەن بىزنى سوراق قىلىۋاتامسەن تېخى؟ ھەي ئەبگانىڭ يالىسى، مېڭىشىڭنى بىل، بولمىسا ھېلى بىكار ئوتتۇز ئىككى چىشىڭنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمىز...

ئۇلاردىن گۇپۇلدەپ ھاراق پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى.

قىز ھېلىمۇ تىترەيتتى، يۈرىكى دۈپۈلدەيتتى. لوكچەكلەر ھە دەپ قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. قىز قورقۇنچىدىن يىگىتكە تېخىمۇ چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يىللىق كۆكسى دۈمبىسىگە تېگىپ تۇرغاندەك بىلىنىپ، بىر ئىسسىق ئېقىم تومۇرلىرىدا ئۆركەشلەشكە باشلىغانىدى... ئۇ بۇنداق ھالەتنىڭ ئۇزاقراق داۋاملىشىشىنى خالايتتى. قاياقتىن مۇشت تېگەركىن، دەپ ۋەھىمە ئىچىدە ئەنسىرەپ تۇراتتى - يۇ، لېكىن يەنە ھوزۇر ھېس قىلاتتى. ئەپسۇس، بۇ ئۇنداق قاملاشمىغان، مەجبۇرىي قۇچاقلىشىش بولماي، ئاشىق - مەشۇقلارچە قۇچاقلىشىش بولۇپ قالغان بولسىچۇ كاشكى! ھەي ئىسىتەي...

ئۇ ئاشۇ ھالەتنىڭ ئۇزاقراق داۋاملىشىشىنى، مۇمكىن بولسا بىرلا ئايلىنىپ قىزنى باغرىغا بېسىشىنى خالايتتى، ئەپسۇسكى، تۆۋەن تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىلەر ئۇلارغا يېقىنلاپ قالدى. ئەھۋالنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىزلىقىنى چۈشەنگەن ئىككى لوكچەك ئاستا كەينىگە يېنىشتى، خۇددى بىر نېمىسى چۈشۈپ قالغاندەك كەينىگە قاراپ - قاراپ مېڭىشتى - دە، كېيىن ئۇدۇل كېتىشتى.

ئاشۇ ئاجايىپ، ئۇنتۇلماس ھالەت بۇزۇلدى. قىز ئۇنىڭدىن بىر قەدەم يىراقلاپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى:

— رەھمەت سىلىگە... ئۇھ، ئەجەبمۇ قورقۇتتى ئۇ لوكچەكلەر.

يىگىت قىزغا تىكىلىپ قارىدى. قىز پەردازسىز بولۇشىغا قارىماي، دائىم پەرداز

قىلىپ يۈرۈيدىغان قىزلاردىنمۇ رەڭدار، جەزىبىلىك، يېقىملىق، گۆشلۈك يۈزىنىڭ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل ئىدى. يىگىت هازىرغىچە بۇنداق كېلىشكەن، چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. قىز شۇ تاپتا ئۇيۇلۇپ، قىزىرىپ تۇراتتى. قاپقارا كۆزلىرىدە مىننەتدارلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ تېخىمۇ چىرايلىق، يېقىملىق بولۇپ كۆرۈنۈۋاتاتتى.

يىگىت شۇ دەقىقىدە بۇ قىزنىڭ كەينىدىن سەۋەبسىز ئەگىشىپ كەلمىگەنلىكىنى، ئەگىشىپ مېڭىپ خاتا قىلمىغانلىقىنى ياخشى چۈشەندى. ئۇ بايا تىياتىرخانىدا بىرلا تەبەسسۇم بىلەن يىگىتنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان، كۆڭلىنى ئىگىلىگەنىدى. يىگىتمۇ ئۇنى بىرلا كۆرۈپ ئاشىق بولۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ تۇنجى كۆرۈشىدىلا ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغان، ئەگىشىپ ماڭغانىدى. ئىنسان يۈرىكى توسۇن ئاتقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بىرلا چاپچىپ توختاپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ، توختىماي چاپچىۋېرىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ. ئۇ قىزنى بىرلا كۆرگەندە يۈرىكى چاپچىغان پېتى توختىماي ئاشۇ قىزنى دەپ سوقۇپ تۇراتتى. يىگىت پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزمەي، شۇ مىنۇتتىلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىشقا تەمشەلدى. هېچ گەپتىن گەپ يوق، ئىشنىڭ بىسمىللاسىدىلا بۇ گەپنى دېسە، قىزغا غەلىتە تۇيۇلامسىمۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنەرمۇ، ئۇنى بايىقى لوكچەكلەردەك يارىماس، يولدىن چىققان يىگىتكەن، دەپ ئويلاپ قالامسىمۇ؟...

— خوش، مەن كېتەي، — دېدى قىز.

— مەن ئاپىرىپ قوياي، — دېدى يىگىت قىز هازىرلا غايىب بولۇپ، يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتالماي قېلىشتىن قورققاندەك ئالدىراپ سۆزلەپ.

— رەھمەت، ئۆيگىمۇ كېلىپ قالدىم، خوش...

— شۇنداق بولسىمۇ...

قىز جاۋاب بەرمەي مېڭىپ كەتتى. يىگىت ئىختىيارسىز ئەگەشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن قىز يەنە بىر پاراكەندىچىلىكنى سەزدى بولغاي، بايىقىدەك لەرزان مېڭىشىدا ئەمەس، بەلكى ئىتتىك-ئىتتىك مېڭىشقا باشلىدى. تونۇشۇۋېلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتىمۇ قولدىن كەتمەكتە ئىدى. ئۇمۇ قەدىمىنى تېزلەتتى.

— قورقماڭ، ئالدىرىماي مېڭىڭ، پاراڭلىشىپ ماڭىمىز...

قىزدىن سادا چىقمىدى، يەنىلا ئىتتىك-ئىتتىك كېتىۋاتاتتى. ئۇ قەدىمىنى تېزلىتىپ، قىزغا يېتىشىۋالاي دېگەندە، قىز قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. ئۇ يەنە سەل تېزرەك ماڭسا قىز يۈگۈرۈشى چوقۇم ئىدى. شۇنداق بولۇپ قالسا، سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئاڭلايمەن دەپ ئۇچۇرۇۋەتكەندەك ئەخمەقلىق بولىدۇ-دە، ئۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما قىز ئالدىراپ مېڭىشىنى ئۆزگەرتمەي كېتىۋاتاتتى. ئىچى تىتىلداپ كەتكەن يىگىت ئاخىر:

— ئىسمىڭىزنى بولسىمۇ بىلىپ قالاي، ئالدىرىماڭ... — دېدى يېلىنغان ئاھاڭدا، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزىگە زارلانغاندەك ئاڭلاندى.

— نېمە قىلاتتىڭىز ئىسمىمنى بىلىپ؟ — دېدى توختىماي كېتىۋاتقان قىز غۇدۇڭشىغاندەك ئاھاڭدا.

— سىزگە دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى. كېيىن ئىزدەپ كېلىمەن.

— مېنى ئەخمەق ئەتكىڭىز كېلىسە ۋاتامدۇ؟

— ئەزبەرايى خۇدا، ماڭا ئىشىنىڭ، مەندە ئۇنداق يامان ئوي يوق، مەن سىزنى كۈندۈزى ئىزدەپ كېلىپ چىرايلىقىچە پاراڭلاشماقچى...

— ئىزدىمەيلا قويۇڭ... مەن بۇ يەرلىك ئەمەس، ئاكامنىڭ ئۆيىگە كەلگەن...

ئۇزاپ كېتىۋاتقان قىز ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئاچچىق ۋە قوپال ئاۋازدا ئېيتتى ـ دە، ئوڭ قولغا بۇرۇلدى. يىگىت ئاخىرقى مەرتىۋە يېلىندى:

— ئۇنداق قىلماڭ، ماڭا ئىشىنىڭ، ئىسمىڭىزنى بولسىمۇ بىلىپ قالاي...

ئەمما قىز ئۇنىڭ زارىغا قۇلاق سالمىدى. ئوڭ تەرەپتىكى دەرۋازىغا كىرىپ غايىب بولدى. ئۇ ئورنىدا مىخلاپ قويغاندەك ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. ئۇ كۆزىنى قىز كىرىپ كەتكەن دەرۋازىدىن ئۈزمەيتتى. چۈنكى ئاخىرقى زارى قىزنى كەينىگە ياندۇرالايدىغاندەك، قىز ھازىرلا يېنىپ چىقىپ، قوپاللىق قىلغىنىنى ئۈچۈن ئەپۇ سورايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمما قىز چىقمىدى، ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. مۇھىم، باھاسىز نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك بىئارام بولدى. تىنىق ئاسماندا ساناقسىز يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. ئۇلار جىمىرلىشاتتى، كۆز قىسىشاتتى، گويا ئۇنى زاڭلىق قىلىسىپ، ئۆزـ ئارا نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى. ئۇلار خۇددى ئۇ ھاكاۋۇر قىز سېنى ياراتمىدىمۇ؟ سۆزۈڭنى ئىلىك ئالمىدى ـ ھە؟! بىر قىزنىڭ ئالدىنى تىنۇسۇپ پاراڭلىشالمايدىغان ھالىڭغا ئۆزۈڭنى يىگىت ھېسابلاپ يۈرگىنىڭگە ھەيرانمىز. ۋاي بېلى بوش ئەخمەقەي... دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ تاماكا ئوراپ چەكتى.

قىزنىڭ «ئىزدىمەيلا قويۇڭ...» دېگەن سۆزى ئۇنىڭغا ھار كەلگەنىدى. بۇ سۆز ئۇنىڭغا شۇنداق قوپال ئاڭلانغانكى، «ئۆتۈپ بار لوكچەك، مېڭىشىڭنى بىل...» دېگەندەك تۇيۇلدى. ئۇنى ئىزدەپ كەلگىنىنىڭ نېمە يامىنى باركىنە؟ ئاخىر قىزنى ئۇ ياقتۇرۇپ قالغان تۇرسا؟...

ئۇ ھېلىمۇ شۇ ئورنىدا تۇراتتى. ئۇ يەنە شۇ ئورۇندا بىر تال تاماكا چەكتى. ئۇنىڭ بۇ يەردە، ئاشۇ ھالەتتە، قىز كىرىپ كەتكەن دەرۋازىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپ چەككەن تاماكىلىرىنىڭ ھېسابى يوق.

ئۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقلىقىنى ئۇ شۇ ئاخشىمى ئەمەس بەلكى كېيىنچىرەك، رېشاتكىلىق تۆمۈر دەرۋازا ئالدىغا ئىختىيارسىز كۈندە كېلىدىغان بولۇپ قالغىنىدا سەزدى، سەزدى ـ يۇ ئازابلاندى. ئۇ بىرلا كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قېلىش پەقەت چۆچەكلەردىلا بولىدىغان ئىش، دەپ ئويلايتتى، مانا ئەمدى بۇ ئىش ئۆز بېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ بەزى دوستلىرى بىرـ ئىككى قېتىم پاراڭلاشقان ياكى تانسا ئوينىغان قىزلارنى ياقتۇرۇپ قالدىم، دەپ پاراڭ قىلسا، ئىشەنمەيتتى، «دەي دېسە شۇمۇ گەپ بوپتۇ» دەپ ئويلاپ مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. ئۇ ئەمدى «ئىشق ئوتى ئالدىدا دوزاخ ئوتى ئۇچقۇنچە يوق» دېگەن سۆزنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى.

«ئەللەر ھەر نېمە دەيدۇ، باشقا كەلمەي بىلمەيدۇ» دېگەن راست ئىكەن ـ دە...

ئۇ بۇ يەرگە ئەتىسى ئەتىگەندىلا بىر كەلدى. ئەمما قىز سايىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. چۈشتىن كېيىن يەنە كەلدى ۋە تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە شۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈردى. يەنىلا قىزنىڭ دىدارىنى كۆرۈش مۇمكىن بولمىدى. ئۇ ئاخىر بىرلا كۆرگەن نېمىگە نېمانچە قىلىپ كېتىمەن؟... دەپ ئۆز ئۆزىنى ئەيىبلەپ سولىشىپ كېتىپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچ كۈنگىچە بۇ تەرەپكە قەدەم باسمىدى. ئەمما، تۆتىنچى كۈنى كەلمەي چىدىيالمىدى.

شۇنىڭدىن بېرى ئۇ كۈندە دېگۈدەك ئاشۇ رېشاتكىلىق تۆمۈر دەرۋازا ئالدىدا، بۇ يەرگە ئۇ ئىختىيارسىز كېلىدۇ. گويا قىز ئۇنى كۆرۈنمەس ئارقان بىلەن باغلىۋېلىپ تارتىۋاتقاندەك تۆمۈر دەرۋازىغا تەلمۈرۈپ قاراپ، قىزنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە تەشنا بولىدۇ، كۈتىدۇ، تەنتەك بولۇپ قالغان قويدەك بىر ئورۇندا چۆگىلەپ يۈرۈيدۇ. قىزنى كۆرەلمەي ئازابلىنىدۇ.

مۇھەببەت شۇنداق ئازابلىق نەرسىمىكىن، ئىشق ئوتى شۇنداق كۈچلۈكمىكىن؟.. شۇنىڭدىن بېرى ئۇيقۇدىمۇ مەززە قالمىدى، ئۇخلىسىمۇ چۈشىدە شۇ غۇنچە بوي قىز، ئويغىدىمۇ شۇ قىز. ئەمما ئۇنى تاپالمايدۇ. گېلىدىنمۇ تاماق ئۆتمەيدۇ، تاماق يېسىمۇ تەمىنى تېتىيالمايدۇ. ئۇ ئازاب تۆپەيلى ئورۇقلاپ، بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ قالدى. قويغان ئۆپكىدەك مەڭزىمۇ سولىشىپ، خۇنۇك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ قاچانغىچە شۇنداق ئازابلىنار؟

ئاھ، قىسمەت، سەن شۇنداق رەھىمسىز، تاش يۈرەك نەرسىمۇ؟ غۇنچە بوي قىزنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىشنىغۇ كۆرسەتتىڭ. بىر مەرتىۋە سېخىيلىق قىلدىڭ، ئەمما، ياخشىلىقنى شۇ بىرلا قېتىم بىلەن بولدى قىلغىنىڭ نېمىسى؟ ئۇنىڭ ئازابى سەن ئۈچۈن تاماشىمۇ؟ غۇنچە بوي قىزنى نەگە يوشۇردۇڭ؟ ئۇنى يۇلتۇزلار توپىغا قوشۇۋەتمىگەنسەن؟...

ئۇ دەردىنى ئۆزىلا بىلەتتى. غۇنچە بوي قىزنىڭ ئالدىنى قېلىنلىق قىلىپ بولسىمۇ توسىۋېلىپ ئىسمىنى، يۇرتىنى سوراپ بىلىۋالمىغىنى ئۈچۈن ھەسرەت چېكەتتى. ئەمدى ئۇنى قەيەردىن ئىزدەش كېرەك؟ ئالتە ئاي ياز ئۆتۈپ كەتتى. قىزنى ئىككىنچىلەپ كۆرۈش مۇمكىن بولمىدى. بۇ قىشمۇ، كېلىدىغان يازمۇ يەنە شۇنداق ئۆتۈپ كېتەرمۇ؟ قىز دىدارىنى زادى ئىككىنچىلەپ كۆرسەتمەسمۇ؟

ئاھ، ھەسرەتەي...

ئۇ ھېلىمۇ شۇ ئورۇندا تۇرۇپتۇ. بۇ يەرگە ئەتىمۇ كېلىدۇ. ئۆگۈنلۈككىمۇ كېلىدۇ. كۈتىدۇ، تاكى شۇ قىزنى ئۇچراتقىچە شۇنداق قىلىدۇ. ئۇ كۈتۈپ قېرىپ كەتسىمۇ مەيلى، ھەتتا كۈتۈپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ رازى.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uygurkitap.com

مۇھەممەت ئىمىن

# خىيال دېڭىزىدىن مارجانلار

### يولۋاسنىڭ ئېلانى

ئەيمىنىپ ھېچكىم كېلەلمەس يېقىن،
قامالسىمۇ تۆمۈر قەپەسكە.
ئېيتىم يولۋاس ئۆلسەممۇ،
لېكىن
موھتاج ئەمەسمەن رەڭ ۋە پەردازغا.

### پىلنىڭ سوئالى

بەستىمگۇ تاغدەك بار، يۇلمەن چىنار،
يىلپىزمۇ ئالدىمدىن ئۆتەلمەس زىنھار.
بىراق يوق كۆچۈمگە چۈشلۇق شىجائەت،
قېنىمغا سىڭگەندۇ بەلكىم ئىتائەت،
شۇڭلاشقا ئادەملەر ئالغانمۇ مىنىپ،
زىيادە ياۋاشلىق بېشىمغا چىقىپ؟!

### شىر يېشەلمەيۋاتقان تۈگۈن

ئاجىزلارنى زادى بوزەك قىلمىسام دەيمەن،
لېمشقىدۇر تۇتۇۋالسام يەنىلا يەيمەن.

### كەپتەرنىڭ ئادىتى

مېنى تىنچلىق ئەلچىسى دەپ تەرىپلىمەس كىم؟
ھەمراھىمنى چوقۇپ قويۇش ئەپسۇس،
ئادىتىم!

### تاشپاقىمۇ بىزار

ئۇزۇن ئۆمۈر چولپانى دەپ كەتسە ماختاپ،
ھاياتىمغا چوقۇنغۇچى ئامراقلىرىم؛
دىرىلدەيدۇ غەزەپ بىلەن ئوقۇپ لەنەت،
ئۆملەشتىن بىزار بولغان ئاياغلىرىم.

### كۆچۈكنىڭ ئېتىرازى

قۇيرۇقىمنى شىپاڭلىتىپ بولسام پايپېتەك،
خۇشامەتكە خۇشتار ئىگەم تاشلايدۇ سۆڭەك،
مەنغۇ پەقەت كېلىمنى دەپ قىلدىم خۇشامەت،
ھېچ بىلمىدىم ئىگەمگە بۇ ھۈنەر نەكېرەك؟

### يىلاننىڭ ھەۋەسى

تۈگۈلۈپ تۇرمىقىم قورقۇشتىن ئەمەس،
ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ بېشارىتى، بەس.
چاقتى دەپ ئەيىبلەش ناھەق، بىھاجەت،
چاقماقلىق ئاتامدىن قالغان بىر ھەۋەس.

### توشقاننىڭ خىيالى

ئۆتسىمۇ قورقۇش، غەم ئىچرە ھاياتىم،
رازىمەن كەلمىسە مەڭگۈ ماماتىم.

### كىرپەنىڭ پەلسەپىسى

سانجىلسا تىكىنىم ماختا مامۇق دەپ،
مەن بىلەن دوست بولۇپ ئۆتەي دېسەڭ ئەپ!

### چۈمۈلىنىڭ ئىزاھاتى

بەك ئىشچان دەپ ماختار ھەممە، شۆھرىتىم تولۇق،
ئەيىبىم شۇ: ئۆزۈمگىلا توشۇيمەن ئوزۇق.

### پەرۋانىنىڭ باياناتى

ئوت - چىراغقا ئىپتىلىشىم ئىشقتىن ئەمەس،
ساختىلىقتىن تويۇپ قىلدىم ئۆلۈمگە ھەۋەس،

### تۆگىنىڭ ھەسرىتى

دۆت ئېشەك كەينىدىن ماڭار تۆگە دەپ،
مەسخىرە قىلماڭلار ئۇنچىلا سۆكۈپ.
ئۆتكۈزۈپ ئالمىسا بۇرنۇمغا چۇلۇك،
ماڭماستىم دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ؟!

### ئاغمىخانىنىڭ چارىسى

كىردۇالسىمەن كاتەككە پەملەپ،
توخۇجان سېنى يوقلاپ كەلدىم دەپ.
يېتىنلىشىمەن ماختاپ، ھىجىيىپ،
ئاندىن گېلىڭدىن بوغىمەن ئەپلەپ.

### ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى

ئۇنتۇما، بار ھەسىلىم - تاتلىقىممۇ،
ئۇۋامنى بۇزساڭ زەھەر - ئاچچىقىممۇ.

### ئارغىماقنىڭ يۈرەك سۆزى

قېيىنمىسا چەۋاندازىم كۆز يۇمۇپ،
مېنى گاھ دۆك، گاھ ئويمانغا چاپتۇرۇپ.
ئوقتەك چاپسام يورۇق بولسا مەنزىلىم،
يۈرمەي دوقمۇش، ئەگرى يولدا قايمۇقۇپ.
ئاگاھ بولسۇن، كەتسە تولا قامچىلاپ،
ئەدەبلەيمەن يەرگە موللاق ئاتقۇزۇپ.

### ئېشەكنىڭ ۋەسىيىتى

«گۆشۈم ھارام، كۈچۈم ھالال»، يالغان ئەمەس،
مەيلى ئارتسۇن تاغدەك يۈكنى كۆتۈرەي دەس.
رازىمەنكى مىڭ ئۆلسەممۇ چارچاپ ھېرىپ،
ئۆلۈكۈمنى ئىتقا تاشلاپ بەرمىسە، بەس!

### پاشىنىڭ مەنتىقىسى

نېمە قىلار ئادەم مېنى ئۇرۇپ، ئۆرتەپ،
مەن ئىچكەنگە كېتەرمىدى قېنى تۈگەپ؟!

### ئىت ئىچىنار نېمىگە؟

خۇدا مېنى ياراتقان
ئۆي - ئارامغا قاراشقا.
ئېچىنىمەن سالغانغا
ئۆز قوۋمىمنى تالاشقا.

### خورازنىڭ تەمەننىسى

چىللىمىسام ئاتمايدۇ تاڭ، يورۇماس ئالەم،
قاراڭغۇلۇق ئىنسانلارغا ئەمەسمۇ ماتەم!
ئىشەنمىسە تاڭ ئاتقۇزۇپ باقسۇنچۇ قېنى،
بىر سىقىم دان بېرىپ مىننەت قىلىنىشقان ئادەم؟!

### مېكىيانىڭ زارى

قاق قاقىلىسام ماختانچاق دەيدۇ،
تۇغماي قويسام نېمىنى يەيدۇ؟!

### بۆرىنىڭ ۋەدىسى

بېرىمەن قويلارغا چىن ۋەدە تولۇق،
توق بولسام ئۇلارنى قىلمايمەن ئوزۇق.

### كالىنىڭ نامى

بېشىمنى كۆتۈرمەي ئىشلىسەمچ ھەر دەم،
ئوت ـ چۆپ ۋە سامان يەپ بەرگەچ ئاق
سۈت ھەم؛
ئۇرسىمۇ پۇشۇلداپ يۈرگەچ شۆك ـ بىغەم،
دۆت كالا دەپ ماڭا نام بەرگەن ئادەم.

### قارغىنىڭ ئۆزىنى باھالىشى

بىكىم مېنى قارا دەپ چاپلىسا تۆھمەت،
كۆزىنى ئويىمەن، قىلمايمەن شەپقەت.
چۈنكى مەن قاردەك ئاق، توزدىن مىڭ گۈزەل،
ناخشامۇ بۇلبۇلدىن قېلىشماس پەقەت.

### مايمۇن ئويۇنىنىڭ سىرى

تاماشىبىن دەيدۇ قىزىق مايمۇن ئويۇنى،
قىزىمامدۇ ئۇچىسا باشتا قامچا قويۇنى.

### چاشقانىنىڭ ئىنسابى

يۈزسىز ئوغرى، نائىنساپ دەپ يۈرمە قارىلاپ،
يۇتمىدىمغۇ يەر شارىنى قىلغاچقا ئىنساپ!

### ھۆپۈپنىڭ ئىقرارنامىسى

ئالدىمدا ئۇچقانىنى كۆرەلمەي چېقىپ،
ئىچىم بەك ئادىغاچ كەتكەنتىم سىيىپ.

### تۈلكىنىڭ يېڭى تەقسىماتى

ئۇاجىنى ئادىللىق جىڭىدا بۆلەي،
بۆلۈشتىن ئىلگىرى لىللا گەپنى دەي:
بۇ كىيىك يەپ ساپتۇ زەھەرلىك گىياھ،
گۆشىنى يېسە كىم سۆزسىز قىلار قەي.
توشقانغا تەگكەندەك تۇرىدۇ ۋابا،
تەمىنى تېتىسا تارتىشىدۇ پەي.
قىرغاۋۇل بەك ئورۇق، سېسىق، ئەرزىمەس
لەشكە چىش ئۇپرىتىپ يۈرۈشكە ئەتەي.
يولۋاس شاھ بولمىسا خارابتۇر ئورمان.
بولمايدۇ زەھەردىن ھەزەر ئەيلىمەي.
بۆرە بەگ شۇ شاھنىڭ پۇت ـ قوال دېمەك،
يۇقمىسۇن شۇم ۋابا، ئوت قويۇپ ئۆرتەي.
مەن تىلغا ئالغۇسىز چۈپرەندە، شۇڭا
ئاخىرقى قۇللۇقنى بەجا كەلتۈردي.
ساقلاشقا سىلەرنى بالا ـ قازادىن
قان قۇسۇپ ئۆلسەممۇ ھەممىنى مەن يەي!

### پالتىنىڭ شىكايىتى

تال قاغايدۇ شاخ ـ نوتامنى كەستى دەپ،
ساپنى تۇتقان قولنى قويماس ئەيىبلەپ.

### سۈپۈرگىنىڭ دەردى

تۆكسىگەندە ئەخلەت ـ چاۋار، مەينەت ئورۇن،
بىر بۇلۇڭغا تاشلىنىمەن قىسىپ بويۇن.

### پادىچى بىلەن پادا

پادا دەيدۇ:
— مەڭگۈ خۇشال، ئەركىن يايرىساق،
ئوت - چۆپى مول، سۈيى ئەلۋەك ئىسسىق
جايلاردا.
بۆرە نەسلى قۇرۇپ كەتسە، غەمسىز
ياشساق.
چىمەن ياپقان تاغ باغرىدا، يېشىل
سايلاردا.

پادىچى دەر:
—ئالسام تېززەك پادامنى بورداپ،
سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپلىرى بولۇق
جايلاردا.
پۇلغا تواساچۆنتىكىم، قويقاسساپقايارارپ،
ئېغىز- بۇرنۇم مايلانساھەم قۇيرۇق مايلاردا.

### باغلاقتىكى قوي

ماختىنىدۇ باغلاقتىكى قوي
پادىدىكى قويلارغا قاراپ.
— ئىگەم مېنى ئەتىۋارلايدۇ
قالدىم ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياراپ.

كۈن چىقماستا قىرغا باغلايدۇ،
چىم، يۆگىمەچ يەيمەن تويغىچە.
ئايدىڭدا يەم بېرىدۇ ئايرىم،
يەيمەن ئېغىزنى بىكار قويغىچە.

قازان كەبى يوغىناپ شۇڭا،
لىغىرلايدۇ قۇيرۇقۇم لەرزان.
مېڭىشلىرىم خۇددى بەگزادە،
ھېچكىم مېنى ئالالماس ئەرزان.

ئاھ، سىلەرچۇ؟
قورايدەك ئورۇق،
بوينۇڭلار خۇددى ئىنچىكە تاناپ.
لاپ گەپ ئەمەس، قوۋۇرغاڭلارنى
بېرەلەيمەن خاتاسىز ساناپ...

پادىدىكى قويلار ئېچىنار،
باغلاقتىكى قويغا كۆز تاشلاپ.
ئاڭا ئەگەشكەن ئاپەت سايىسى
كۆپتەك سەمرىگەن كۈندىن باشلاپ.
ھەي ئىسىت!
ئۇنى قاقباش ئىگىمىز
قويماس ھەرگىز بىكارغا بورداپ.
بوغۇزىغا پىچاق تەڭلەيدۇ
قۇربان ھېيتتا پۇتىنى باغلاپ...

### دېۋەك قومۇش

«توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر،
ئادەمنى نومۇس»
— خەلق ماقالى

چەكسىز جاڭگال قىلىنىپ قامال

ياتار ئاق شور قوينىدا ئۇخلاپ.
ئىگىز ـ ئىگىز قۇمۇشلار ئۇندا
ئۆسكەن يۇلغۇن، يانتاقنى قورشاپ.
ئۇ مىسالى ھۆكۈمران خۇدا،
قول شىلتىيدۇ ئاق ساقال سىپاپ.
ئۇزۇن قۇلاق ئاقكۆكۈل توشقان
قۇمۇشلۇقنى ئەيلىگەن ماكان
ئۆزىگە ئەمگۈزار ـ پاناھ ھىسابلاپ.
بىراق، ناتىۋان بىچارە توشقان
يىسە قۇمۇشنى قۇرۇپ بەدەشقان؛
قورسىقىنى تىخى بولماستا توقلاپ
قىلىدۇ ئۇنى جىنىدىن جۇدا
ئۇچەي باغرىنى مۇجۇپ ـ ئازابلاپ.
ئۇنىڭ ئەكسىچەكەلسە يىراقتىن
كەلسە پايپاسلاپ كالانپاي كالا

ئۆزىنىڭ داردايغان تۇياقلىرىدا
قۇمۇشنى ۋەيران ئەيلىسە خارلاپ؛
قۇمۇش ئۇنى پالۋان دەپ قاراپ
توقتۇز تەزىم كەلتۈرۈپ بەجا،
ئۇنىڭغا جىنىنى قىلىدۇ پىدا
ياماپ يەڭ دەپ ھەريان ئىغاڭلاپ.
دىۋەڭ قۇمۇش مانا مۇشۇنداق
ئۆزىگە چىن ھەمراھ بولغاننى
ئۆلتۈرەر بوغۇپ ـ رەھىمسىز قىيناپ.
ئۆزىنى چەيلەپ ۋەيران قىلغاننى
بىشىغا ئىلىپ كۆتۈرەر ماختاپ...

مەڭگۈلۈك زىددىيەت

ئۇ ئاۋارە تورنى يىيىپ دان سىلىپ،
قۇش ئاۋارە توردىن قىچىپ جان ئىلىپ.

مۇھەممەتجان ئەمەت

## مارجان تاش رىۋايىتى

ئايرىلىش

چىكىنىپ تاشلىدىم كەينىمگە قەدەم،
يۈزلەندىم قىپقىزىل يالقۇن ئىچىگە.
قىزاردىم ئۇيۇلۇپ لالىدىن بەتتەر،
ياراشقان سۈرەتتەك قەغەز بىتىگە.

ئۇزۇلدى بىر دەۋر، يىگىلدىم بىر رەت،
ئويۇندۇر، ئۆلۈمدىن باشقىسى ھامان.

شۇ قەدەر قاتتىقلىق قىلدى بۇ زىمىن،
كاچاتلار يۈزۈمنى ئالچىغان بوران.
ئۆتمەكتە بىتاقەت ۋاقىت ئۇچقاندەك،
يۇلتۇزدەك كۆزلەردە چاقناپ تۇرار ياش.
شۇنداق ئۇن كىرمەكتە قۇلاققا، ئەمدى:
سەن ئۇچۇن ھاياتمۇ ماماتقا ئوخشاش.

ئەكەلدىڭ ماڭا!

سەن ماڭا ئەكەلدىڭ بىر يىڭى خەۋەر،
كىم، بىلسۇن، تاپارمەن تەگداشسىز روناق...

يوقاتتى ھەممىسى ئالدىڭدا ئىززەت،
بىلمەن مېنىڭمۇ تەقدىرىم شۇنداق.

ئېھتىمال چېكەمگە سوغلا بىر تىنىپ
«ئەزىزىم پېشانەڭ تەتۈرمۇ...؟»
دەرسەن.
مەن دەسلەپ ئاڭلىغان تاتلىق سۆزلەرنى
يۇمشاقلا ئېيتارسەن باشقا بىرىگە:
«مەن تۇنجى ئۇچرىتىپ ياقتۇرغان
ئەرسەن»
خاتاغا چىقسا گەر قىياسىم كورمەن،
لېمانچە تاتاردىڭ ئېيتىپلا بەر سەن...!؟

## مارجان تاش

سەن ماڭا ئەكەلگەن بۇ مارجان تاشلار
كۆرسەملا سىر سۆزلەپ كۆزۈمنى ياشلار.

بىلىمەن يېشىلى ئاسمانغا رەڭداش،
ئاتارغان بولۇتقا تەڭ قىلغىنىم يوق.
ئەلۋەتتە قىزىلى باردۇر كۆزۈمدە
زەر، ياقۇت ئەمەستۇر نۇرلىرى تولۇق.

ئۇنىڭدا دېڭىزنىڭ تۇزلۇق لەۋلىرى،
ئۇپۇقنى يالىشىپ چاكىلدىغان تىل.
بىپايان ساھىلنىڭ ئۇزۇك سۆھبىتى
ئەي مارجان، بۇ كېچە بارنى ئايان قىل...!

كىم كېلىپ سۆزلىدى بىر ساڭا تەنھا
كىم كەلدى شالاڭ چاچ، قولىدا قەلەم...؟
قالىچىلار قىيادىن ئۇچتى ئەبەدىلىك
قايتۇرۇپ بولالماي ئېغىر بىر قەدەم.

كۆكتىكى قۇياشتا بەخت بولسا گەر،
سوراپ باق ئۇنى سەن كۆلگەندە ئاپتاپ.

ھىلال ئاي باغرىدا بولسا تەمكىنلىك،
ئازدۇرغىن ئۇنى سەن بېغىڭغا باشلاپ.

مەن ساڭا ھەممىنى تەقدىم قىلىمەن،
بۇ پەقەت بوۋاقلار جەننىتى ئۈچۈن،
ئادەم ۋە ھاۋانىڭ ھىممىتى ئۈچۈن
ۋە يەنە سۆيگۈنىڭ قىممىتى ئۈچۈن.

سەن ماڭا ئەكەلگەن بۇ مارجان تاشلار
كۆرسەملا سىر سۆزلەپ كۆزۈمنى ياشلار.

مۇبادا سېنىڭدىن كەلسە ئەجىلىم
بولىمەن ئۆزۈمنىڭ خۇداسى ئۆزۈم.
ھودۇققان قىلىچتا تاتلىق بولۇر جان،
خائىندۇر ئۆزگىگە يېلىنسا كۆزۈم.

تاڭلارغا ئېگىلگەن خوراز بوينىدەك
چىرايلىق بىلەكلەر سوزۇلغان ئاڭا.
تاش ئۈچۈن مېنىڭدىن خالىغانىنى ئال،
قەدىردان، ھېچ نەرسە قالمىسۇن ماڭا.

دەم تارار باھارنىڭ خۇش پۇراق ھىدى،
دەم پاتار تېنىمگە ھەسەتخور ئازغان.
چىمەنلەر ئۈستىدە يېشىل شېئىرنى
بىلەمسەن ئەڭ دەسلەپ ساڭا كىم يازغان.

بېلىقلار شۇڭغۇيدۇ ئۇقچۇپ كۆزۈمگە،
دەم ئۆتسە شىلدىرلاپ سۇيى يوق ئېقىن.
ئېخ مېنىڭ بىباھا ئەزىز تاشلىرىم
يىغلايمەن، سىلەر بار كۆڭۈلگە يېقىن.

چۈش ئەمەس پارلىغان تاڭلارغا خۇشتار
كۆزۈڭدۇر چۆككىنى دېڭىزغا بىۋاق.
ھەر كۈنى كۆزۈڭدىن مىڭ قېتىم ئۇچار
پەرىلەر مەڭزىدەك شولىلار ئويناق.

سەن ماڭا ئەكەلگەن بۇ مارجان تاشلار
كۆرسەملا سىر سۆزلەپ كۆزۈمنى ياشلار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەسرۇللا ئابلەت

# شېئىرلار

## دوستلۇق كۈيى

تۇغار ئۈمىد، غايە، ئارزۇ، ئىشەنچ
تۇغقان كەبى كۈندە تاڭنى، زەر قۇياشنى.
بەل قويمىدۇ مۈشكۈل سەپەر، سەپەرداشلار
ئۆلپەت ئەتسە ئىناقلىقنى، چىن قاراشنى.
دوستلۇق دېگەن ئۈمۈتكە ئاقارغان تاڭ،
دوستلۇق دېگەن ئۇلۇغ نېمەت، بىباھا ئاڭ!

پەرۋاز قىلار چوققىلاردا تاغ بۈركۈتى،
ياشناپ تۇرار تاغ باغرىدا ئارچا، قارىغاي؛
ۋىنار بىلىق دەريالاردا شۇڭغۇپ ھەريان،
كۆك زىننىتى ھەسەن ـ ھۈسەن بولار، ئايھاي.
دوستلۇق دېگەن ئەركىنلىك ئۈچۈن
بىپايان كۆك،
دوستلۇق دېگەن يۈلەنچۈكتۇر تا مەڭ ـ
گۈلۈك.

مايسىلارنى ياشنىتىدۇ يېقىملىق ھاۋا،
يۈرەكلەرنى يايرىتىدۇ مۇڭلۇق ناۋا.
كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ئىنسانىنىڭ پاك
يۈرىكى
ھەر دەقىقە مەشرەپ قۇرۇپ سالار ساما.
دوستلۇق دېگەن كۆڭۈللەرنى ياشارتىدۇ،
دوستلۇق دېگەن ئۆمۈرلەرنى ئۇزارتىدۇ.

گۈل ـ گىياھنىڭ ئۆسۈشىگە تۇپراق
كېرەك،
سۇ ۋە ھاۋا، زىننىتىگە ياپراق كېرەك.
چۇۋۇۋەتسە ئۇۋىسىنى تۇزۇيدۇ قۇش،
تېرىقىمۇ ئۆسۈش ئۈچۈن قاسراق كېرەك.
دوستلۇق دېگەن ياشىشىڭغا سۇ ۋە ھاۋا،
دوستلۇق دېگەن دىل ئوزۇقى، خۇش خۇي ناۋا.

سەممىيلىك ھەمدە ئىشەنچ غۇلىماس تاغ،
ئالتۇن كەبى پارقىرايدۇ ۋەزنى ئېغىر.
ھەسەتخورلۇق، پىتنىخورلۇق، قۇتراتقۇلۇق
زەھەر تاشقان زەھەر ئۆسمە پۈتمەس يېغىر.
دوستلۇق دېگەن بارچە ئىشنىڭ كاپالىتى،
دوستلۇق دېگەن سەممىيلىك ئالامىتى.

باھار كەلسە يەر ـ زېمىنلار يايراپ كېتەر،
تاغ شاملى يان ـ يېنىڭدىن سۆيۈپ ئۆتەر.
چېچەك بەزەن تۇزۇسىمۇ جۇدۇن بىلەن
تېگىشمەي ئانا يەرگە كۈلۈپ چۈشەر.
دوستلۇق دېگەن قەلبلەردە يېشىل باھار،
دوستلۇق دېگەن چىن مۇھەببەت، ئوت ـ
لۇق باھار!

## ئۆمۈر قوشىقى

لېۋىمدە تەبەسسۇم، قەلبىمدە كۈلكە،
تۇغۇلار دىلىمدا ئۈمىد دەممۇ دەم.
تۈنلەردە كۆز يۇمماي سۈرىمەن خىيال
ئاي نۇرى كۆزنەكتىن چېچىلار شۇ دەم.

شۆھرىتىم بېزەكتۇر قۇسۇرلىرىمغا
كەينىمدە ئۆچمىگەن شوخ ياشلىقىم بار.
كۆز يېشىم تۆكۈلۈپ بولدى تۇزلۇق كۆل،
قۇرۇتتى كۈلكىرى ئۇنى شامالار.

ئاقاردى چېكەمدە بىمەھەل چاچلار،
كەچمىشىم ئەۋلادقا بولسۇن بىر ساۋاق.
ساقىغان يۈلتۈزدەك ئۆچسەم بىمەھەل،
قان رىڭى يوپۇقتۇر قەبرەمگە بىراق.

## ماڭا قاراپ كۈلگىنە...

ماڭا قاراپ يىلىلىقىنا كۈلگىنە،
قىيا بېقىپ كۈلۈشۈڭگە ئاشىقمەن.
يۈرەك پارەم، دىلئارامىم كەلگىنە،
مېنى يىپسىز باغلىۋالغان مەشۇقسەن.

ھاياتىمىز مۇھەببەتلىك ئۆتسىدۇ،
بىزنى ئىقبال قۇچاق ئېچىپ كۈتسىدۇ؛
ئەقىل بىلەن ئىش قىلىمىز ئەمدى بىز
سۆيگۈ دېگەن گۈل - چېچەكلىك كۆلۈدۇ.

ماڭا قاراپ ۋىلىقىدە كۈلگىنە،
نۇر تۆكۈلۈپ تۇرار سېنىڭ كۈلكەڭدىن.
سەن ۋاپادار نۇر ھالقىسى ئاسمىسەن،
بىر شەجەرە پۈتەي سېنىڭ ئۈلگەڭدىن.

ماڭا قاراپ پىسىڭگىدە كۈلگىنە،
چەكسىز بەخت كۈلمىكىڭمۇ مەن ئۈچۈن.
تىك تۇرىمىز تۆھمەت قىلسا جادۇگەر،
ئىجاد ئىچرە ياشىشىمۇ سەن ئۈچۈن.

ھايات دېگەن چەكلىك كېلۇر ۋە لېكىن،
ئۇزۇق كەبى بىخ سۈرەرمەن ئاخىرى.
تىكەن ئۈنسە شۇ قىسمەتكە نە چارە؟
بولسام ياخشى زۆھرەجاننىڭ تاھىرى!

ئۆمەرجان مۇھەممەدى

# دولقۇنلايدۇ دىلىمدا سۆيگۈ

## ھايات سىرى

مەلىرىل تامان كېتىپ بارىمەن،
ئەگرى - توقاي توپىلىق يولدا،
كېچە - كۈندۈز كەلمەس توختىغىم،
چۈنكى ھايات مەشئىلىم قولدا.

يولۇمدىكى توپا - توزانلار
بولغۇۋەتتى ئۈستىبېشىمنى،
تىنجارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە،
تالاي قېتىم سەپتىم يېشىمنى.

كار قىلمىدى شۇنچە تۆككەن ياش،
قاتمىدى يول، بېسىلمىدى چاڭ.
ئۈستىبېشىم بولغانسىمۇ گەر،
بولغانمىدى مېنىڭدىكى ئاڭ.

بولغانمىغاچ مېنىڭدىكى ئاڭ،
بىلدىم ھايات سىردىنى ئېنىق.
يىغا بىلەن ئاقمايدىكەن ئىش،
جۈرئەت لازىم ئىكەن ھەر تىنىق.

## يۈرىكىمنى ئەزمەكەن دىلبەر

كۆزلىرىڭدىن ئاققۇزۇپ كۆپ ياش،
يۈرىكىمنى ئەزمىگىن، دىلبەر،
ئۇرۇپ ئىزگۈ خىياللارغا باش،
ھىجران چۆلىنى كەزمىگىن، دىلبەر.

ئەسىر بولساڭ بەڭباش- خىيالغا،
يىغلىتىدۇ بىزنى ئاشۇنداق.
قويۇپ مېنى بىچارە ھالغا،
ئاھ، يۈرىكىڭ چىدايدۇ قانداق؟

ئاھ، يۈرىكىڭ چىدايدۇ قانداق؟
ساڭا تەشنا يۈرەك يىغلىسا.
سەن يوقاتساڭ شۇنداق ئۆزۈڭنى،
ۋىسال پەيزىن سۈرىمىز قانداق؟!

## مەن ئاي بىلەن مۇڭداشقان كىچە...

سېغىنىشنىڭ ئوتلۇق ھېسلىرى
دىل خانەمنى قىلدى مالىمان.
بولدى ئۇلپەت شېرىن خىياللار،
يەنە تاڭغا ئۇلاشتىم ئامان.

ئاي سىردىشىم، خىياللار ئۇلپەت،
سىردىششتا ئۆتتى كېچىلەر.
تۈن قوينىدا تۇنجىقاركەنمەن،
ئاھ، ئۇلارمۇ قېيدىسا ئەگەر.

ئۆتتى شۇنداق تالاي كېچىلەر،
ئايغا قاراپ خىيال سۈرۈشتە.
سېنى بەلكىم شېرىن چۈشلىرىڭ
تاي ـ تاي قىلىپ يۈرەر ئەرىشتە.

كۈندۈزلىرى ئىزدەپ ئىزىڭنى،
كېچىلىرىم ئۆتمەكتە شۇنداق.
سوئالىمدىن رەنجىمىسە ئەركەم،
سەن ھىجرانغا چىدىدىڭ قانداق؟

مەن ئاي بىلەن مۇڭداشقان كېچە،
سەنمۇ ئايغا باقامدىغانسەن؟
مەن ئاققان شۇ شېرىن خىياللار
دەرياسىدا ئاقامدىغانسەن؟

## كۆڭلۈمدىكى توقۇنۇش

جىمجىت كېچە ـ ئۇيقۇدا ھەممە،
(كائىناتمۇ كەتكەن ئۇيقۇغا)
دىل خانەمدە ھىجران لەشكىرى
قىلدى ھۇجۇم شېرىن تۇيغۇغا،

قىلدى ھۇجۇم شېرىن تۇيغۇغا،
كۆڭۈل خانەم مىسالى جەڭگاھ.
تەلپۈنىدۇ ھېسلار چوققىغا،
ئورنۇالدى بىراق سوغ نىگاھ.

ئورنۇالدى بىراق سوغ نىگاھ،
ئاداشمىدى ھېسلار نىشانىدىن.
يا ئۇلاردىن چىقمىدى بىر ئاھ!
ۋىسال ئۈچۈن كەچكەچكە جانىدىن...

ۋىسال ئۈچۈن كەچكەچكە جانىدىن،
شېرىن ھېسلار يەتتى ۋىسالغا.
كۆڭلۈم تىنىپ مېنىڭمۇ ئانىدىن،
قاراپ قالدىم كۆككە ـ ھىلالغا.

## ئۆلگەن تىلەك

سۆيگۈ ئىزدەپ باقسام يۈزىڭگە،
قادالغان مىق... بولدۇم كۆزۈڭگە.
تالاي دەردكە چىدىغانىدىم،
چىدالمىدىم ئاشۇ سۆزۈڭگە.

ئاھ، سېنىڭ شۇ بىر جۈملە سۆزۈڭ،
ئۆلۈم ھۆكۈم قىلدى تىلەككە.
مەنلا كەتسەم ساقىيار كۆزۈڭ،
سەنمۇ شىپا بولغىن يۈرەككە.

## سۈزۈك سۇلار

سۈزۈك سۇلار، ئاھ، سۈزۈك سۇلار،
سېنى زېمىن زىننىتى دەيمۇ؟
گۈللىنىدۇ سەن بىلەن ھايات،
سېنى ھايات قىممىتى دەيمۇ؟

سۆزۈك سۇلار، ئاھ، سۆزۈك سۇلار،
زوقلىنىمەن ئېقىشلىرىڭغا.
مىڭ كۆز بىلەن باققۇم كېلىدۇ
يەرگە باغرىڭ يېقىشلىرىڭغا...

سۆزۈك سۇلار، ئاھ، سۆزۈك سۇلار،
خىسلەتلەرگە بايسەن ئاشۇنداق.
ئۇلۇغلاشقا خىسلەتلىرىڭنى
كەمتۈك تىلىم يېتىدۇ قانداق؟

خىسلىتىڭگە يەتمەيدۇ سۆزۈم،
ھەتتا تامچەڭ تېشىدۇ تاشنى.
ئاھ، شۇ تامچەڭ ئۆگەتتى ماڭا
بۇ ھاياتتا قانداق ياشاشنى.

## ھايات ۋە مەن

ھايات ماڭا ئەقىل بەردى- كۆز بەردى،
شۇ كۆزلىرىم بىر پەللىنى كۆزلەيدۇ.
ھايات ماڭا زۇۋان بەردى- سۆز بەردى،
شۇڭا تىلىم ئادالەتنى سۆزلەيدۇ.

ئازدۇرالماس مېنى نازلىق كۈلكىلەر،
مەن ھاياتقا شۇ كۆزلەردە باققاچقا.
قورقىتالماس مېنى قاۋان، تۈلكىلەر،
ئەل باغرىغا مەن باغرىمنى ياققاچقا...

مەن ھاياتقا شۇ كۆزلەردە باقىمەن،
دولقۇنىدا مەنزىلسىرى ئاقىمەن.

## ئاتۇش قىزىغا...

قارىغانچە كېلەر قارىغۇم،
قۇياشتىن نۇر ئالغانمۇ يۈزۈڭ؟
ئاڭلىغانچە كېلەر ئاڭلىغۇم،
ئەنجۈردىن تەم ئالغانمۇ سۆزۈڭ؟

قاراپ تويماي، چۆككۈم كېلىدۇ،
بۇلاقتىن سىن ئالغانمۇ كۆزۈڭ؟
يۈرىكىڭگە مۆككۈم كېلىدۇ،
پەرىشتىمۇ- ئىنسانمۇ ئۆزۈڭ؟

پەرىشتىمۇ- ئىنسانمۇ ئۆزۈڭ؟
بېغىشلانسۇن ماڭا چىن سۆزۈڭ.
سەن ئەگەردە ئىنسان سانالساڭ،
سېھىرگەركەن ئاشۇ جۈپ كۆزۈڭ.

## دوستلىرىمغا

قالدىڭلارغۇ ئەجەب ھەيران، دوستلىرىم،
كەلسەم قايتىپ ئىنىستىتۇتنى پۈتتۈرۈپ.
ياكى ئاشۇ پاك دىلىڭلار ئېكرانى
قويغانمىدى ئوبرازىمنى يىتتۈرۈپ.

ۋە يا مېنى ئاشۇ گۈزەل شەھەردىن،
بۇ سەھراغا قايتا كەلمەس دېگەنمۇ؟
ئاھ، ئۈزۈلدى دوستلۇقىمىز رىشتى دەپ،
ئەبەدىيلىك ھىجراندىن غەم يېگەنمۇ؟

كېلىڭلار تېز، سىردىشايلى دوستلىرىم،
بىزنى تۇغقان مۇشۇ سەھرا ئەمەسمۇ؟
ئۆچۈرەلمەس دىلىدىن ئۇنىڭ ئىشقىنى
ھاياتتىكى مىڭ ئېزىتقۇ ھەۋەسمۇ.

ھەيران بولماڭ شۇڭا ئەزىز دوستلىرىم،
قايتقىنىمدىن ئانا سەھرا قوينىغا.
ئاساي دەيمەن ئىجادىمدىن زەر مونچاق،
مۇشۇ سېخىي- پاك دىل ئانام بوينىغا.

غەنى رەشىدى

# شېئىرلار

## نېمە سىر بار ئىكەن مۇقام كۈيىدە...

ياش قېنىمنى ئۇرغۇتقان ئاسماندىكى پەرىمۇ؟
ياق-ياق، ئەمەس، مۇقامىم ئۆزۈڭدۇرسەن دىل سۆيگەن.
ئاڭلىغىنىم جەننەتتىن چىقىۋاتقان ناۋامۇ؟
كۈيلىرىڭدۇر مۇقامىم يۈرەك كۆيگەن، مەن كۆيگەن.

ئاڭلىغاندا ھەر قېتىم يۈرىكىمنى بېرىمەن،
ئەللەيلىنەر بىر تاتلىق كۈيلىرىڭگە بۆلىنىپ.
خىيالىمدا شوخلىنىپ بىر جەننەتكە كىرىمەن،
بىراق ئۇندا ياشايمەن بىر ساڭىلا يۆلىنىپ.

چىققىنىمدا سەپەرگە كېچىلەردە يىراققا،
قۇلىقىمغا ئۇلاقلىق مۇقامىم بۇ شۆھرىتىم.
ئەگەر دېسەم بىر قىزغا چىدىمىدىم پىراققا،
شۇ گۈزەلمۇ ئېھتىمال سېنى ئېيتقان بىر قېتىم.

ئاپئاق ساقال بوۋاينىڭ ئوينىغىنى نېمە ئىش؟
چالغىنىدا ناغرىلار كۈيلىرىڭنى ساماغا.
سەن بار يەردە بولامدۇ بوران، يامغۇر، ئاياز قىش؟
سېنىڭ كۈيۈڭ بىز ئۈچۈن تەڭسىز تاڭ ھاۋاغا؟!

تەنھا يۈرگەن چاغلاردا غېرىبسىنىپ، مۇڭلىنىپ،
مۇڭلىرىمغا مۇڭ بولغان سەن ئۆزۈڭسەن مۇقامىم.
ئېزىپ قالسام يولۇمدا ئارزۇلىرىم بۆلىنىپ،
ئۈمىدىمنى ئۇلغايتقان سەن ئۆزۈڭسەن مۇقامىم.

تۇيغۇلارنى كۆپ بەردىڭ، نېمە سىرىڭ بار ئىكەن؟
مىسرا تىزىپ يۈرىكىم قىلدى بەكمۇ تەنتەنە.
خەقلەر سەندىن سورىسا مەن تىزىمىم بىر خان دېگىن،
كۈيۈك سېنىڭ خانتاجىڭ، كۈيۈك سېنىڭ ئەنئەنە...

## كۆرسەم ھەر قېتىم ئۇماق كۆلكەڭنى

كۆرسەم ھەر قېتىم ئۇماق كۆلكەڭنى،
مۇجەسسەم بولىدۇ باغرىمغا باھار.
قەيەردىن تاپىمەن سېنىڭ ئۈلگەڭنى،
مۇناسىپ تۇرسەن بولۇشقا دىلدار.

ئىشقىڭدا ئۆرتەندى سۆيگۈلۈك يۈرەك،
كۈيىدۇ مىڭ دوزاخ ئوتى ئىچىدە.
كۆلۈشىڭ بېرەلمەي نېمىدىن دېرەك؟
سوئالغا بوغۇلدۇم ھەربىر كېچىدە.

ئېھ، ئۇماق، سېھىرلىك، جەلىبكار كۈلكە،
بېرىسەن جېنىمغا ئالەمچە ھۇزۇر.
ئېھ، كۈلكە ئوخشايسەن بەك رەيھانگۈلگە،
سادىيىڭ ئىچىدە كېلەر نۇ پۇزۇر...

## ئازاب

ئۇزاپ كەتتىڭ كۆلبەمدىن ئۇماق،
مۇڭغا چۆكۈپ قالدىم مەن تەنھا.
بولۇپ قالدىم يېگانەدەك چوماق،
سوغ بىلىندى ئەجەب بۇ دۇنيا.

يوللىرىڭدا ماڭدىم نەچچە رەت،
كۆڭلىگىنىم ئىزىڭگە ئايان.
باغلانغانتىم ساڭىلا پەقەت،
سۆيمىكىمدۇ بولمىغان ئاسان.

ئەمدى بىلدىم، سۆيۈش ئاسانكەن،
كېتىشىڭنىڭ ئازابى يامان.

## يۈرىكىمدىن تارىغان ئاۋاز

تارام ـ تارام سىزىلغۇك تاغ سۈيى
ئېقىپ كېلىپ باشنى قوشۇپتۇ.
سەيياھلارنىڭ كۆڭلىنى تارتقان
شارقىراتما ھاسىل ئېتىپتۇ.

شارقىراتما ھەيۋەت ۋە ئۇنلۇك،
تاغ ئىچىدە ساداسى ياڭرار.
خىياللىرىم شاشلاشسا تۇرلۇك،
يۈرىكىمدىن بوم ئاۋاز تارار:

قېرىندىشىم، تۇغقىنىم، دوستۇم،
ئۆتۈشمەيلى تىللاپ سوقۇشۇپ.
تاغ سۈيىدەك ئۇرغۇتۇپ روھنى،
شارقىرايلى مەھكەم ئۇيۇشۇپ.

## خۇشال بالا

بىر جۈپ يېڭىك بىلەككىچە تۈرۈلگەن،
قەدەملىرىڭ شۇنچە چاققان ھەم مەزمۇت.
نىگاھلىرىڭ ئۈپۈق تامان سۈرۈلگەن،
ئويناق كۆزدىن تۆكۈپ ـ تۆكۈپ زىيا ـ قۇت،
زەڭگەر ئاسمان، دالا ياتار ئالدىڭدا،
(دالا ئۈستى لەيلەپ يۈرگەن ئاق بۇلۇت).

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھارماقلىرىڭ بۇدرۇقىنە ئېچىلغان،
يېنىڭ تەۋرەر بۇدۇر - بۇدۇر چاچلىرىڭ.
سەبىي يۈزدە جىلۋە قىلسا تەبەسسۇم،
ئويناپ تۇرار قارا - قارا قاشلىرىڭ.
بىلگۈم كېلۇر ئىنىم سېنىڭ ئىسمىڭنى،
ھەم قاياققا چۈشتى ئۇزۇن سەپىرىڭ؟

## ئۆتۈنۈش

لىگاھلار ئۇچراشتى، پارلىدى چېقىن،
داجىدىك شۇلچە تېز، ئەپقاچتى ئېقىن.
كۆزلىرىم تېنىماستىن ئىزدەيدۇ سېنى،
يۈرىكىم سېزىدۇ تۇرغاندەك يېقىن.
ئوماق قىز، يۈز ئېچىپ يا بېرىل ماڭا،
يا، چورتلا دالدا ۋە كۆكۈمغا بېقىن!

## ئەمەلىيەت

ئالدىڭدا يېشىللىق چۆللۈكتىن چىقساڭ،
چاڭقاپ كەتسەڭ ھەم سۈپسۈزۈك دەريا.
تەنھالىقتا قولاقنى باغرىڭغا تۇتساڭ،
ئاڭلايسەن يېقىملىق گۈزەل بىر ناخشا.

ياغمۇردىن زارلىنىپ تىللارسەن بەلكىم،
ھەسەن - ھۈسەندىن يۈرۈپ بىخەۋەر.
ئوچۇق كۆنلەردە ئاڭلامسەن، دەركىم:
شايىدىن ئاسمان ھەم گالستۇك چېكەر.

ۋىسالنى كۈتسەن ھىجراننى يېڭىپ،
ئازابى پەقەتلا ئۆزۈڭگە ئايان.
قانغۇچە بىر مەھەل كۆكسۈڭگە تېڭىپ،
ساقلاپ تۇرىدۇ ئىشكتە ھىجران.

لە ئامال؟ خىلمۇ خىل تۇرمۇش ئىشقا،
ھەم قىلىپ ئىلتىجا ھەتتا تەڭرىگە.
گاھى ئۇرالساڭ بەخت لۇرىغا،
گاھى بەختسىزلىك چۈشەر يەلكەڭگە.

## يۇلتۇز

(1)

يۈرىكىمدەك غۇبارسىز- ئاپئاق،
بىراق،
يۈرىكىمدەك ئۆزۈمدە ئەمەس.
جۈپ كۆزۈمدەك ئۇمتىلسەن ھەم،
ئۇلاردەكلا نۇر چېچىشىڭ تەس.

(2)

پىلدىر-پىلدىر مەيۈس تۇرۇپسەن،
قارا تۈنگە ئېسىلىپ مەھكەم.
سولغۇن چىراي، سولغۇن قاراشتا،
كۆيۈپ تۇرغان ئىچىڭ ۋە تېشىڭ،
ئورىۋالغان سېنى قانداق غەم.

(3)

كۆرۈپ تۇرقۇڭنى
سىلاپ كەتتىم باغرىمنى يۈرىكىمنىڭ
ئۆزۈمدىلىكىگە قىلىپ گۇمان ھەم
ھەر كېچە بولارمۇ
ئاسمانغا دەپ يەم...

## چاچمىغىن ھەسەتنى بىزنىڭ يوللارغا

چاچمىغىن ھەسەتنى بىزنىڭ يوللارغا،
يۇلغۇنلار ئورنىدا ئۆسمىسۇن شۇۋاق.
يۈرگەندە كەشمىز سەبىي باللار
تىكەن بوپ كىرمىسۇن تاشلانغان تىرناق.

ئاسمىنى ھەسەتنى بىزنىڭ يوللارغا،
كۆككۈلەر يولىنى قىلمىسۇن يىراق.
قولى گۈل ئىشچانىنىڭ ئەجرىنى دەسسەپ،
ئاتلىق يورگەنلەرنى قويمىسۇن ياياق.

ئاتمىغىن ھەسەتنى بىزنىڭ يوللارغا،
ئوق بولۇپ تەگمىسۇن ئۆلپەتلىرىڭگە.
ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بولمىسۇن دۇچار
بىر چاغلار يار بولغان كۆلپەتلىرىڭگە.

ئاققۇزما ھەسەتنى بىزنىڭ يوللارغا،
بۇلغىنىپ كەتمىسۇن شۇ ئەزىز تۇپراق.
سۇمۇ دەپ ئىچمىسۇن كىشىلەر ئۇغا،
بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۆلگىنى خوپراق.

## تۇرمۇش

بىر كۆزۈڭدە ھېسابسىز شادلىق،
بىر كۆزۈڭدە يىغا بىلەن غەم.
بىرگە گۈلسەڭ شېرىن ۋە تاتلىق،
بىرگە بەردىڭ ئالدىمچە ئەلەم.
ئاھ، قانداقچە سىرىڭ بار ئىكەن،
بار قىلىقىنى قىلغان مۇجەسسەم.

## رېئاللىق

سەن چۈشەيسەن ئويغاق تۇرۇپمۇ
رېئاللىقتا كېپەنلەر يېپىپ.
بىراق ئۇنىڭ جېنى چىڭ ئىكەن،
خەزىنەڭدىن ئوغرىلار ئالتۇن،
كۆزلىرىڭگە لەۋھەلەر ئېسىپ.

## يوللۇرۇڭدا قوقاس بولار مىسرالار

سەن ماڭغان شۇ يوللار، سەن باسقان قەدەم
سۆيگۈلۈك قەلبىمگە ئەجەبمۇ تونۇش.
قايرىلداي كېتىپ سەن قىلساڭمۇ ئەلەم،
شېئىرىم ئارزۇسى ئىزىڭدا بولۇش.

ئاھ، مېنىڭ كۆيلىرىم بېرىدۇ چىدام،
سىمايىڭ يۇتكەنگە، كەلگەنگە قەدەر.
ئەمەستۇر ئۇ زىنھار ئالا ۋە سىدام،
رەڭلەر ۋە سۆيگۈگە ئەبەدىي جەۋھەر.

بۇ مېنىڭ چوغلىنىپ كەتكەن مىسرايىم
يولۇڭدا ئازغاشاڭ كومپاس بولىدۇ.
ۋە يەنە قوقاستىن يوللايدۇ سالام،
بىلەمسەن، چوغ كۆيسە قوقاس بولىدۇ.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

**«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ**

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا چىقىدىغان، جۇڭگودىكى مىللەتلەرگە ئائىت مەسىلىلەر بويىچە نوپۇزغا ئىگە، سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېردىكى بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك ئۇيغۇرچە قوش ئايلىق ژۇرنال. ئۇ، پارتىيىنىڭ مىللەتلەرگە ئائىت سىياسەتلىرىنى، مىللەت نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىدۇ، مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى، مىللەتلەر خىزمىتى ۋە مىللىي رايونلار خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ۋە تەجرىبىلىرىنى خەۋەر قىلىدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇ-تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ژۇرنالدا يەنە تۇرمۇش بىلىملىرى سەھىپىسى، ئەدەبىيات سەھىپىسى، 8 بەتلىك بەدىئىي سۈرەت سەھىپىسى بار. مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى، ئەسەر ئەۋەتىشىڭىزنى قارشى ئالىمىز. ھەر يىلى 11-ئايدىن باشلاپ كېلەر يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ. پوچتا ۋەكالەت نومۇرى 117-58، يىللىق باھاسى 6 يۈەن.

**«جۇڭگو مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى نەشرىياتى شىنجاڭ شۆبىسى**

www.uyghurkitap.com



مەھەممەتجان سادىق

# تېيىپجان ئېلىيېۋ ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتى

## 1

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئىككى يىل بولدى.

تېيىپجان 1930-يىلى 4-ئايدا ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق كونا قورغاس ناھىيىسىنىڭ چېلىپەگزە بازىرىدا مەرىپەتپەرۋەر، ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئېلىيېۋ شائىرنىڭ فامىلىسى بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئىسمى زاكىر خەلپەم ئىدى. ئەل-جامائەت ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بۇ ئادەم ئىلىم-پەننى قىزغىن سۆيىدىغان زات، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تەربىيىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان كۆيۈمچان، تەلەپچان ئاتا ئىدى، دائىم ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بىلىملىك، ئەخلاقلىق، ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىشىغا ھەر جەھەتتىن دىققەت قىلاتتى. تېيىپجان ئۆز ئائىلىسىنىڭ ياخشى تەربىيىسى ۋە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەقىل-ئىدراك، ئۆتكۈر زېھنىي قابىلىيىتى بىلەن كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك بولۇپ ئۆستى. مەھەللىدىكى چوڭلار «زاكىر خەلپەمنىڭ بۇ بالىسى بەكمۇ ياخشى بالا بوپتۇ، ‹ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا› دېگەن گەپ راست ئىكەن» دەپ ماختاشسا، تەڭتۇشلىرى ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى.

تېيىپجان 7-8 ياشلارغا كىرگەندە ئاتىسى زاكىر خەلپەم ۋاپات بولۇپ، ئانىسى بىلەن ئاكىلىرىنىڭ تەربىيىسىگە قالدى. ئۇ، ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۆز مەھەللىسىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇدى، كىچىكىدىنلا زېرەك، ئەقىللىق ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىك بولغان تېيىپجان ھەممە دەرسلەردە ئەلا بولۇپ، مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن سۆز مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەردە دائىم بىرىنچىلىكنى ئالاتتى. ئۇ ئوقۇشقا شۇنچىلىك بېرىلدىكى، ھوشۇق، تەپكۈچ قاتارلىق بالىلار ئويۇنلىرىغا يېقىن يولىمايتتى، ئۇ مەكتەپكە كىرگەن 2-يىلى سىنىپ ئاتلاپ 3-سىنىپقا كۆچتى. مەكتەپكە بىللە كىرگەن ساۋاقداشلىرى باشلانغۇچ مەكتەپنى (ئۇ چاغلاردا باشلانغۇچ مەكتەپلەر 4 يىللىق ئىدى) تۈگەتكەندە، تېيىپجان تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 2-يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتى.

ئوقۇشقا پۈتۈن ئىسى-يادى بىلەن بېرىلگەن تېيىپجاننىڭ بىردىنبىر دوستى

كىتاب ئىدى. ئۇ دەرسلىرىنى تەكرارلاپ، تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، تا يېرىم كېچىلەرگىچە كىتاب ئوقۇيتتى، خاتىرە يازاتتى. ئۇ چاغلاردا ئىلىم - پەنگە دائىر كىتاب - ژۇرناللار، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىلى رايونىغا ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرەتتى. بۇ كىتاب - ژۇرناللارنىڭ بىر قىسمى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر يېزىقىدا بولسىمۇ، كۆپ قىسمى سىلاۋىيان يېزىقىدا ئىدى. تېيىپجان تىرىشىپ ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ يېزىقنى ئۆگىنىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ كۆپ كىتاب - ژۇرناللارنى كۆرۈپ، بىلىمىنى تېخىمۇ كۆپەيتتى.

تېيىپجان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، سوۋېت كىتاب - ژۇرناللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىدىيە جەھەتتىن خېلى ئالغا بېسىپ، ئەكتۇش ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا تەشۋىقاتچى بولۇپ قالغانىدى. بۇ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تازا غالجىرلاشقان، خەلقنىڭ ئۇنىڭغا قارشى غەزەپ ئوتلىرىمۇ كۈندىن كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان مەزگىللەر بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھەممىلا جايدا تىمىسقىلاپ، خەلقنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالغانىدى. ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسى سىڭگەن سوۋېت كىتاب - ژۇرناللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن دۇنيا قاراش جەھەتتە ئۆز ساۋاقداش - ئەكتۇشلىرىدىن خېلىلا ئېزىزۈپ كەتكەن تېيىپجان ۋەزىيەتنىڭ شۇنداق جىددىي بولۇشىغا قارىماي، ئۆزىگە ئىشەنچلىك بولغان ساۋاقداش - دوستلىرىغا ئۆزى ئوقۇغان كىتابلار ھەققىدە، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەھۋالى، دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا بولۇۋاتقان ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەتتى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ خەلقىمىزگە سېلىۋاتقان جەبىر - زۇلمى، ئويغىنىپ كۆرەش قىلغاندىلا ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەشۋىق قىلاتتى. تېيىپجاننىڭ بۇنداق ئىنقىلابىي تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشىنى بىرەر مەخپىي تەشكىلات ئورۇنلاشتۇرمىغان بولسىمۇ، شۇنداقلا ئۇ ئاڭلىق ئىنقىلابىي تەشۋىقاتچى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۆزلۈكىدىن قىزغىنلىق بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ باردى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ماركسىزم - لېنىنىزملىق كىتابلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئويغىنىشقا باشلىغان تېيىپجان ھاياتنى كۆزىتىپ، ھاياتنى چۈشىنىپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارىنى ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا يېتىلدۈرۈشكە باشلىغان. ئۇنىڭ 15 يېشىدا — 1945 - يىلى يازغان «جەڭچى ئاكامغا» دېگەن شېئىرى بىزنىڭ يۇقىرىقى كۆز قارىشىمىزنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

شېئىرنىڭ تولۇق تېكستى مۇنداق ئىدى:

بىللە بارماق بولغىنىمدا سەن بىلەن،
كومىسسىيە كىچىك دېدى يېشىمنى.
ئۆسكەن بولسا بويۇم يەنە بىر غېرىچ،
فرونتلاردا كۆرسىتەتتىم كۈچۈمنى.

بىلەلمىدىم، كومىسسىيە دېگەنلەر
ئىرادىسىنى ئۆلچەمدىكىن ياش بىلەن؟!

ئالغان بولسا كىچىك دېمەي يېشىمنى،
ئېلىشاتتىم دۈشمەن دېگەن نەس بىلەن!

ئاڭلا ئاكا، بۇ يىل ئۆستى بويۇممۇ،
ھېچ گۇمانسىز ئەسكەرلىككە يارايمەن.
يات ئارىدا بېرىپ سېنىڭ قېشىڭغا،
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىمەن، ھارمايمەن!

www.uyghurkitap.com

1944 - يىلى كۈزدە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى. ئىلى رايونىدىكى مەكتەپلەر بىر مەزگىل تاقىلىپ قالدى. لېكىن تېيىپجاننىڭ بىلىم ئېلىش تەشنالىقى زادىلا قانمىدى، تىرىشچانلىقى بىر ئازمۇ ئاجىزلاشمىدى. ئىلى ۋادىسى ئازادلىق نۇرىغا چۆمۈلگەندىن كېيىن، ئىلىم - پەن، مەرىپەتكە تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىلدى. بۇ يېڭى دەۋردە تېيىپجان تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق، ئوتلۇق ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىشكە بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بەدىئىي ئىجادىيەتكە ھەۋەس باغلاپ، شېئىر يېزىشقا باشلىدى. 15 يېشىدىن (1945 - يىلىدىن) باشلاپ ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۈچ ۋىلايەت گېزىت - ژۇرناللىرىدا كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىنىشقا باشلىدى. شائىر ئۆزىمۇ 1985 - يىلى نەشر قىلىنغان «تاللانغان شېئىرلار» توپلىمىغا يازغان كىرىش سۆزىدە: «مەن شېئىر يازغىلى 40 يىل بولدى» دېگەنىدى.

شائىر بەدىئىي ئىجادىيەتكە ئادەتتىكى قىزغىنلىق بىلەن ئەمەس، ئالاھىدە زور قىزغىنلىق بىلەن كىرىپ كەلگەنىدى. بۇنى تۆۋەندىكى ۋەقەدىن ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ: تېيىپجاننىڭ دادىسى زاكىر خەلپەم مۆتىۋەر خاتىپ بولغاچقا، ئوغلىنىمۇ كىچىكىدىلا قارىيلىقتا ئوقۇتۇپ، 30 پارە قۇرئاننى تولۇق ياد ئالغۇزۇپ، مۇكەممەل قارىي قىلىپ چىققان، تېيىپجان خەتمىلەردىنمۇ بىر قانچە قېتىم ئۆتكەنىدى. ئۆزىنى بەدىئىي ئىجادىيەتكە بېغىشلاپ، يېزىقچىلىققا قاتتىق كىرىشكەن كۈنلەردە، مەھەللە جامائىتى تېيىپجاننى مەرھۇم ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئىمام قىلماقچى بولغان. بۇ چاغدا يا ئىمام بولۇش، يا شائىر بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى يول ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. تېيىپجان قىلچە ئىككىلەنمەستىن، ئۆزى سۆيگەن شائىرلىق يولىنى تاللىۋالدى. يۇرتىدىن قېچىپ چىقىپ غۇلجىغا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت گېزىتى ئىدارىسىدىن باشپاناھلىق تىلىدى. بولغۇسى بۈيۈك شائىرنىڭ بۇ قەيسەر ئىرادىسى، ئىجادىيەتكە بولغان يۈكسەك قىزغىنلىقى گېزىتخانىدىكى يولداشلارنى تەسىرلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن گېزىتخانا رەھبەرلىكى تېيىپجاننىڭ يۇرتداشلىرى بىلەن خېلى ۋاقىت تالاش - تارتىش قىلىپ، ئاخىرى ئۇنى ئۆز سېپىگە قوشۇۋالدى. شائىر 1981 - يىلى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى — قورغاسنى زىيارەت قىلدى. ئۇ «باققانسېرى باققۇسى» كېلىدىغان، مېھرى سىڭگەن باغرىنى «ياققانسېرى ياققۇسى» كېلىدىغان ئەزىز يۇرتى ھەققىدە يازغان «يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەنلىرىم» دېگەن شېئىرىدا، شۇ يىللارنى ئەسلەپ مۇنداق يازغانىدى:

مەن ئەمەسمۇ
قانچە قىلسىمۇ،
زاھىت يولىغا زادى ماڭمىغان؛
«پوشكالچى بولغۇم كەلمەيدىكەن» دەپ
خەلپىتىمدىن قارغىش ئاڭلىغان.

مەن ئەمەسمۇ
لوتۇننى دوراپ،
قىزىل نۇرغا تەلپۈنۈپ ماڭغان؛
پەرۋا قىلماي سوغۇق كۈلكىگە،
شېئىرىيەت ئىشقىدا يانغان.

بۇ مىسرالار ھەقىقەتەنمۇ شائىرنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىنىڭ ئەڭ چىن، پارلاق سۈرىتى!

تېيىپجان گېزىتخانىدا گېزىتنىڭ «ئۆسۈش» بېتىگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى تەرلەپ - پىشىپ، ئىنىماي ئاققا كۆچۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي خىزمىتى ۋە ھاياتىنى باشلىدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي تېيىپجان «ئالغا» گېزىتىگە يۆتكىلىپ، كوررېكتورلۇققا بەلگىلەندى. ئالانتلىق يىگىت ئۇزاققا بارماي تەھرىرلىككە ئۆستۈرۈلۈپ، ھەممىدىن ئۆزۈپ كەتتى. ئىجادىيەت جەھەتتىمۇ مول مېۋە بېرىپ، تېزلا جامائەتچىلىككە تونۇلدى. تېيىپجاننىڭ بۇنداق تېز ئۆسۈشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي بولماي، بەلكى دەل ئۆزىنىڭ «قىزىل نۇرغا تەلپۈنۈشى»، بەدىئىي ئىجادىيەتكە بولغان كۈچلۈك قىزغىنلىقى، ئىنىماي ئۆگىنىشى ۋە ئىزدىنىشى، جاپاغا چىداپ ئەمگەك قىلىشىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

تېيىپجاننىڭ ھارماس قەلىمى 1945 - يىلدىن باشلاپ، تاكى 1989 - يىلى شائىر ئىنقتىن توختىغىچىلىك بىردەممۇ تىنىمىدى. ئۇ مىڭدىن ئوشۇق شېئىر يازدى. شېئىر، داستان، ناللادا، رۇبائىي قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان توققۇز شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى. كۆپلىگەن شېئىرلىرى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. ئۇ يەنە كۆپلىگەن ئەدەبىي ماقالە، ئوبزور، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى.

تېيىپجان ئېلىيېۋ مىللەت ۋە شىنجاڭ دائىرىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەن، كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان، شۇنداقلا جاھانغىمۇ تونۇلۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان، شېئىرلىرى، يۇگوسلاۋىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا شېئىرىيەت يىغىنىدا ئوقۇغان شېئىرلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە يۇگوسلاۋىيە خەلقىنىڭ، جاھان شائىرلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. سۆيۈملۈك شائىرىمىز تۈركىيىنىڭ XIV ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ خەلق شائىرى يۇنۇس ئەمرەنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تۈركىيىنىڭ ئىككى شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا يىغىنغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ، گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئېچىلىش مۇراسىمىنىڭ لېنتىسىنى كەسكەنىدى.

تېيىپجان ئېلىيېۋ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېخىمۇ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھارماي - تالماي كۈرەش قىلدى. يېڭى بىخلارنى دەرھال بايقاپ، ئۇلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. تەرەققىيات جەريانىدا يولۇققان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەل قىلىپ، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا قان - تەرىنى سىڭدۈردى.

## 2

ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان. ئەدەبىيات بىر خىل ئاڭ شەكلى، ئۇ نىسپىي مۇستەقىللىككە ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇنداق بولغانلىقتىن، بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى شۇ مىللەت تارىخىنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى بىلەن ئوخشاش بولۇشى ناتايىن.

www.uyghurkitap.com

ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈنۈشى، ئاساسەن، جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن زور ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە دەۋر بۆلگۈچ تارىخىي ۋەقەلەرگە چېتىشلىق بولىدۇ.

XX ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرى شەكىللىنىشكە باشلىغان ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەز- مۇن ۋە بەدىئىلىك جەھەتتىكى ئىلغار ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىنخەي ئىنقىلابى ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى دېموكراتىك ھەرىكەتلەرنىڭ تۈرتكىسى ھەم سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۆلكىمىزدە كۈندىن كۈنگە ئۇلغىيىۋاتقان خەلق ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ، دېموكراتىك ئىدىيىنى ئاساس قىلىپ راۋاجلاندى. بۇ ئە- دەبىيات فېئودالىزملىق ئاسارەت، مىللىي زۇلۇم ۋە دىنىي خۇراپاتلىققا قارشى ئەركىن- لىك، ئازادلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېڭى مەدەنىيەت ۋە ئويغىنىشنى ئاكتىپ تەرغىپ قىلدى. ئۇ تىل جەھەتتىن چاغاتاي ئەدەبىي تىلى ئەنئەنىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاممىباپ ھازىرقى زامان ئەدەبىي تىلىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئەدەبىياتنى خەلق ئاممىسىغا يېقىنلاشتۇردى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بايراقدار ئىدى.

ھەرقانداق بىر دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بىرقانچە ھالقىلىق، مۇھىم بۇ- رۇلۇش باسقۇچلىرى بولىدۇ. بۇنداق تارىخىي ئەھمىيەتلىك مۇھىم باسقۇچلاردا ئالاھىدە رول ئوينىغان شائىر، يازغۇچىلار شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ شىنجاڭغا كەڭ تارقىلىشى؛ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ، ماركسىزم - لېنىنىزمچى زىيالىيلارنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنىڭ قانات يېيىشى بىلەن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى مەزمۇن ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىن تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تېخىمۇ ئىنقىلابىي بولدى. جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى تۇرۇش بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبى- ياتنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالدى، شۇنداقلا بۇ ئەدەبىيات تەنقىدىي رېئالىزمدىن ئىنقىلابىي رېئالىزمغا تەرەققىي قىلىپ، دېموكراتىك ئىنقىلاب بايرىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقتى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ئاساسىي جەھەتتىن قېلىپلى- شىپ بۇ تىلدا بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر ئاممىباپ، خەلق كۆڭلىگە ياقىدىغان شېئىرىي شەكىل ياراتتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ، رۇس ۋە دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، تېخى- مۇ راۋاجلاندى. بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى يەنە بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئېلىپ كىردى. بۇ مەزگىلدىكى ئەدەبىيات ئىنقىلابىي رېئالىزم بىلەن ئىنقىلابىي رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىنقىلابنى ۋە ئىنقىلابنىڭ پارلاق ئەتىسىنى كۈيلىدى. ئۇرۇش دەۋرىنىڭ

ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۇرۇش دەۋرىگە لايىق ئاممىباپ ئۇسلۇب، خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان شەكىل يارىتىپ، ئەدەبىياتنى تېخىمۇ ئاممىۋىيلاشتۇردى؛ يېزىق ئەدەبىي تىلىنى خەلقنىڭ جانلىق تىلى ۋە خەلق ئەدەبىياتى تىلى بىلەن ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلاپ، خەلق تىلى ئاساسىدا ئەدەبىي تىلنى راۋاجلاندۇردى. بۇ مەزگىلدىكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىدى.

تېيىپجان ئېلىيېۋ گەرچە شۇ مەزگىلدە ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن ياش شائىر بولسىمۇ، ئۇ شېئىرىيەتتە بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىپ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈردى. «مەلۇمكى، بىرەر يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ تارىخىي ئورنى ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئەدەبىياتنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا قانچىلىك تۆھپە قوشقانلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ①.» تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ مۇشۇ مەزگىلدىكى ئىجادىيىتىنى «مۇشۇ نۇقتىدىن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ تۆھپىسى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى باشقا نامايەندىلەرگە ئوخشاش، دەۋر ئالدىغا قويغان ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن ئەدەبىيات ۋاسىتىسى ئارقىلىق چىقالىغانلىقىدا، ئۆز دەۋر ئەدەبىياتىنى يېڭى يۈزلىنىش ۋە يېڭىچە يۈكسىلىشكە ئىگە قىلالىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ②.» تېيىپجان ئېلىيېۋ بۇ مەزگىلدە تولۇپ ـ تاشقان قىزغىنلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن خەلق قوراللىق ئىنقىلابىنى، قەھرىمان خەلقنىڭ ئازادلىقىنى كۈيلىدى، گۈزەل ئەتىسىنى ئالقىشلىدى. ئۇ ئىنقىلابنىڭ خىلمۇخىل مەزمۇنلىرىنى ئېنىق، چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك، ئاممىباپ ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەپ، خەلق كۆڭلىگە ياقىدىغان بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە شەكىل ياراتتى. شائىرنىڭ بۇ مەزگىلدىكى شېئىرلىرى ھېسسىياتقا قايناق ئىگە بولۇپ، ئىجادىي، چوڭقۇر، بولۇپمۇ مۇرەككەپ پىكىرلەرنى جانلىق تىلىمىزدىكى ئاددىي سۆزلەر بىلەن جانلىق، تەسىرلىك ۋە ئوبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

ناخشىنى ئېيتسام ئۇزاقتىن ياڭرىتىپ، سۆيگۈنىمنى ئىزلىدىڭ جىلۋەڭ بىلەن،
سىلكىنىپ تۇردۇڭ ـ دە، قالدىڭ داڭ قېتىپ، چاچلىرىڭنى ئوينىتىپ، پۇلاڭلىتىپ.

(«تاڭ ناخشىسى» دىن)

گۈزەللىك چىنلىقتا، گۈزەللىك يۈكسەكلىكتە. چىنلىقنىڭ ئۆزى تەبىئىي بولۇپ، ياسالمىلىقتىن، پەردازدىن خالىي بولىدۇ. يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان بىر كۇپلېت شېئىردا ياسالما، رەڭگا رەڭ، دەبدەبىلىك سۆزلەر يوق، ھەممىسى ئادەتتىكى جانلىق تىلىمىزدا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر، لېكىن بۇ ئاددىي سۆزلەر ئۆز ئورنىنى تېپىپ شۇنداق گۈزەل تۈسكە كىرگەنكى، كۆز ئالدىمىزدىن بىر چاتما سۈرەت ئۆتىدۇ. ئۆز ئاشىقىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان مەشۇقىنىڭ ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، ھاياجان ۋە خۇشاللىق ئىچىدە دەسلەپ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغانلىقى، كېيىن چاچلىرىنى ئوينىتىپ، پۇلاڭلىتىپ، جىلۋە بىلەن ئاشىقىنى ئىزدىگەنلىكى ۋە بۇ جەرياندىكى مەشۇقىنىڭ روھىي ـ كەيپىياتى تولىمۇ ئوبرازلىق، جانلىق سىزىپ بېرىلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن، شائىر شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ كونا تېما —

①② — ئابدۇشۈكۈر تۇردىنىڭ «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى» دېگەن ماقالىسىدىن.

www.uyghurkitap.com

مۇھەببەت تېمىسىدىن ئىجادىي ۋە يېڭىچە پايدىلىنىپ، ئەڭگەكچى خەلقنىڭ ئۆچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ زەپەر ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىكى روھى ـ كەيپىياتىنى بەدىئىي تۇرمۇشقا ئايلاندۇرغان.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئازادلىق قۇياشىنى مەردانە كۆتۈرۈپ، قەدىمىي تەڭرىتاغقا چىقىپ كەلمەكتە! بۇلىڭدىن خەۋەر تاپقان شائىرنىڭ يۈرىكى ھاياجان ۋە خۇشاللىقتىن ئىچ ـ ئىچىگە سىغماي تېپچەكلىمەكتە. شائىر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ئازادلىقىنى ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ياڭراق ۋە مۇھەببەتلىك ناخشىلىرى بىلەن ھاياجان ئىچىدە كۈتۈۋالدى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىنى تۈگىتىپ، يېڭى بىر تارىخىي دەۋرگە ــ ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتى دەۋرىگە قەدەم قويدى. تېيىپجان ئېلىيېۋ بۇ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدا سەركەردىلىك رول ئوينىدى. ئۇنىڭ بۇ سەركەردىلىك رولى بىر تەرەپتىن، ئابرويلۇق جامائەت ۋە ئەدەبىيات ئەربابى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، قان ـ تەرىنى ئاقۇزۇپ ئىشلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ ئەڭ قىزغىن، ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ ھازىر جاۋاب شائىرى بولغانلىقىدا كۆرۈلدى.

ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنى ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى ۋە يېتەكچىسى دېسەك، قىلچىمۇ مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. مەن پەقەت ئۇنىڭ شېئىرى ئىجادىيىتى ئۈستىدە دەسلەپكى يۈزە قاراشلىرىمنىلا ئوتتۇرىغا قويىمەن.

شائىر شېئىرلىرىنىڭ تېماتىك دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنىڭ ھەر بىر باش باھارىدا ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈل ـ چېچەكلەردەك، ئەڭ ئالدى بىلەن باھار جاكارلايتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، مەيلى مەزمۇن، مەيلى بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى ياكى تىلىدا بولسۇن، تەكرارلىقنى كۆرگىلى بولمايتتى. شائىرنىڭ ھەممە شېئىرلىرىدا دېگۈدەك يېڭى پىكىر، يېڭى ئوبراز، يېڭى تىل جەۋلان قىلاتتى.

ھەر ئاخشىمى ناخشا ئېيتىمەن،
شۇ كوچىنى ئەگىپ كېتەلمەي.
بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن،
ئاۋارىمەن تېخى يېتەلمەي.

ــ چاقىرايسەن ھەر كۈنى شۇنداق،
ساراڭمۇ سەن ئۇخشالمايدىغان،
يا ئادەمگە ئۇيقۇ بەرمەيسەن،
قانداق ناخشا بۇ تۈگىمەيدىغان؟!

بۈگۈن ئاخشام ئۆتكەنتىم يەنە
ناخشام بىلەن دېرىزە قېقىپ.
قەيەردىدۇ ئىشىك غىچىلداپ،
كايىپ كەتتى بىر بوۋاي چىقىپ:

ــ كايىما بوۋاي، سەنمۇ بىر چاغدا!
ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان،
سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن،
شۇنداق ناخشا بۇ، تۈگىمەيدىغان!
(«تۈگىمەس ناخشا»)

شائىر ھەممە ئادەم بىلىدىغان، شۇنداقلا ھەممە ئادەم بىلمەيدىغان پىكىرنى خەلقنىڭ جانلىق تىلى ئارقىلىق ئىنتايىن كونكرېت، جانلىق ۋە تەسىرلىك ئوبرازلاشتۇرۇپ، بىر پەلسەپەۋى قانۇنىيەتنى — مۇھەببەت ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدى. شائىرنىڭ بۇ شېئىرى، شۇنىڭدەك «ئاسان»نىڭ شىكايىتى، «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» قاتارلىق يېزىلگەن شېئىرلىرى ھېلىمۇ كىشىلەر قەلبىنى مەپتۇن قىلماقتا.

شائىرنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئىككىنچى ئالاھىدىلىكى، ئۆز دەۋرىنىڭ نېمىنى ئويلاپ، نېمىنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئويلىرىنى دەرھال سېزىۋېلىپ، دەرھال شېئىر يېزىپ، دەۋرنىڭ ئويىغا ئىلھام بېرىپ، ئۇنىڭغا ئاۋاز قېتىپ، ھەرىكەتكە مەدەت بەرگەنلىكىدە. ئۇنىڭ ئۇسسۇغاندا سۇ يەتكۈزۈش روھىدىكى شېئىرلىرى ھەممىنىڭ كۆڭلىگە دەرھال ياقاتتى. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش كېرەككى، شائىر شېئىرلىرىدا دەۋر روھى كۈچلۈك ئىپادىلىنەتتى، شۇنداقلا مەزمۇنىدىن تارتىپ شەكلىگىچە خەلقچىللىق ئېنىق گەۋدىلىنەتتى. ئۇنىڭ «كانايدىن ئۈن چىقامدۇ ياغلىمىسا»، «چال ئوغلۇم»، «تېۋىلغا»، «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» قاتارلىق يېزىلغان شېئىرلىرى يۇقىرىقى پىكىرىمىزگە ئوبدان مىسال بولالايدۇ.

مۇسانىڭ بۇ يىل كەيپى بۆلەكچىلا،
ئېتىزدا سول ئېلىشى ياش يىگىتتەك.
ناخشىمۇ ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى،
سۆزىمۇ دانە-دانە، ساپ ئۆگۈتتەك.

بەزىلەر دېيىشىدۇ: «نېمە ئىش بۇ؟
ئىلگىرى مۇنداق ئەمەس ئىدى مۇسا!...»
ھەي!
نەدە بار قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرغان
كانايدىن ئۈن چىقامدۇ ياغلىمىسا!؟
(«كانايدىن ئۈن چىقامدۇ ياغلىمىسا»)

شېئىرنىڭ 1-كۇپلېتىدا مۇسانىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنكى روھىي كەيپىياتى، ئىچكى دۇنياسى ئېنىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن؛ 2-كۇپلېتتا مۇسانىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرى، يەنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يىللىرىدىكى ھالىتى 1-كۇپلېتقا سېلىشتۇرۇلغان ھالدا قىسقا سۆزلەنگەن. ئاخىرقى ئىككى مىسرا ئىككى دەۋرنىڭ خۇلاسىسى: 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇن تاغار قۇرۇق ئىدى، مۇسا ئۆرە بولالمىغان، كاناي مايلايدىغان ياغ بولمىغانلىقتىن، ناخشىمۇ ئېيتمىغان، 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تاغار قۇرۇق ئەمەس، مۇسا ئۆرە بولۇپلا قالماي، «يىگىتتەك» ئىش قىلىدىغان؛ كاناي ياغلىنىپ، ناخشىنىمۇ ئېيتىدىغان بولۇپ قالغان، سۆزلىرى خۇددى ساپ ئۆگۈتكە ئوخشايدۇ. يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك بۇ شېئىردا دەۋر روھى، مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە خەلقچىللىق كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن.

شائىر شېئىرلىرىنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئۈچىنچى ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى زىيالىيلارمۇ، ئەمگەكچى خەلقمۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبى ئاممىباپ ئىدى. شائىر ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە شەكىللەنگەن ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى ئازادلىقتىن كېيىن تېخىمۇ يېتىلدۈردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى راۋان، ئوچۇق-يورۇق، جانلىق، تۈز دېيىشكە بولىدۇ. بۇ، شائىر شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە شەكلىگە ئاساسەن بېرىلگەن باھا بولۇپ، شائىرنىڭ مىجەز-خاراكتېرىگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئارچىغا سوئال قويدۇم زوقلىنىپ،
نېچۈن دائىم يېشىللىق پۇراپ تۇرىسەن؟
يازدىغۇ ئەسلا،
ھەتتا قىشتىمۇ
ياپ-يېشىل بولۇپ يايراپ تۇرىسەن؟
جاۋاب بەردى ئارچا شىۋىرلاپ:

ياشايمەن تۆرەلگەن يەرنى قۇچاقلاپ،
چۈشەندىم ئارچا خىسلىتىڭنى مەن،
چۈشەندىم تۇرقىڭنىڭ يېشىللىقىنى.
چۈشەندىم ھەتتا تۈتۈنلىرىڭنىڭ
شىپالىق، ئەتىرۋا ئىسىرىقلىقىنى.
(«ئارچا»)

بۇ شېئىرنىڭ زىيالىيلارغىمۇ، ئادەتتىكى خەلققىمۇ يېقىشلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئامىمباپ ئەدەبىي ئۇسلۇبتا يېزىلغانلىقىدىن تاشقىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ گۈزەل ناخشىسى بولغانلىقىدا.

ئۇنىڭ كىشىنى قايىل قىلىدىغان تۆتىنچى ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، تېيىپجاننى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرى تىلىنىڭ ئالىمى دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ خەلق قوشاقلىرىنى كۆپ ئۆگەنگەچكە، خەلقنىڭ جانلىق تىلىنى پىششىق بىلگەچكە، خەلقنىڭ جانلىق تىلىدىكى ئوبرازلىق سۆزلەرنى ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈپ ئىشلىتىشكە ماھىر ئىدى. خەلقنىڭ جانلىق تىلىدىكى ئادەتتىكى سۆزلەر ئۇنىڭ شېئىرىدا ئاجايىپ گۈزەل سۆزلەرگە، جەۋلان قىلىپ تۇرىدىغان سۆزلەرگە ئايلىنىپ كېتەتتى. شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئاددىي دەپ ئەيىبلىگۈچىلەر كۆپرەك ئۇنىڭ تىلىغا ئېسىلاتتى. لېكىن ئۇلار ئاددىيلىق، چىنلىق، تەبىئىيلىكنىڭ ئۆزى گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، مەسىلە شېئىرىي تىلنىڭ قانچىلىك رەڭدار، سەنئەتلىك بولۇشىدا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئورنىنى تاپقان، يىكىرنى جەۋلان قىلدۇرغان سۆزلەردە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى.

«سۆزىمۇ دانە-دانە، ساپ ئۆگۈتتەك.»

سۆزنى ساپ ئۆگۈتكە ئوخشىتىش، ئادەتتە، خەلق ئىچىدە، بولۇپمۇ دېھقانلار ئىچىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. شائىر مانا شۇ ئاددىي خەلق ئوخشىتىشىدىن پايدىلىنىپ، سۆزلىرى دانىمۇ-دانە، ھېكمەتلىك، گۈزەل ئىكەنلىكىنى ئەڭ توغرا، ئەڭ جايىدا ئىپادىلەپ بەردى. بىر تاغار رەڭدار، سەنئەتلىك سۆزلەردىن «ساپ ئۆگۈتتەك» دېگەن بىر ئوخشىتىشنىڭ ئۆزى مىڭ ھەسسە ئارتۇق ئەمەسمۇ؟! ئۇ، ئاددىي خەلق ئىشلىتىدىغان ئوخشىتىش بولغانلىقى ئۈچۈن شېئىرىي ئوخشىتىش بولالمامدۇ؟!

مۇشۇنداق ئالاھىدىلىكلىرى سەۋەبىدىن ئاتاقلىق شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ خەلق كۆڭلىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، خەلقنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شائىرىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. شائىر ۋاپاتىنىڭ ئىككى يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ جان ئۈزۈلۈۋېتىپ دېگەن ۋەسىيىتىنى ھاياجان ئىچىدە ئەسكە ئالدىم. بۇ ماقالەمنى مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ ۋەسىيىتىدىكى مۇنۇ سۆزلەر بىلەن تۈگەتكۈم كېلىدۇ: «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىرلىكى ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ كاپالىتى. ھەر خىل شەخسىي شۆھرەت، شەخسىي مەنپەئەت ۋە شەخسىي غەرەزلەردىن خالىي بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنى ئېلىمىزنىڭ، شۇنداقلا دۇنيانىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن تىرىشايلى.»

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

# كەمتەر شائىر

ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

ئاتاقلىق شائىرىمىز مەرھۇم تېيىپجان ئاكىنىڭ مۇشۇ رۇبائىيسىنى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىمدا، شائىرنىڭ كەمتەرلىكى، سەمىمىيلىكى كۆز ئالدىمغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان ئەقىدەم تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

كەسىپداش، قەلەمداش دوستلار بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ قالغان چاغلىرىمىزدا، تېيىپجان ئاكىنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر ئىختىيارسىز ھالدا تىلغا ئېلىنىپ، قەلبىمىزنى ھاياجانغا سالىدىغان بولۇپ قالدى.

بەزىلەر تېيىپجان ئاكىنىڭ يېڭىدىن يازغان شېئىرىنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ، پىكىر ئالغاندىن كېيىن تۈزىتىپ ئاندىن مەتبەئەگە بېرىدىغانلىقىنى، پىكىر ئېلىشتا چوڭ-كىچىك دەپ ئايرىمايدىغانلىقىنى سۆزلىسە، بەزىلەر ئۇنىڭ بىر سورۇندا ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىنى ئالدىراپ يېزىپ قويغانلىقىدىن ئۆكۈنۈپ، باشقىلارغا ساۋاق بەرگەنلىكىنى تەسىرلىنىپ سۆزلەيتتى. بەزىلەر تېيىپجان ئاكىنىڭ بىر ئولتۇرۇشتا ئۆزىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ رومكا تۇتقان بىر ھەۋەسكارنى سەمىمىي تەنقىدلەپ خىجىل قىلغانلىقىنى ھېكايە قىلاتتى. قىسقىسى، تېيىپجان ئاكىنىڭ كەمتەرلىكىگە دائىر ھەر خىل تەسىرلىك ئىشلار سۆزلىنىپ، بىزنى ئويلاندۇراتتى...

تېيىپجان ئاكىنىڭ كەمتەرلىكى مەندىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان. مەرھۇم شائىرىمىز مۇھەررىرلەرنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى، ئۇلار بىلەن سىردىشالايتتى. ئۇلارنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئادەتتىكى ئاپتورلاردەك تۇتاتتى. ئۆزىنىڭ ئورنىنى، نوپۇزىنى پەش قىلمايتتى. مەن مەرھۇمنىڭ «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار»، «تاللانغان شېئىرلار» قاتارلىق شېئىر توپلاملىرىنى ئىشلەش جەريانىدا بۇنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم. ئۇ «زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار» ناملىق توپلىمىنى ئېلىپ كەلگەندە مەن بەزى شېئىرلارنى بۇ توپلامغا كىرگۈزۈشنىڭ ئانچە ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى، بەزىلىرىنى ئوبدانراق ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتقانىدىم. ئۇ مېنىڭ پىكىرلىرىمنى ئورۇنلۇق دەپ قاراپ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغانىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ نەشرىياتىمىزدىن چىققان ئاخىرقى توپلىمى — «تاللانغان شېئىرلار»نى ئىشلەش جەريانىدا بۇ ئەھۋال تېخىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى.

تېيىپجان ئاكا 1986-يىلى ئۆزىنىڭ بىر قانچە داستانى ۋە نەچچە يۈز شېئىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ھەجىملىك بىر توپلىمىنى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە تاپشۇردى. توپلامنى پىلانغا كىرگۈزۈشتىن بۇرۇن مەن توپلامنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقتىم. مېنىڭ قارىشىمچە، توپلام شۇ پېتى نەشر قىلىنسا، تازا سۈپەتلىك چىقمايتتى، ئەڭ يامىنى تېيىپجان ئاكىنىڭ ئابرويىغىمۇ دەخلى يېتەتتى. شۇڭا مەن داستانلارنى بۇ توپلامغا كىرگۈزمەسلىك، بەزى شېئىرلارنى

www.uyghurkitap.com

مەسـەلەن، پىكـرى ئاددىـي، مەزمۇنى
مۇجمەل، كاللىدار خاراكتېرلىك شېئىر ـ
لارنى چىقىرىۋېتىش، توپلامىنىڭ نامىنى
«تاللانغان شېئىرلار» دەپ قويۇش توغرـ
سىدا پىكىر تەييارلىدىم. تېيىپجان ئاكا
تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كەلگەندە توپلامىنىڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن
قىلـىچـە قورۇنۇپ ئولتـۇرماي بۇ پىكىر ـ
لىرىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ مېنىڭ پىكىر ـ
لىرىمنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىدى ۋە
پىكىرىمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىغا قوشۇلـ
دىغانلىـقىنى بىلـدۈردى. شۇنىڭ بىلەن
داستانلارنى ۋە بىر قىسىم شېئىرلارنى توپ ـ
لامدىن چىقىرىۋەتتۇق. بەزى شېئىرلارنى
ئاپتورنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ ساقلاپ
قالدۇق. لېكىن «سەللە» دېگەن شېئىرنى
توپلامغا كىرگۈزۈش ـ كىرگۈزمەسلىك
مەسىلىسىدە پېشقەدەم شائىر بىلەن پىك ـ
رىمىز بىر يەردىن چىقماي قالدى. مەن بۇ
شېئىر ھەققىدە جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم
كىشىلەر ئارىسىدا نارازىلىقلارنىڭ پەيدا
بولغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا توپلامغا كىر ـ
گۈزمەسلىكتە چىڭ تۇرۇۋالدىم. تېيىپجان
ئاكا ماڭا قاراپ: «كاللىڭىز خېلىـلا قات ـ
مالدەك قىلىدۇ، سىز قوشۇلمىسىڭىز مەيلى،
قالدۇرۇۋېتەيلى» دېدى. بۇ سۆزدىن تېيىپ ـ
جان ئاكىنىڭ تازا قايىل بولمىغانلىقى
مەلۇم ئىدى. مەن بىر ئاز ئوڭايسىزلانغان
ھالدا: «تېيىپجان ئاكا، سىز ئاددىيتىكى
شائىر ئەمەس، ئۇ شېئىرىڭىز جەمئىيەتتە
يامان تەسىر پەيدا قىلسا، سىزگىمۇ، بىز ـ
گىمۇ ياخشى بولمايدۇ» دېدىم. ئۇ «سىلەر
جەمئىيەتتىكى دىنىي زاتلارنى خاپا قىلىپ
قويۇشتىن قورقۇۋاتساڭلار كېرەك، بوپتۇ،
بۇ تەرىپىنى ئويلىمىساقمۇ بولمايدىغاندەك
قىلىدۇ...» دەپ مېنىڭ پىكرىمگە قوشۇلـ
دى. ئۇزۇن ئۆتمەي «تاللانغان شېئىرلار»
مەتبەئەدىن چىقىپ، كىتابخانلارنىڭ قىزغىن

ئالقىشىغا ئېرىشتى. مەن كېيىنرەك بىر
پېشقەدەم يولداشتىن تېيىپجان ئاكىنىڭ
بىزنىڭ «سەللە» دېگەن شېئىرنى توپلامغا
كىرگۈزمىگەنلىكىمىزدىن رازى بولغانلىقىنى
ئاڭلىدىم.

مەن بىر مۇنچە شائىرلارنىڭ شېئىر
توپلاملىرىنى ئىشلىدىم. كۆپ ساندىكى
ئاپتورلار مۇھەررىرلەرنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت
قىلىپ، توپلامىنىڭ سۈپەتلىك چىقىشى
ئۈچۈن بىز بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ
كەلدى. بىراق ئايرىم ئاپتورلار ئۆز توپ ـ
لىمىدىن بىر قانچە شېئىرنى قالدۇرۇپ
قويغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەممىلا يەردە داتلاپ،
بىزنى قارغاپ يۈردى. مۇشۇ ئاپتورلار ئۆزىنى
ئاتاقلىق شائىرىمىز تېيىپجان ئاكا بىلەن
سېلىشتۇرۇپ باقسا، بەلكى ئاز ـ پاز يۈزى
قىزىرار دەپ ئويلايمەن.

بىز «تاللانغان شېئىرلار» نىڭ كىرىش
سۆزىنى ئوقۇپ باقساقلا، تېيىپجان ئاكىنىڭ
ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىگە توغرا باھا
بېرەلەيدىغان كەمتەر شائىر ئىكەنلىكىنى
ناھايىتى ئېنىق كۆرەلەيمىز. ئۇ كىرىش
سۆزىدە مۇنداق دېگەنىدى: «مېنىڭ قىرىق
يىللىق ئەدەبىي پائالىيەت يولۇمـدا خەلق
ياقتۇرىدىغان ئىزلىرىممۇ بار، بۇنىڭ ئۈچۈن
خۇشالمەن. شۇنىڭدەك خەلق ياقتۇرمايدىـ
غان ئىزلىرىممۇ بار، بۇنىڭ ئۈچۈن خىجىلـ
مەن... بۇ توپلامنىڭ ‹تاللانغان شېئىرلار›
دېگەن نامى پەقەت بۇنىڭدىكى شېئىرلار
باشقا شېئىرلىرىمغا نىسبەتەن بىر قەدەر
تۈزۈك دېگەن مەنىگىلا ئىگە».

تېيىپجان ئاكا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى
دەقىقىلىرىدىمۇ سەمىمىي ھالدا ئۆزىنىڭ
بەزى شېئىرلىرىنى تىلغا ئالماسلىقنى ئېيت ـ
تىپ، بىزنىڭ قەلبىمىزنى تەۋرەتكەنىدى.
ئۇنىڭ ھارماي ـ تالماي ئىجاد قىلىش
روھى، سەمىمىيلىكى ۋە كەمتەرلىكى
بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئابدۇرۇپ پولات

# تۇيۇق ھەققىدە مۇھاكىمە

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزىم شەكىللىرىدىن بىرى بولغان تۇيۇق ھەققىدىكى چۈشەنچىدە ۋە چۈشەندۈرۈشلەردە روشەن ئېنىقسىزلىقلار مەۋجۇت، مۇھاكىمە ئارقىلىق بۇ خىل ئېنىقسىزلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەزكۇر شەكىلنىڭ ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا داۋاملىق پورەكلەپ ئېچىلىشىغا مەلۇم دەرىجىدە تۈرتكە بولىدۇ.

ئەدىب ۋە تىلشۇناس ئۇستاز ئىمىن تۇرسۇن تۇيۇققا تەبىر بېرىپ مۇنداق يازىدۇ: «تۇيۇق ــ تۇيماق، تۇيۇۋالماق، دېگەن پېئىلدىن ياسالغان ئىسىم، يەنى مەنىسىنى ئوقۇغۇچى ئۆزى پەرق ئەتمەك دېگەن سۆز. بۇنى ئەرەبچىدە مۇختەمىلات (ئارىلاشتۇرۇلغان، يۈكلەنگەن) ياكى تەجنىس (جىنىسداش) دەيدۇ. خەلقئارادا ‹مونورىم› (فرانسۇزچە monorime ــ بىر ئاھاڭدىكى) دەيدۇ. بۇ، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىدىكى تۆتلىكلەر (تۆت مىسرالىق قوشاقلار) ئاساسىدا تۇغۇلغان شەكىل. تۇيۇقمۇ رۇبائىيدەك تۆت مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، قاپىيىلىرى ئاھاڭداش (ئومونىم) سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ، يەنى قاپىيىلەنگۈچى سۆزلەر شەكىل ۋە تەلەپپۇزدا ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن، ئات (ئاتماق)، ئات (ھايۋان)، ئات (ئىسىم)، يات (ياتماق)، يات (يات ئادەم) ئەت (ئەتمەك، قىلماق)، ئەت (ئەتمەك، ئىشىك ئەتمەك)، ئەت (گۆش ـ ئەت). («تارىمدىن تامچە». 326 ـ بەت. 1990 ـ يىل. مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى). بۇ يەردە ئاھاڭداش سۆز (ئومونىم) گە بېرىلگەن تەبىر شۇنداق ئېنىق، كەلتۈرۈلگەن مىسال شۇنچە قايىل قىلارلىق بولسىمۇ، بىراق مەزكۇر تەبىر ۋە چۈشەنچىلەردىن كېيىن مىسال ئۈچۈن بېرىلگەن تۇيۇقتىكى قاپىيە قىلىنغان سۆزلەر كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. ئالايلۇق:

كەچتى ئۆمرۇ تۇشمەدى ئول يار ئىلە. بۇ ۋەفاسىزلىككى، سەندىن كۆرمىشەم،
قورقامەن كۆڭلۈم بۇ غەمدىن يارىلە ئېتىقادىم قالمادى ھېچ يار ئىلە.

(يۇقىرىقى ئەسەر، 327 ـ بەت)

مەزكۇر مىسالدا مانا مەن دەپلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، «يار ئىلە» دېگەن سۆز بىلەن «يارىلە» (يەنى يېرىلار) سۆزى شەكىل جەھەتتىنمۇ ئوخشىمايدۇ، تەلەپپۇز جەھەتتىنمۇ بىر

www.uyghurkitap.com

خىل ئەمەس، مەزكۇر ئىككى سۆز ھەرگىزمۇ ئاھاڭداش سۆزلەر كاتېگورىيىسىگە كىرمەيدۇ، پەقەت نىسپىي ئاھاڭداشلاشتۇرۇلغان سۆزلەر قاتارىغا كىرىدۇ. خالاس.

شائىر ھاجى ئەخمەت يازغان «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «مۇھتەمىلات (تۇيۇق) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى تۆت مىسرالىق قوشاقلار زېمىنىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ھەر خىل ئېمىسلاردا يېزىلىدۇ. تۈزۈلۈش جەھەتتە ئاساسەن تۆت مىسرالىق ۋە قىسمەن ئىككى مىسرالىقتىن (بۇنى تەجنىس دەپ ئاتايدۇ) ئىبارەت. بۇنداق تۆتلۈكنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قاپىيە ئۈچۈن شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش، ئەمما مەنە جەھەتتىن باشقا - باشقا ئۇقۇم بېرىدىغان ئومونىم سۆزلەردىن پايدىلىنىلىدۇ.» (شۇ ناملىق ئەسەر، 178 -، 179 - بەتلەر. 1982 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى)

بۇ يەردە تۇيۇقنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى «مۇختەمىلات» ئەمەس. بەلكى «مۇھتەمىلات» دېيىلگەن. بۇ مەزكۇر شەكىل ھەققىدىكى توپ چۈشەنچىگە بېرىسپ تاقىلىدىغان مۇھىم پەرق ھېسابلىنىدۇ.

«ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرى لۇغىتى» دا تۇيۇق ھەققىدە «مىسرالىرى ئومونىم سۆزلەردىن تۈزۈلگەن شېئىر شەكلى» دەپ ئىزاھ بېرىلىپ، مەزكۇر شەكىلنىڭ تۆت مىسرالىق بولىدىغانلىقى، تۆت مىسرانىڭ ئۈچ مىسراسى ئومونىم سۆزدىن تەركىب تېپىشى جەزملەشتۈرۈلگەن (شۇ ناملىق لۇغەتنىڭ «ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە سېلىشتۇرمىسى» قىسمى 28 - بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 - يىل نەشرى).

يۇقىرىدىكى قاراشلارنىڭ بىرلا ئورتاقلىقى بار، ئۇ بولسىمۇ «تۇيۇقنىڭ قاپىيىسى جەزمەن ئاھاڭداش سۆزلەر (ئومونىم) دىن تەركىب تاپىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت. بىراق مۇشۇ ئورتاق تەبىر بىلەن ئەمەلىيەتتىكى تۇيۇقلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغان بەزى تىلشۇناسلار ھەقلىق يوسۇندا بەزەن رەت قىلىش خاراكتېرلىك ئۆتكۈر مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەسىلەن، ئۇلار:

يۇرەك، قەلبىمگە بەخش ئەتتىم باھادىرلىق قېنى، ئوغلۇم،
تېگىپ يەلكەڭگە شانلىق يۈك سەپەرگە يۈر قېنى، ئوغلۇم.
بىنا ئەيلە، ھالال ئەجرىڭ بىلەن چۆللەردە باغ - گۈلشەن،
بېرەلمەس زەررىچە لەززەت، بىراۋنىڭ بال - قېنى ئوغلۇم.

دېگەن نەزمىنىڭ شەكلىنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مىسالدىكى ‹قېنى› شەكلىدىكى سۆزلەر ئۈچ ئورۇندا كېلىپ، تامامەن باشقا - باشقا مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن. قارىماققا، بۇ ئۈچ سۆز شەكىل ھەم تەلەپپۇز جەھەتتىن تامامەن ئوخشاش بولۇپ، ئومونىملاردەك قىلىسىمۇ، لېكىن سەللا دىققەت بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ئومونىملار كاتېگورىيىسىگە كىرەلمەيدىغان سۆزلەر ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. چۈنكى بىز ئومونىملارنى كۆزەتكەندە، ئۇلارنىڭ توپ شەكلىگە، يەنى گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر

بىلەن تۈرلەنمىگەن شەكىلگە قارايمىز. گەرچە بۇ شېئىردا «قېنى» شەكلىدىكى سۆزلەر ئۈچ ئورۇندا كۆرۈلگەن ۋە ئۈچ خىل مەنە ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، 1 - مىسرادىكى «قېنى» سۆزى «قان - تەر» دىكى «قان» سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى «ى» قوشۇلۇش نەتىجىسىدە، تەركىبىدىكى «ا» تاۋۇشى «ى» غا ئاجىزلىشىپ، «قېنى» شەكلىگە كەلگەن. ئىككىنچى مىسرادىكى «قېنى» سۆزى بولسا، بىرەر ئىشقا بىراۋنى ئۈندەش مەنىسىدە كەلگەن سوراق ئالماش بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق قوشۇمچە بىلەن تۈرلەنمىگەن. 4 - مىسرادىكى «قېنى» سۆزى «قەنت - گېزەك» تىكى «قەنت» سۆزى بولۇپ، ئۇ ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسى «ى» نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تەركىبىدىكى «ە» تاۋۇشىنىڭ «ى» غا ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە «قېنى» شەكلىگە كەلگەن. شۇڭا ئۇلار ئومۇنىملار قاتارىغا كىرەلمەيدۇ. چۈنكى «قان»، «قېنى»، «قەن» دېگەن سۆزلەر ھەم يېزىلىشى، ھەم ئېيتىلىشى جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. دېمەك، بۇ شېئىرنىڭ قاپىيىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن سۆزلەر ئۆزئارا ئومۇنىملار بولمىغاچقا، بۇ شېئىرنىمۇ «تۇيۇق» دېيىشكە قەتئىي بولمايدۇ.» («ئۇيغۇر تىلى مەسىلىلىرى» 666 - بەت. ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق كومىتېتى 1984 - يىلى باستۇرغان).

مېنىڭچە، تىلشۇناسلىق ئىلمى بويىچە ئېيتقاندا، يۇقىرىدىكى ئومۇنىم (ئاھاڭداش سۆز) ھەققىدە قىلىنغان تەھلىل ۋە بېرىلگەن تەبىر تامامەن توغرا. بىراق مۇشۇ تەھلىل بويىچە، يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن شېئىرنى «تۇيۇق ئەمەس» دەپ ئاغدۇرۇۋەتكىلى بولامدۇ؟ «تۇيۇق» دېگەن زادى نېمە؟ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىش ۋە مۇلاھىزەمنى ئەدىب ھەم تىلشۇناسلارنىڭ مۇھاكىمىسىگە مۇنداق قويىمەن:

بىرىنچى، تۇيۇق كىلاسسىك شائىرلىرىمىز تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان، ئۇ مۇكەممەل تۈزۈلمە، ئېنىق شەكىلگە ئىگە. شۇنداق ئىكەن، بىز تۇيۇق ھەققىدىكى تەبىر ۋە چۈشەنچىلەرنى ئاشۇ كىلاسسىكلارنىڭ ئۈرنەك ئەسەرلىرىدىن ئېلىشىمىز لازىم. مانا شۇ چاغدىلا بىزنىڭ تەبىر ۋە چۈشەنچىلىرىمىز قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

بۈيۈك شائىر ۋە تىل ئۇستىسى ئەلىشىر ناۋايى ئۆزىنىڭ «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە) ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە تۇيۇق ھەققىدە مۇنداق بايان بېرىدۇ:

«‹تەجنىس› تىن پايدىلىنىش شائىر - ئەدىبلەر ئىچىدە ناھايىتى ئومۇمىي بىر ئەھۋال. شېئىرغا ئالاھىدە رەڭ بېرىدىغان بۇ خىل سۆز سەنئىتى ئۈچۈن پارس تىلىغا قارىغاندا تۈركىي تىلدا ئىمكانىيەت تېخىمۇ كۆپ. مەسىلەن، «ئات» سۆزىنى بىرىنچىدىن، نام مەنىسىدە، ئىككىنچىدىن، مىنىدىغان ئات مەنىسىدە، ئۈچىنچىدىن، تاشنى ياكى ئوقنى ئېتىشقا بۇيرۇغاندىكى «ئات» مەنىسىدە قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ سۆز شېئىردا مۇنداق قوللىنىلغان:

چۈن پەرىيۇ ھۆردۇر ئاتىمەك بېگىم،     ھەر خەدەنگىكىم ئولۇس ئاندىن قاچار،
سۈرئەت ئىچىدە دىۋ ئېرۇر ئاتىنىڭ بېگىم،     ناتەۋان جانىم سارى ئاتماق بېگىم.

www.uyghurkitap.com

(يېشىمى: خېنىم، سېنىڭ ئېتىمىڭ ھۆر ـ پەرىدۇر، سېنىڭ ئېتىمىڭ سۈرئەتتە دىۋىگە ئوخشايدۇ، سەن كىشىلەر ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئوقلىرىڭنى مېنىڭ زەئىپ جېنىمغا قارىتىپ ئېتىۋەرگىن) بۇ ئىككى بېيىت تولۇق تەجنىس بولۇپ، بۇنى پەقەت تۈركىي شائىرلارلا يازالايدۇكى، سارتلار (يەنى پارسلار) يازالمايدۇ. بۇ خىل شېئىر شەكلى «تۇيۇق» دەپ ئاتىلىدۇ.» (شۇ ناملىق ئەسەر 17 ـ بەت مىللەتلەر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى)

ناۋايى مۇشۇ ئەسىرىدە يەنە:

ئەي رەقىب ئۆزىنى ئاگا تۇتساڭ ھەم ئىت، گەرچە بار دەۋزەخچە ئىشقىڭ شۇئلەسى،
بىزگە رەھىم ئەيلەپ ئانىڭكويىدىن ئىت. بىزنى ئۆز ئىلكىڭ بىلە ئول سارى ئىت.

[يېشىمى: ھەي ئىشىك باقار، سەن ئۆزەڭنى ئۇنىڭ ئىتى ھېسابلىساڭمۇ، ماڭا رەھىم قىلىپ ئۇنىڭ كوچىسىدىن ئىت (يىت، يوقال). ئىشق ئوتى دوزاخ ئوتىدەك بولسىمۇ، مېنى ئۆز قولۇڭ بىلەن شۇ تەرەپكە ئىت (ئىتەر)] دېگەن شېئىرىنىمۇ «تۇيۇق» قا ئۆرنەك قىلىپ كۆرسەتكەن (يۇقىرىقى ئەسەر 17 ـ ، 18 ـ بەتلەر).

ئۇندىن باشقا، يەنە بەزى نوپۇزلۇق ئەسەر ۋە قوللانمىلاردا ناۋايىنىڭ تۆۋەندىكى ئىككى شېئىرىمۇ «تۇيۇق» دەپ ئىزاھلىنىدۇ.

لەئلىدىن جانىمغا ئوتلار ياقىلۇر، مەن ۋەفاسى ۋە ئىدەسىدىن شادمەن،
قاشى قەددىمنى جەفادىن ياقىلۇر. ئول ۋەفا بىلمانكى قىلماس ياقىلۇر.

[يېشىمى: ياقۇتتەك لېۋىدىن جېنىمغا ئوتلار يېقىلىدۇ، قېشى قەددىمنى جاپادىن يادەك ئېگىۋېتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ۋاپا قىلىمەن دەپ بەرگەن ۋەدىسىدىن خۇشالمەن، بىلمىدىم، ئۇ يا (ۋاپا) قىلىدۇ، يا قىلمايدۇ.] («چاغاتاي تىلى» 247 ـ بەت. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986 ـ يىل نەشرى)

يەنە بىرى:

ئول پەرى ئىشقىدا بۇ دىۋانەنى، بىر قەدەھ ئول گۈلنى خەندان ئەيلەدى،
ئەيكى ئىستەرسەن كېلىپ گۈلخەندە كۆر. ئەي كۆڭۈل نەززارە ئەت، گۈلخەندە كۆر.

(يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «ئۇيغۇر شېئىرىيەتى توغرىسىدا» 179 ـ بەت)

ئەمدى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تۇيۇققا بەرگەن تەبىرى ۋە ئەسەر ئۆرنەكلىرىدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا تامامەن ھەقلىقمىز:

بىرىنچى، تۇيۇقنىڭ قاپىيەلىرى ئاھاڭداش سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، «ئىت» سۆزى قاپىيە قىلىنغان تۇيۇققا ئوخشاش، ئىككىنچى، تۇيۇقنىڭ قاپىيەلىرى مۇئەييەن گراماتىك شەكىل ئارقىلىق ئاھاڭداشلاشتۇرۇلغان سۆزلەردىن تۈزۈلىشىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، «ئاتىڭ» قاپىيە قىلىنغان تۇيۇققا ئوخشاش، ئۈچىنچى، تۇيۇقنىڭ قاپىيەلىرى مۇئەييەن بىر تۈپ سۆز ياكى ئۇنىڭ مەلۇم بىر خىل گراماتىك شەكلىگە باشقا سۆز بىرىكمىلىرىنى ئاھاڭداش ياكى شەكىلداش قىلىش يولى بىلەنمۇ تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن، «يېقىلى»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكلى «ياقىلى» (دىققەت. «ئا» تاۋۇشى قىسقا سوزۇق تاۋۇش) غا «ئېگىپ يا ئەت» مەنىسىدىكى «ياقىلى» (دىققەت،

«ئا» تاۋۇشى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش)، شۇنداقلا «يا قىلىدۇ، يا قىلمايدۇ» دېگەن «ياقىل» سۆزلىرىنىڭ قاپىيە قىلىنغىنىغا ئوخشاش. تۆتىنچى، تۇيۇقتا تۆت مىسرا شېئىرنىڭ ئۈچ مىسراسى قاپىيىداش بولىدۇ، ئىككى مىسراسى قاپىيىداش بولسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، «كۆلخەندە كۆر» قاپىيە قىلىنغان تۇيۇققا ئوخشاش.

تۇيۇق ھازىرقى زامان شائىرلىرى ۋە تىل ئۇستىلىرى سۆيىدىغان ۋە ئىزچىل ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت مەزمۇنى قىلىپ كېلىۋاتقان شەكىل. شۇنداق ئىكەن، بىز تۇيۇق شەكلىنى چۈشەنگەن ۋە چۈشەندۈرگەن ۋاقتىمىزدا ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ تۇيۇق ئىجادىيىتىگىمۇ مۇراجىئەت قىلىشىمىز لازىم.

مەلۇمكى، مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ بۈيۈك شائىر ئەلشىر ناۋائىيدىن قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن، ناۋائىينىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلغان، ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەمگەكلىرىدە يۈكسەك ماھارەت بىلەن ناۋائىيغا تەقلىد قىلالىغان تالانتلىق شائىر ئىدى. بىز تېيىپجان ئېلىيېۋ تۇيۇقلىرىنى مۇتالىئە قىلىدىغان بولساق، تۇيۇق شەكلىنىڭ بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ قەلىمى بىلەن تېخىمۇ ئىجادىي رەۋىشتە جەۋلان قىلغانلىقىنى بايقايمىز. ئالايلۇق:

چۆلدە قالسامۇ نە ھاجەت ئات ماڭا، — قېنى سەن لەيلى، مېنى ئۆلمە دېسەڭ،
سىڭدى «مەجنۇن» دەپ چىرايلىق ئات ماڭا. — ئوق قىلىپ كىرپىكلىرىڭنى ئات ماڭا.

— كۆڭلىنىڭ «ماقۇل»مىدى يا «ياق»مىدى، — كىمگە ھاكىم بولمىسا ئۆز مېڭىسى،
ئۇ يىگىتنىڭ ساڭا نەرى ياقمىدى. — بولماس ئاقىل دورىغا باشقىنى.
— ئەيىبى شۇ: ماڭا تەگلەشتىن بۇرۇن،
باغرىنى ئەل باغرىغا چىڭ ياقمىدى.

* *

چاغلىماي سۆز قىلسا ئالدى ـ ئارقىنى،
دەيدىكەن خەق: سەندە نومۇس ـ ئار قېنى؟
گەر خاتاغا كەلمىسە دەرھال جازا،
يوق دېمەك، ھەقنىڭ ئۇزۇنكەن ئارقىنى.

* *

مېڭىنىڭ تەخت ئوردىسىدۇر باش قىنى،
مېڭە يالغاۋ بولسا دەيمىز: باش قېنى؟

(ت. ئېلىيېۋ: «باھار ئىلھامى» 198 ـ، 200 ـبەتلەر. مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.)

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، تېيىپجان ئېلىيېۋ ئۆز تۇيۇقلىرىدا «باشقىنى» سۆزىگە «باش قېنى؟» سۆز بىرىكمىسىنى، «ئارقىنى» سۆزىگە «نومۇس ـ ئار قېنى؟» سۆز بىرىكمىسىنى قاپىيە قىلىپ (يەنى بىردە «ئى» بولسىمۇ، يەنە بىردە «ئې» تاۋۇشى بولۇپ قېلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ)، كىلاسسىك تۇيۇقلاردىكى ئومۇمەن مۇتلەق ئاھاڭداشلاشتۇرۇشنى نىسپىي ئاھاڭداشلاشتۇرۇشقا راۋاجلاندۇرغان.

مېنىڭچە، تۇيۇق دېگەن نام ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «تۇيماق، تۇيۇۋالماق» پېئىلىدىن كەلگەن ئەمەس. تۇيۇقنىڭ ئەدەبىيات ئاتالغۇلىرىدىكى ئىككىنچى بىر نامىنىڭ مۇختەمىلات بولۇشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

تۇيۇقنىڭ تەجنىس سەنئىتى، قىسقارتىلىپ تەجنىس دېيىلىدىغانلىقىدا ئىختىلاپ

يوق. تەجنىس دېگەن سۆز خەنزۇچىدا 双关语 دېيىلىدۇ. 双关语 ئاتالغۇسى بىزنىڭ تىلىمىزدا «ئىككى بىسلىق سۆز»، «قوش مەنىلىك سۆز» دېيىلىدۇ («خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» ـ توم 1689 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1989 ـ يىل نەشرى).

تەجنىس سۆزىنىڭمۇ كېلىش مەنبەسى ئەرەبچە. ھالبۇكى، بىر تىلدا مۇئەييەن بىر خىل مەزمۇنغا ئىگە نەرسىنىڭ بىردە ئىككى بىسلىق سۆز، قوش مەنىلىك سۆز، ئەستەرلىك گەپ، دەپ ئاتىلىپ يەنە بىردە ئارىلاشتۇرۇلغان، يۈكلەنگەن، دېگەن مەنىدە (يەنى مۇختەمىلات) ئاتىلىشى مەنتىقىقە سىغمايدۇ. شۇڭا مەن تۇيۇقنىڭ يەنە بىر نامىنىڭ مۇھتەمىلات دەپ ئاتىلىشىنى توغرا دەپ قارايمەن. چۈنكى مۇھتەمىلاتنىڭ مەنىسى ئېھتىماللىقلار، ئىككى ئېھتىماللىق بولۇپ، سۆز ـ ئىبارىلەرگە ئىشلىتىلگەندە، يەككە تۇرغاندا مەنىسىگە دەرھاللا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدىغان، ئۇنداقمۇ، مۇنداقمۇ مەنىسى بار سۆز دېگەن بولىدۇ ۋە بۇ ئۇقۇم بىلەن تەجنىسنىڭ مەنىسىدىكى ئىككى بىسلىق دېگەن ئۇقۇم بىر ـ بىرىگە جىپسا كېلىدۇ.

تەجنىس، مۇھتەمىلات دېگەنلەر تۇيۇق دېگەن ساپ ئۇيغۇرچە سۆزنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى ئەرەبچە ئاتىلىشى ئىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەجنىس ۋە مۇھتەمىلات سۆزلىرى تۇيۇق ئاتالغۇسىنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، تەجنىسنىڭ ئىككى بىسلىق سۆز، مۇھتەمىلاتنىڭ ئىككى ئېھتىماللىق دېگەن سۆز بولۇپ، تۇيۇق ئاتالغۇسىنىڭ تۇيماق، تۇيۇۋالماق مەنىسىدىكى سۆز بولۇشى لوگىكىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مېنىڭچە، تۇيۇق دېگەن نام ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇيماق، تۇيۇۋالماق، دېگەن پېئىلدىن ئەمەس، بەلكى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇتۇق، يېپىق مەنىسىدىكى تۇيۇق سۆزىدىن كەلگەن. ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تۇيۇق سۆزىگە مۇنداق ئىزاھ بەرگەن: تۇيۇق: تۇتۇق. تۇيۇق ئادەم، تۇتۇق ئادەم، غەمكىن ئادەم. تۇيۇق كۈن: تۇمانلىق ۋە بۇلۇتلۇق كۈن. تۇيۇق قاپۇغ، يېپىق قوۋۇق («دىۋان» III توم 228 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىل نەشرى).

ئەمەلىيەتتىمۇ، تۇيۇق ئاتالغۇسى تۇتۇق، يېپىق مەنىسىدىكى تۇيۇق سۆزى بولغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئىككى بىسلىق، ئىككى ئېھتىماللىق مەنىلىرىدىكى تەجنىس ۋە مۇھتەمىلات سۆزلىرىگە ئۇقۇمداش بولالايدۇ.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا، تۇيۇق دېگىنىمىز قاپىيىلىرى ئاھاڭداش سۆز ياكى مۇئەييەن گراماتىك شەكىل ئارقىلىق ئاھاڭداشلاشتۇرۇلغان سۆزلەردىن تەركىب تاپقان تۆتلۈك شېئىرغا ئېيتىلىدۇ. تۇيۇق دېگەن بۇ نام قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تۇتۇق، يېپىق مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنغان تۇيۇق سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇ سۆز ۋە سۆز سەنئىتىگە نىسبەتەن قوللىنىلغاندا، مەنىسى يالىڭاچ ئەمەس، ئېھتىماللىقلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان، دېگەن بولىدۇ.

تۇيۇق ئۈستىدە سىستېمىلىق ۋە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدىكى ھەر قانداق بىر شېئىر شەكلى تەتقىقاتىغا ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

يالقۇن روزى

# گۈلئايىم ھەققىدە ئېيتىلغان قوپال ناخشا

چىنلىق پۇرىقى ئاجىز، بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچى تۆۋەن ئەسەر زوقلانغۇچى پسىخىكىسىدا ئەھمىيەتسىز ئۇنۇم ھاسىل قىلىپ، تەبىئىي ھالدا تەنقىد ئېكىنى كۆچەيتىۋېتىدۇ. يازغۇچى سەمەت دۇگايىلىنىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «گۈلئايىم» ناملىق رومانى مەندە ئەنە شۇنداق تەنقىدىي تەسىرات پەيدا قىلدى.

مەن ئىلگىرى بۇ يازغۇچىنىڭ «كىچىك لەقۋا»، «گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇ سەندە» ناملىق پوۋېستلىرىنى ئوقۇغان چېغىمدا بۇ ئەسەرلەرنىڭ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مەلۇم زوقلاندۇرغۇچى ئامىللارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئىدىم. ئەپسۇسكى «گۈلئايىم» رومانىنى ئوقۇپ، يازغۇچىنىڭ ئىجتىمائىي چوڭقۇرلۇق، خاراكتېر يارىتىش، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتلەردە تۇنجى رومانى — «نۇرلۇق قەلبلەر» نىڭ سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى، رومان ئىجادىيىتىدە ئىزىغا سەكرەشتەك ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكىنى تەكرارلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

بىرىنچى، ئىجتىمائىي چوڭقۇرلۇق جەھەتتە، «گۈلئايىم» رومانىدا ئالاھىدە تارىخىي شارائىت ھېسابلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ يىللاردىكى تراگېدىيە خاراكتېرلىك سىرلىق كەيپىيات ۋە ئەنسىزلىك بىلەن تولغان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىلمىغان، زىددىيەتلەر تارىخىي رېئاللىقنىڭ ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن ئەمەس، بەلكى سۇنئىي رەۋىشتە، زورمۇ زور توقۇپ چىقىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەجمى خېلىلا زور بۇ روماندا زىددىيەتلەر باشتىن - ئاخىر تاق لىنىيىدە داۋام قىلدۇرۇلغان، تەپسىلاتلار ئاددىي ۋە تۇزلا بايان قىلىنغان، روماندىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت مۇرەككەپ تارىخىي رېئاللىقنىڭ ماھىيىتىنى، ئۇنىڭ خەلققە ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن بەختسىزلىكلىرىنى، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى قانداق نابۇت قىلغانلىقىنى، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ۋە ئىجتىمائىي ئادىللىقنى كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەنلىكىنى، شەخسكە چوقۇنۇشتەك فېئوداللىق ئىستىبل ۋە سىياسىي تېررورلۇقلارنى تولۇق ھېس قىلغىلى بولمايدۇ. يازغۇچى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قالايمىقانچىلىقلارنىڭ ماھىيىتىنى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ

كەتكەن مۇرەككەپ زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ئىچىدە ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلغان. شۇڭا يا ئەسەر سىيۇژېتىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى يوق، يا ئىپادىلەنگەن مەزمۇننىڭ ئەھمىيىتى چوڭقۇر ئەمەس.

باش قەھرىمان گۈلئايىمنىڭ بېشىغا كەلگەن دەردلەر، ئۇ يولۇققان مەسىلىلەر ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرمۇ دەۋر چوڭقۇرلۇقىغا دېگەندەك ئىگە ئەمەس. روماندا ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلىنى بىلىدىغانلىقى تەكرار تىلغا ئېلىنغان، لېكىن ئۇنىڭ سىياسىي كۈشەندىلىرى ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغان چاغلىرىدا بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمايدۇ. تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان سىياسىي سۈيىقەستچىلەرنىڭ گۈلئايىمغا زىيانكەشلىك قىلىشتا بۇ مەسىلىدىن پايدىلانماسلىقى، ئۇنىڭغا چەت ئەلگە باغلانغان، جاھانگىرلارنىڭ غالچىسى، كاپىتالىزمنىڭ ئۇرۇقى دېگەندەك بەدناملارنى چاپلىماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ مۇرەككەپ دەۋردىكى گىرەلىشىپ كەتكەن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەردىن، مۇقەررەرلىككە ئىگە، ماھىيەتنى يورۇتۇپ بەرگۈچى ۋەقە ـ ھادىسىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يانداپ ئۆتۈپ كېتىش روماننى چىنلىق ئاساسىدىن مەھرۇم قىلغان. چىنلىققا يۈزلەنمەي تۇرۇپ دەۋر مۇھىتىنى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى يارىتىش مۇمكىن ئەمەس، يازغۇچى يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتىنى قازماي، ئەكسىچە ھادىسىلەر قاينىمى ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەچكە، رومان ئىجتىمائىي چوڭقۇرلۇق ۋە دەۋر كەڭلىكىگە ئىگە بولالمىغان.

ئىككىنچى، خاراكتېر يارىتىش جەھەتتە، ئىنسان خاراكتېرى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە تۇراقسىز بولۇپ، ئىنسان خاراكتېرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش، ئۇنى ئەدەبىياتتا سۇبيېكتىپ چىنلىققا ئۇيغۇن ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈش يازغۇچىغا قويۇلىدىغان ئەڭ قاتتىق تەلەپ. «گۈلئايىم» روماندا ئاپتور بۇ تەلەپتىن خېلىلا يىراقتا قالغان. رومانىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى، ئىدىيىسى، ھېسسىياتى شۇ پېرسوناژ پەيدا بولۇش بىلەن تەڭلا كىتابخانغا ئايان بولىدۇ. بۇ روماندىكى پېرسوناژلار ئىنتايىن روشەن ھالدا ياخشى ۋە ياماندىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا ئايرىۋېتىلگەن. ئۇلارنىڭ روھىي كەچۈرمىشلىرى، روھىي زىددىيەتلىرى ۋە مەنىۋى ئېلىشىشلىرىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشتا، ئىنسان تەبىئىتىدىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ چىنلىققا ۋە رېئالىزملىق ئەدەبىياتنىڭ خاراكتېر يارىتىش قانۇنىيىتىگە خىلاپ ھالدا ئادەمنى بۇنداق ئاددىي، تۈز ھالدا ئۆلچەك قېلىپ ئىچىدە تەسۋىرلەش ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولى ۋە ئېستېتىك رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، يازغۇچىنىڭ قەلەم تەۋرىتىشتىكى مۇددىئاسى ۋە ئىجتىمائىي غايىسىنىمۇ كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. گەرچە يازغۇچى رومانىنىڭ خاتىمىسىدە تەكىتلەپ ئۆتكەندەك باش قەھرىمان گۈلئايىمغا ئوخشاش غايىلىك، ئېتىقادلىق ئىسكە بىر ئەۋلاد ياش زىيالىيلارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى رەزىل رېئاللىقنىڭ قاتمۇ قات زۇلمى ئاستىدا ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى قوغداپ، ئادەمگە ئوخشاش ھايات كەچۈرۈش، ئەھمىيەتلىك ياشاش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشنى كۆزلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئاشۇ مۇرەككەپ ۋە چۈشىنىكسىز ئىجتىمائىي داۋالغۇش ئىچىدە تۇرغان گۈلئايىمنىڭ خاراكتېرىنى

يارىتەلىشتا ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسى ۋە پائالىيەت دائىرىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مە-
لۇي دۇنياسىدىكى مۇرەككەپلىكنى، پەرىشانلىقنى، توقۇنۇشلارنى ئىنچىكە تەسۋىرلەشكە
ئازراقمۇ ئەھمىيەت بەرمىگەن. ئىنسان تەبىئىتىگە ئورتاق بولغان، ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇر-
مۇشىدا يۈز بەرمەي قالمايدىغان بەزىبىر روھىي ھادىسىلەرمۇ، نازۇك ھېسسىياتلارمۇ
تۇرمۇشقا چىققان گۈلئايىمدەك ئايالنىڭ خاراكتېرىگە يات قىلىپ قويۇلغان. خاراكتېردى-
كى مۇرەككەپلىكنى ئىنچىكە يازماي تۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇرەككەپلىكنى ئىپادىلەشكە
ئۇرۇنۇش بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، خالاس.

گۈلئايىمنىڭ پىسخىك كەچۈرمىشلىرى ئىنچىكە تەسۋىرلەنمىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ
ۋۇجۇدىدا پەقەت سىياسىي ئاڭ، تىرىشىپ ئىشلەيدىغان ئىرادە ۋە غايىۋى ئارزۇلا بار،
ئەمما ھېسسىيات يوق. شۇڭا ئۇنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشلىرىگە نىسبەتەن كىتابخانىدا
ئانچە ھېسداشلىق قوزغالمايدۇ. بۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق يىغلاۋاتقان بىر كىشىنىڭ نېمە
ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىنى باشقىلار بىلمىسە ھېچقانچە تەسىر قىلمىغاندەكلا بىر ئىش.
چۈنكى ھېسسىياتلا يۈرەككىچە يول تاپالايدۇ. رومانىنىڭ بەزى جايلىرىدا ياز-
غۇچى پېرسوناژلارنىڭ پىسخىك كەيپىياتىنى تەسۋىرلەشكە كۆڭۈل بۆلگەن بولسىمۇ، ئەمما
پېرسوناژلارنىڭ دەل شۇ مىنۇتلاردىكى پىسخىك ھالىتىنى ئىنسان تەبىئىتىگە خاس
ھالدا ئەمەس، توغرا ئېچىپ بېرەلمىگەن.

رومانىدىكى ئىجابىي پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىمۇ بەك ئۈستۈن بولۇپ، ئۇلار
ھەمىشە دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ پىكىرلىشىدۇ، مۇنازىرىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا،
روھىي ھالىتىدە تېڭىرقاش، گۇمانلىنىش، ئىككىلىنىش مەۋجۇد ئەمەس. ئۇلار يۈز
بېرىۋاتقان ئىشلارغا پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىش نەزەرى بىلەن قارايدۇ، ئۇلار «مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت بۇ قالايمىقانچىلىق بىلەن پاراكەندىچىلىكنىڭ ماھىيىتى
ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە. ئۇلار ھەتتا دەۋرنىڭ زور خاتالىقلىرى ۋە يۈرگۈزۈلۈۋات-
قان سىياسەت ھەققىدە دۇدۇقلىماستىن كەڭ ـ كۇشادە سۆزلىشىدۇ. ئۆز ئېقىنىغا سۆرەپ
كىرىلگەن ئادەمنى قالمىغان بالايىئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ سىر-
تىغا قويۇپ تەسۋىرلەنگەن، كىشىلەر ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى
ئادەم كۆپ سورۇنلاردا بىمالال سۆزلىشىپ يۈرىدىغان دەۋردىن تاشقىرى بۇ ئىجابىي
پېرسوناژلار زوقلانغۇچىلارغا تولىمۇ غەلىتە تۇيۇلىدۇ. چۈنكى زامانىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ
مۇلاھىزە قىلىدىغان بۇنداق پېرسوناژلار ئەينى يىللاردىكى تارىخىي ئەمەلىيەتكە ۋە
كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. رومان ئاپتورى ئەدەبىيات نەزە-
رىيىسىدىكى كونا ئەندىزە بولغان تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژلارنى يارىتىشقا
ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما تىپىك مۇھىتتىكى تىپىك خاراكتېرنى تەسۋىرلەشكە ئەھمى-
يەت بەرمىگەنلىكتىن، بىر قاتار سۇنئىي، جانسىز، ھېسسىياتسىز پېرسوناژلار توپىنى
قۇراشتۇرۇپ چىققان.

ئۈچىنچى، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋە تىل ئىشلىتىش جەھەتتە، رومانىنىڭ قۇرۇلمى-
سى دېگەندەك پۇختا ئەمەس، كېلەڭسىز ھەم چۇۋالچاق. كىشى قەلبىدە لىرىك تۇيغۇ

www.uyghurkitap.com

قوزغايدىغان نازۇك تەسۋىرلەرمۇ، دىلنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈزەل شېئىرى تىلمۇ كەم.
مەركىزىي ئىدىيىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق، كۈچەپ يېزىشقا تېگىشلىك ئېپىزوت، دېتـ
تاللار ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىلىپ، ھاجەتسىز، قىسقىلا تەسۋىرلىسە بولىدىغان تەپسىلاتـ
لار زورمۇ زور ئۇزارتىۋېتىلگەن. مەسىلەن: ئىككى ئەترەت دېھقانلىرى ئوتتۇرىسىدا
يۈز بەرگەن سۇ تالىشىش ماجىراسى يېرىم بەتلا يېزىلغان بولسا، گۈلئايىمنىڭ ئۆيىدىـ
كى ساۋاقداشلار ئولتۇرۇشى نەچچە ئون بەت يېزىلغان. رومانىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى
توسما قۇرۇپ سۇ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى سۇ قىسلىق مەسىلىسىنى
ھەل قىلىش. بۇ، ئالدىنقى ئېپىزوتنى تەپسىلىي، تەسىرلىك يېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىـ
لىدۇ. رومانىنىڭ سيۇژىتى ئەگرى ـ توقاي بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋەقەلەر ماھىرـ
لىق بىلەن تاللانمىغاچقا ھەم سىياسىي، نەزەرىيىۋى جۈملىلەر ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا بېرىلـ
لگەچكە، ئوقۇغۇچىنى بەكلا زېرىكتۈرۈپ قويىدۇ. جۈملىلەر، سۆزلەر، دىئالوگلار ئەدەـ
بىي ئۆلچەم بويىچە تازا تاۋلانمىغان، ئەسەر تىلى خېلىلا خام. گۈلئايىمدىن ئىبارەت
«ئەمگەك قەھرىمانى» توغرىسىدا يېزىلغان بۇ رومان مەيلى سيۇژىت قۇرۇلمىسى ياكى
تىلى جەھەتتە بولسۇن، خېلىلا قوپال چىققان. پېرسوناژلار تىلى ئىندىۋىدۇئاللىققا
ئىگە ئەمەس. ھاكىممۇ، يېزا باشلىقلىرىمۇ، زىيالىيمۇ، دېھقانمۇ، ھارۋىكەشمۇ ئوخشاش
تەلەپپۇزدا، ئوخشاش مەزمۇندا سۆزلەيدۇ. ئۇلار كۆزقاراش، پىكىر جەھەتتە بىر ـ بىرىسـ
دىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇ ھال يەرلىك پۇراقىمۇ، مىللىي خۇسۇسىيەتكىمۇ، دەۋر
ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە بولمىغان بۇ رومانىنىڭ چىنلىق ئاساسىنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇـ
رۇۋەتكەن ھەم بەدىئىيلىكىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن. بۇ روماندا يەنە لوگىكىلىق ۋە گراماـ
تىكىلىق خاتالىقلارمۇ ئاز ئەمەس. 15 بابلىق بۇ رومانىنىڭ پەقەت 1 ـ بابىدىلا مۇنداق
جۈملىلەر ئۇچرايدۇ: «گۈلئايىمنى تۇزۇكرەك رەھبەرلىرىمىز يۇرەكلىك ئىشقا سالالـ
مىدى»، «ئىۋرۇمچىدىكى چاغلىرىمىزدا بىزمۇ ھەۋەس بىلەن بىر بىرىمىزگە نازارەت قىلىش،
كۆزىتىپ تۇرۇش ھەم سەل ـ پەل ئىچى قايناش ھېسسىياتى بىلەن ياسىنىپ ـ تارىناتـ
تۇق»، «ئۇ مېنىڭ دىدىل سۆزىمنىمۇ، رەيھانىنسانىڭ ئوت قويرۇقلۇقلىرىدىنىمۇ ھېچقانداق
تەسىر ئالمىغاندەك كۆرۈنەتتى»، «بىز ياشلار بەزى چاغلاردا بولسا تۇرمۇشنى ئوتتۇراـ
ھال كىشىلەر ئۇچۇن ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان ھېسابلانسىمۇ، بىز ئۇچۇن يېگىلىق
تۇيۇلىدىغان ھېسسىياتلارنى ئورتاقلىشىپ كۈلۈشكە ئىدۇق»... روماندا بۇنداق جۈملىلەرـ
نىڭ جىقلىقى كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

رومانىنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار نۇقسانلىرى يازغۇچىنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنىڭ
كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى، يېزىقچىلىق ئىستىلىنىڭمۇ تازا ساغلام ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
يازغۇچى سەمەت دۇگايىلىنىڭ خېلى كۆپ ئەدەبىي ئەسەر يازغان تۇرۇقلۇقمۇ كىـ
تابخانلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ دىققەت مەركىـ
زىگە شۇڭغۇپ كىرەلمەيۋاتقانلىقىدىكى سەۋەب ئىنجادىيەتتە نوقۇل سان قوغلىشىپ سۇـ
پەتكە ئېتىبار بەرمەيۋاتقانلىقىدا ھەم خەلقنىڭ تومۇرىنىڭ سوقۇشىنى بىلەلمەي، ئانا
قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلىيالمايۋاتقانلىقىدا بولسا كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

كېرەمجان ئابدۇرېھىم

# كۈلكىلىك تراگېدىيە

— مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «بۇرۇت ماجىراسى» ھېكايىسىدىكى يوشۇرۇن مەنە توغرىسىدا.

ئۇنىڭ «سارالڭ» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇپ، بولۇشىچە كۈلگەنىدۇق. مانا ئەمدى «بۇرۇت ماجىراسى» ھېكايىسىنى ئوقۇپمۇ كۈلكىدىن ئۆزىمىزنى تۇختىتىۋالالماي قېلىشتۇق. نەتىجىدە بۇ ھېكايىلارنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا، كىشىلەر «ھە، ھېلىقى قىزىق ھېكايىلارمۇ» دەيدىغان بولۇپ قالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەمتىمىن ھوشۇر ئاشۇ قىزىق ھېكايىلىرى بىلەن نۇرغۇن كىتابخانلارنى جەلىپ قىلىۋالدى.

«بۇرۇت ماجىراسى» نى ئوقۇغان ئادەم كۈلمەي قالمايدۇ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ قىزىق بىر ھېكايە. قىزىق بولۇشىنى مەمتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىنىڭ بىر ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن ئەسەردىكى قىزىقارلىق تەپسىلاتلار ئارقىلىق مەلۇم بىر تراگېدىيىلىك ھالەتنى ئىپادىلەپ بېرىشنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى، بولۇپمۇ كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئۇسلۇبى دېسەك، تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. بىز ئۇنىڭ بۇ خىل ئۇسلۇبىنى «بۇرۇت ماجىراسى» ھېكايىسىدىنمۇ خېلى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

ئاپتور ئۆزىمۇ ئېيتقاندەك، بۇ بىر تۈركۈم ئەسەرلەر، جۈملىدىن «بۇرۇت ماجىراسى» ھەرگىزمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ ئادەم كۈلدۈرۈش ئۈچۈن يېزىلغان ئەمەس. «بۇرۇت ماجىراسى» نىڭ زادى نېمە مەقسەتتە يېزىلغانلىقىنى بىز بىلمەيمىز. بىز بۇ يەردە پەقەت «بۇرۇت ماجىراسى» دىكى كۈلكىلەر ئاستىغا يوشۇرۇنغان ئىدىيىنى — ئەسەرنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى ئۆز چۈشەنچىمىز ئاساسىدا قىسقىچە شەرھىلەپ باقىمىز.

يازغۇچىنىڭ «سارالڭ» ھېكايىسىدە ئادەملەردىكى گاڭگىراش كەيپىياتى

ئىپادىلەنگەن بولسا، «بۇرۇت ماجىراسى» دا بىھۇدە ئەنسىرەش ـ قورقۇمسىراش كەيپىياتى ئىپادىلەنگەن. ئەسەردىكى بۇ كەيپىيات «مەن» دە گەۋدىلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ بېشىدىلا ئۇ «بۇرۇت قويغانلارنى تىزىملاۋېتىپتۇ» دېگەننى ئاڭلاپ دەسلەپتە ھەيران قېلىپ ئاندىن ئەنسىرەيدۇ. بۇنداق تىزىملاشنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىغا خىلاپ بىر ئەنزە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن بولسا، قورقۇپ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كېتىدۇ. گەرچە ئۇ ئۆزىدە قىلچە گۇناھ يوقلۇقىغا ئىشەنسىمۇ، ۋۇجۇدىنى ئىگىلىۋالغان ئەنسىرەش ـ قورقۇمسىراش ئېڭى ئۇنى بەئەينى ئاشۇ جىنايەتچىگىلا ئوخشىتىپ قويىدۇ. شۇندىن تارتىپ ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى، تۇرمۇش تەرتىپى بۇزۇلىدۇ. ئۇ ئاخىرى شۇنچە پاراكەندىچىلىكنىڭ سەۋەبىنى بۇرۇت دەپ ھېسابلايدۇ ھەم بۇ پاراكەندىچىلىكلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭكىگە قوشۇپ ئوغلىنىڭمۇ بۇرۇتىنى چۈشۈرىۋېتىدۇ. بۇ پاراكەندىچىلىكنىڭ ئەسلى سەۋەبى ئۇنىڭدىكى ئەنسىرەش ـ قورقۇمسىراش كەيپىياتى تۇرسا، بۇرۇتنى چۈشۈرىۋېتىش بىلەن مەسىلە ھەل بولارمۇ؟ ئەنسىرەش ـ قورقۇمسىراش ئېڭى ھەتتا ئۇنى ئۆزىدىنمۇ ــ ئۆزىنىڭ جىنايەتچىنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدىغان بويىدىنمۇ خۇدۇكسىندۇرىدۇ ۋە بىزار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بويىنى ئۆزگەرتىش خىيالىدا بولىدۇ. ئەمما بۇ خىيال ئوڭى تۈگۈل چۈشىدىمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئامالسىز قالغان «مەن» ئاخىرى «بويى (تەن) دىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ» غانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆز بويىنىڭ ئۆزىگە پاراكەندىچىلىك كەلتۈرۈپ قويماسلىقىنى تىلەپ يۈرىدۇ. تەكشۈرۈش ئورنىدىكى «ھېلىقى پاكار ئاداش» ئۇنىڭ بويىنى بۇرۇت پاراكەندىچىلىكى بىلەن باغلىماي ئۇنى يايرىتىۋەتكىنى بىلەن، تولىمۇ ئەستايىدىل كۆرۈنىدىغان بازار باشلىقى ئۇنىڭ ئەندىشە ـ قورقۇنچىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئوڭىدىمۇ، چۈشىدىمۇ زادىلا خاتىرجەم بولالمايدۇ. ئۇ ياشاۋاتقان بۇ بازارمۇ ئۇنىڭغا ئۆزى ئايلىنىپ چىققان كىر ئالغۇنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. نەتىجىدە ئۇ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قېلىپ، تالا ـ تۈزگە چىقالمايدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا «مەن» ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى بىلىپ (ئۇ قاچان گۇناھكار ئىدى!؟)، سەل ـ پەل خاتىرجەممۇ بولىدۇ. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئاشۇ پاراكەندىچىلىك، كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۆز ۋۇجۇدىنى ئىگىلەپ تۇرغان ئەنسىرەش ـ قورقۇمسىراش ئېڭى ۋە بۇ ئاڭ پەيدا قىلغان ئەنسىرەش ـ قورقۇمسىراش كەيپىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ باقمايدۇ. ئۆزىنىڭ قانچىلىك كۈلكىلىك ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماي، بازار باشلىقىدىن، دۇنيانىڭ قىزىقلىقىدىن كۈلىدۇ. قىسقىسى، «مەن» ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ ئاڭ پاجىئەسىنى ھېس قىلالماي، دۇنيادىن، باشقىلاردىن قىزىقلىق ھېس قىلىپ، كۈلۈپ ۋە قىزىقچىلىق قىلىپ ياشايدۇ.

مانا مۇشۇنداق بىر تراگېدىيىلىك «مەن» نىڭ قىزىقچىلىقلىرى، سەرگۈزەشتىلىرى بىزنى ئىچ ـ ئىچىمىزدىن كۈلدۈرەلەمدۇ؟ مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، بۇ ئادەتتىكى بىر بۇرۇت ماجىراسى يېزىلغان ئەسەر

ئەمەس. ئۇنىڭدا ئاشۇ بۇرۇت ماجىراسى ئارقىلىق بىر خىل ئاڭ، كەيپىيات — كىشىلەردىكى ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش كەيپىياتى ئىپادىلەنگەن.

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئەمەلىيىتىدە ئەسەرنىڭ كومېدىيىلىك ياكى تراگېدىيىلىك خاراكتېرى بەكرەك سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. چۈنكى بۇنداق خاراكتېر ئەسەرنى، ئەسەر خاراكتېرىنى چۈشىنىش - تەھلىل قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. «بۇرۇت ماجىراسى» تەبىئىيكى تراگېدىيىلىك ئەسەر، دەرۋەقە، بىز بۇ ئەسەرنى ئوقۇغاندا، كۈلمەي تۇرالمايمىز. لېكىن بۇ كۈلكە ھەرگىزمۇ كومېدىيىلىك ئۇنۇم ھاسىل قىلىدىغان كۈلكە ئەمەس. بىر قىسىم مۇنەۋۋەر تراگېدىيىلەر، جۈملىدىن ھازىرقى زامان تراگېدىيىلىرى كۈلكىگىمۇ باي بولىدۇ. بۇنداق كۈلكىلەر ئەسەردىكى تراگېدىيىلىك تۈسنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ، تراگېدىيىلىك نەتىجىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. «بۇرۇت ماجىراسى» مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭدىكى كۈلكە ئادەملەردىكى مەنىۋى تراگېدىيىنى — بىھۇدە ئەندىشە - قورقۇمسىراش بىلەن ھايات خاتىرجەملىكىدىن مەھرۇم قېلىش، ئۆمۈرنى قىسقارتىۋېتىشتەك پاجىئەنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەسەردىكى تراگېدىيىلىك تۈسنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇڭا بىز بۇ ھېكايىدىكى «مەن» نى قانداقتۇر بىرەر ئادەمنىڭ كونكرېت ئوبرازى دېيەلمەيمىز، ئۇ — بىر خىل سىمۋول، ئادەملەردىكى مەنىۋى تراگېدىيىلىك ئامىللارنىڭ سىمۋولى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئاشنىلىرى — ھۆرمەتلىك كىتابخانلار!

تەھرىر بۆلۈمىمىز سىلەرگە چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ ۋە قىزغىن سالام يوللايدۇ. سىلەرنىڭ «تارىم» نىڭ دائىملىق خېرىدارى بولۇپ كەلگەنلىكىڭلارغا رەھمەت — ھەشقاللا ئېيتىدۇ.

«تارىم» بۇ يىل سىلەرگە كۆپلىگەن ئېسىل مېۋىلەرنى تەقدىم قىلدى. ئۇ سىلەرنىڭ ئېھتىياج ۋە ئارزۇيۇڭلارنى قاندۇرۇپ، سىلەرگە تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن كېلەر يىلى ئۆز سەھىپىسىنى يەنىمۇ جانلاندۇرۇپ ۋە بېيىتىپ، سىلەرگە تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ شېرىن ئېسىل مېۋىلەرنى تەقدىم قىلىدۇ. سۈپەتنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىدۇ.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، «تارىم» غا كېلەر يىللىق ئۈچۈن مۇشتەرى بولۇش ۋاقتى كېلىپ قالدى. سەنئىزدە بولسۇنكى، 1 - نويابىردىن باشلاپ پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ. پەيتنى قولدىن بېرىپ قويماڭ. ژۇرنالنىڭ ئايلىق باھاسى 1.40 يۈەن
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66 — 58

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

uyghurkitap.com



تەلئەت ناسىرى (ئۆزبېك)

# كۈنزار ۋە گۈلدار

## (داستان)

(بۇ داستاننى سۆيۈملۈك ئانام ھاجىنىساخانغا بېغىشلايمەن)

### مۇقەددىمە

پىنھان سۈرگەن خىياللار ئىچرە
قايتقىنىمدا بالىلىقىمغا.
ئولتۇرغاندەك بىلىنەر ئىدى
چۆچەك ئېيتىپ ئانام يېنىمدا.
مېھرى دەريا ئانىجانىمنىڭ
كۆكسى ـ قارنى كەڭ ئاسمان ئىدى.
سىۋۇغا قىلىپ ماڭا ئۆمرىنى،
نەۋ باھاردەك ياشناتقان ئىدى.
ھويلىمىزنىڭ يەر، تاملىرىدىن
ھىدلار ئىدىم ئانام ئىزىنى.
تۈنلىرىمدە كونا پەر ياستۇق
ئەسلىتەتتى ئانام مۇڭىنى.
قۇلىقىمدا ئانام ئاۋۇشى،
تىللىرىمدا سۆزلىرى قالدى.
«بەختلىك بول بالام!» دەپ سۆيگەن،
پېشانەمدە مېھرى ئوت ئالدى.
ئەلۋىلىكىم كىردەك يۇيۇلۇپ،
ئادەم بولۇپ يېتىلگىنىمدە.
ئانام قەدرى بىلىندى شۇنچە،
تۇپراققا ھەر ئېگىلگىنىمدە.

رەھىمسىز يىل، بېشەم شامالىلار
پەسلەتكەنچە ئانام قەبرىنى.
ئېگىزلەتتىم قەلبىم كۆكىدە
مۇنار ئەيلەپ ئۇنىڭ قەدرىنى.
ئۇرغۇپ تۇرغان يۈرەك قېنىمنى،
قەلەمدىكى سىياھقا باشلاپ،
ئانام ئۈچۈن يازدىم داستاننى،
كۆزلىرىمنى بالىدەك ياشلاپ.

### قوشماقلار

چۈشلىرىمدە كۆرەتتىم بېھىش
سەيلە ئېتىپ ئوڭۇمدا باغدا.
گۈل كېزەتتىم گۈللەردەك كۈلۈپ،
تاڭ قۇشلىرى كۈيلىگەن چاغدا.
يۈرىكىمدە ھايات شادلىقى،
قۇياش نۇرى مەڭزىمدە چاقنار.
باقسام كۆككە، ھەسەن ـ ھۈسەنگە،
دىلىم رەڭدار گۈللەردەك ياشنار.
ئۆزبېك قىزى لالە، رەيھاندەك
ھۆسن قوشقان باغ گۈلزارىغا.
ئۇنىڭ ئوتقاش ئەتلەس كۆڭلىكى

ئوخشايدىكەن چوغ گۈلدارىغا*.
تاغ قامەتلىك ئۆزبېك يىگىتكە
خوپ ياراشقان بەقەسەم تونى.
تون چاقنايدۇ ھەسەن ـ ھۈسەندەك،
قۇتلۇقلىنىپ باتۇرنىڭ يولى.

* *

ئېچىلغاندەك گۈللەرنىڭ گۈلى،
يېتىلگەندەك مېۋە سەر خىلى.
يورۇتۇپتۇ باينىڭ بېغىنى،
گۈزەللىكنىڭ شەمسى قەمەرى.
ئۇنىڭ بىرى كۈنزار ئىسىملىك
سادده كۆڭۈل، قاۋۇل يىگىتكەن.
باتۇرلۇقى، قەيسەر ـ مەردلىكى
داستانلاردا پۈتمەس بېيىتكەن.
ئىسمى زەپمۇ لايىق جىسمىغا،
بىر ـ بىرىگە بەكمۇ ياراشقان.
گۈلدار ئىكەن جانانىنىڭ نامى،
تەبىئەت ئاي قىلىپ ياراتقان.
كۈنزار، گۈلدار باللىقىدا
بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسۈپتۇ.
بىر ـ بىرىگە بولۇپ مەھلىيا،
بىللە يىغلاپ، بىللە كۈلۈپتۇ.
ئاپتاپ چۈشسە گۈلدار بېشىغا،
كۈنزار ئاڭا سايە بولاركەن.
قەترە قونسا كۈنزار مەڭزىگە،
يار مېھرىدە قۇرۇتار ئىكەن.
كۈنزار ئېيتسا ياڭرىتىپ ناخشا،
ئۇسسۇل ئويناپ كۈلەركەن گۈلدار.
بىر ـ بىرىگە يۈرەك ئىشقىنى
ئۇلار شۇنداق قىلاركەن ئىزھار.
كۈن ئۆتۈپتۇ، ئاي، يىل ئۆتۈپتۇ،
ئۇلار قوشماق بولۇپ ئۆسۈپتۇ.
ئەقلى ـ ھوشى، ھۆسنى، قامىتى
كامالەتكە راسا تولۇپتۇ.

## جەبرۇللا باي

ئار ـ نومۇستا، تىلدا، ئەقلدە
ئىنسان بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى.
ئەگەر ئادەم يۈرسە كىيىمسىز
بەتتەر بولار ھايۋاندىن ئەپتى.
ئىپتىدائىي زاماندا ئادەم
دەسلەپ ئەقىل تاپقان چېغىدا،
ئار ـ نومۇسنى ساقلىغان ئىدى
تېرە تارتىپ ئالدى ـ ئارقىغا.
شۇندىن بۇيان ئۆتتى كۆپ ۋاقىت
ئۆتتى يىللار، ئۆتتى ئەسىرلەر.
ئىنسان ئەقلى، ئىجاد، مېھنىتى
بەرپا قىلدى يېڭى دەۋرلەر.
يۇڭلۇق بەدەن سۆتتەك ئاقىرىپ،
ياپتى ئۇنى رەڭدار كىيىملەر.
ئايرىلمىدى كىيىمدىن ئادەم،
ئۆلگەندىمۇ كىيىدى كېپەنلەر.

* *

ئىزا، ھايا سۇلتان كۆڭۈلگە،
كىيىم ئۇلۇغ، كىيىمدۇر ئىجاد.
جەبرۇللا باي بىلگەچكە ئۇنى
بىر شۇملۇقنى قىلغانتى ئىجاد.
ئۇنىڭ سانسىز قۇل ـ مالايلىرى،
مەيلى ئايال، مەيلى ئەرلىرى،
ئۆتكۈزۈشسە بىرەر سەۋەنلىك
قالار ئىدى يالاڭ تەنلىرى.
ئالدىدىكى گۇناھكاردىن ئۇ،
سورار ئىدى:
— بۇ كىيىم كىمنىڭ؟
جاۋاب بېرەر ئىدى گۇناھكار:
— ئەي باي ئاتا، ئەلۋەتتە سىزنىڭ.
— ئۇنداق بولسا كىيىمنى سېلىپ،
يالىڭاچ كەت يېنىمدىن، — دەيتتى.

---

* گۈلدار — گۈللۈك، گۈل ـ نەقىش سېلىنغان، جۇلالىق.

www.uyghurkitap.com

خەق ئالددا يالڭاچ قىلىش
ئۇلار ئۇچۇن ئۆلۈمگە تەڭدى.
تىترىشەتتى شۇڭا ھەممىسى
جەبرۇالانىڭ بۇ بالاسىدىن.
كۆلۈپ جاننى ئالار ئىدى باي
ھۇزۇرلىنىپ ئۆز جازاسىدىن.

## قىلتاق

گۈلدار ئاتلىق گۈل سۈپەت ئىنسان
رۇخسارىدىن نۇرلار ياغدۇرۇپ،
بىر كۆرگەننى قىلاركەن بىھوش،
ھەر يۈرەكنى يالقۇنلاندۇرۇپ.
ئون ئالتىگە كىرگەن گۈلدارخان
تولۇپ شۇنچە ھۆسن ـ قامەتكە،
ئەقلى ـ ھوشى چاقناپتۇ كۈندەك،
تۇرمۇش يولى بەرگەن ئامەتتە.
جەبرۇللانىڭ گۈلچىسى بولۇپ
ئۆسكەچكە ئۇ باغدا ـ گۈلزاردا.
ئايلىنىپتۇ چوڭ بولغىنىدا
ئىسمى ـ جىسمى ئوخشاش گۈلدارغا.
ئۇ كىرگەندە باغقا ـ بىھىشكە،
ياپراقلارغا قۇياش قوناركەن.
قۇشلار سايراپ، گۈل ـ گىياھ نازغىنىپ،
نەغمىلەرگە ھەريان تولاركەن.
گۈزەللىكلەر مەستانە بولۇپ،
گۈل ـ چىمەنلەر ھوشى قاچاركەن.
مەخمەل چىملار بولۇپ پاياندار،
دەل ـ دەرەخلەر قۇچاق ئاچاركەن.
ئەتىر گۈللەر ئالسا خۇش پۇراق،
قىزىلگۈللەر لەۋلىرىدىن رەڭ.
دوست بىلمەككە قىزنى ئۆزىگە
باشلىناركەن گۈللەر ئارا جەڭ.
كېپىنەكلەر ئالدىراپ شۇندا،
بەرگ.لەرگە تۆكۈپ ئىشقىنى،
گۈلدىن ـ گۈلگە قونۇپ گۈل سۆيۈپ،
باغلار ئىكەن دوستلۇق رىشتىنى.
گۈل ئاشىقى گۈلچى قىز شۇندا
كۆلگە قاراپ يول ئالىدىكەن.
گۈلزارلىقتا تۇتاش ئېرىقتا
ئاشۇ كۆلدىن سۇ ئاچىدىكەن.
سۇغارغاندا يەلتىزلارنى ئۇ،
ئېچىلاركەن غۇنچە كۈلگەندەك،
ئىغاڭلىشىپ گۈللەر ھەريانغا،
مەست بولاركەن شاراب ئىچكەندەك.
چىن مۇھەببەت پاك دىلغا راۋا،
ناپاك دىلغا ئۇ مەنسۇپ ئەمەس.
ئىككى دۇنيا ـ ئىككى تىلەك ئۇ،
ئىشق بىلەن شەھۋانىي ھەۋەس.
جەبرۇللانىڭ قارا دىلىغا،
چۈشتى بىردىن يامان بىر ھەۋەس.
چاڭ سالماقچى بولدى گۈلدارغا،
ھۇزۇر ئالماق بولۇپ بىر نەپەس.
ئۇ ئۆزمەكچى بولغان گۈلنىڭ
تىكىنىدەك كۆرۈپ كۈنزارنى.
تۈلكە كەبى ھىيلە ئىشلىتىپ،
ئايرىماقچى بولدى جۈپلەرنى.

يالغان ئاغرىپ، بېشىنى تېڭىپ،
كېسەلمەندەك ئورۇندا يېتىپ.
چاقىرتتى ئۇ كۈنزار، گۈلدارنى
كۆيۈنگەندەك قىياپەت ئېلىپ.
ـ باللىرىم،ـ دېدى سۆز باشلاپ،
قېرىپ قالدىم، ھالىمدىن كەتتىم.
چوڭ قىلغىچە سىلەرنى شۇنداق،
ئېشىپ باردى غەم ـ قايغۇ، دەردىم.
بەختىڭلارنى ئويلاپ كۈن ـ تۈنى،
كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ كەلمىدى،
ئەقىل تېپىپ ئۆستۈڭلار، شۈكرى،
قىلغان ئەجرىم بىكار كەتمىدى.

كۆدەك چاغدا ئاكا - سىڭىلدەك
يۇردۇڭلار ھەم ئۆستۈڭلار يايراپ.
مانا ئەمدى تاھىر - زۆھرەدەك،
جۇپ بولدۇڭلار زوقۇمنى قوزغاپ.
قارىغانچە تويماي سىلەرگە،
ياخشى نىيەت كەلدى كۆڭلۈمگە.
ئىككىڭلارنى پەيتى كەلگەندە
جەم قىلماقچى بولدۇم بىر ئۆيگە.
بىراق تۇرمۇش بەكمۇ مۇرەككەپ،
ئالدىرىغاننى قالدۇرار يولدا.
ئىسسىق - سوغۇقنى باشتىن ئۆتكۈزمەي،
ئالماق قىيىن بەختنى قولغا.
مۇشۇك ئەسلا بولالماس يولۋاس،
تاغ قارىغىيى سوغقا چىدايدۇ.
كۆنزار بالام كۆڭلۈمنى چۈشەن،
ئەر يىگىتنى مۇشكۇل سىنايدۇ.
ئۇيان - بۇيان ئويلاپ قانچە كۈن،
سېنى تاغقا جۆنەتمەك بولدۇم.
مېنىڭ قولۇم، كۆزۈم بولار، دەپ
چوپانلارغا باش قىلىپ قويدۇم.
قولۇڭغا ئال ئەمدى قامچىنى،
قارسىلداتقىن، ياڭراتقىن تاغدا.
گۈلدار بىلەن جەبرۇللا ئاتاڭ،
ياد ئېتىدۇ سېنى ھەر چاغدا.

* *

سۆيگىنىدىن ئايرىلدى يىگىت،
تىلدى ئازاب يۈرەك - باغرىنى.
يولغا چىققتى سۇغارغان مىختەك،
يۇدۇپ دەردۇ - ھىجران تېغىنى.
ئاق يول تىلەپ قالدى مۇڭلۇق قىز
سۈزۈك پەردە توراپ كۆزىنى.
شەبنەم ئوينار مەڭزى، لېۋىدە،
تىترەتكەندەك گۈلنىڭ بەرگىنى.

## يالىڭاچلار

ئات ئۈستىدە ئويچان بىر يىگىت،
يېتىپ كەلدى گۈزەل يايلاقتا.
ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى
قارىغانچە ئەتراپ - ھەر ياققا.
تارتقان دەردى ئازلىق قىلغاندەك،
قوشۇلدى ھەم يېڭىدىن دەردلەر.
قىپيالىڭاچ يۈرۈشەر ئىندى
چارۋىچىلار ھايۋاندىن بەتتەر.
يوشۇرالماي ھەيرانلىقىنى،
سورىدى ئۇ يايلاق ئەھلىدىن.
— نىچۈن بۇنداق يۈرۈيسىلەر بۇندا،
قورۇنماسىلەر كۆرگەن خەقلەردىن.
كۆدەكلەرچە بىرىلگەن سوئال
چوپانلارنى قىلدى بەك ھەيران.
دېدى ئۇلار: بىزدە نە ئامال،
جەبرۇللا باي ئەيلىدى ۋەيران.
كىيىمىزنــى شامالغا بىرىپ،
كىيىملەرنى سالدۇرۇپ كەتتى.
كىشەن قىلىپ نومۇسنى بىزگە،
ھېچ قاياققا كېتەلمەس ئەتتى.
ئۆي سورىساق دېدى غۇدىراپ:
— تاغ غارىدا يېتىپ قوپۇڭلار،
تەڭرى بەرگەن ئاشۇ ماكانغا
ئىنساپ ئەيلەپ شۈكرى قىلىڭلار!
ئۆي — ماكانسىز، كىيىم - كېچەكسىز
يۈردۈق تاغدا ياۋايى بولۇپ.
ھاي چارۋىسى سەمرىدى يامراپ،
بىزلەر يۈردۈق قاخشالدەك قۇرۇپ.
تىترەپ كەتتى يىگىت يۈرىكى
چوپانلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ.
سەكرەپ چۈشتى ئېگەردىن شۇئان،
قەھرلىك ئوت كۆزىدىن چاقناپ.
ئۇ چۈشەنگەن، بىلگەن ئىندى ھەم

www.uyghurkitap.com

جەبرۇللانىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى.
شۇڭا سۇندى يالغاچلارغا
ئۈستىدىكى لىباس ـ ئەگلىنى.
ئۆزى قېلىپ يالاڭ تامبالدا،
يېنىكلىدى تاش باسقان قەلبى.
خۇش ھىد چاچتى يايلاق گۈلدەك،
چوپانلارغا قوشۇلۇپ قەددى.

* *

ئاي، يىل ئۆتۈپ، چاچ ـ ساقال ئۆسۈپ،
ساقايماستىن كۆڭۈل يارىسى،
تامبىلىمۇ تىتىلىپ تامام،
بولدى ئۇمۇ تاغ «ياۋايىسى».
چىرايلىرى سۇرلۇك تۇس ئېلىپ،
ئۆزگەرسىمۇ پۈتكۈل سىياقى،
ئۆزگەرمەستىن يالقۇنجاپ باردى
يارغا بولغان ئىشقى ـ پىراقى.
تاغدا يۈزگەن جۈپ ـ جۈپ جانىۋارلار،
ئوتلاقتىكى كېپىنەك، گۈللەر
گۈلدارىنى ئەسلىتىپ ئاڭا،
سېغىنىشتا ئۆتەتتى كۈنلەر.
چىدىيالماي پىراقتا بەزەن،
يار يېنىغا بارماق بولاتتى.
ئەمما قاراپ يالاڭ تېنىگە،
يۈرىكىگە ئەلەم تولاتتى.

## چاڭگال

كۈنزار تاغقا كەتكەندىن بۇيان،
جەبرۇللانىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ.
ھاغقا كۈندە باراتتى نەچچە،
قىزغا يامان كۆزىدە بېقىپ.
غەرىزىنى چۈشىنىپ باينىڭ،
گۈلدار جانىنى ئېلىپ قولىغا.
قورىغاندەك خۇددى چىۋىننى،
يولاتمىدى ئۇنى يېنىغا.

جەبرۇللانىڭ تاقىتى تۈگەپ،
كەينى ئۇچۇق قىلماقچى بولدى.
تەلپىنگە كۈنىسە گۈلدار،
ئۇنى زورلاپ تۇتماقچى بولدى.

گۈل قەدرىنى بۇلبۇلدىن سوراڭ،
يار قەدرىنى ئاشىق نىگاردىن.
يۈرەك رىشتى ئۈزۈلمىدى ھىچ،
سېھرى ئاتەش، كۆزى خۇماردىن.
گۈلدار باغدا، يۈرىكى تاغدا،
يارى بىلەن كېزەر خىيالى.
ياپرىقىدىن جۇدا گۈل كەبى
سولدى قىزىل گۈلدەك چىرايى.
ئۇ كۆرگەندە باغ قۇشلىرىنى،
ياش ئاققۇزۇپ تارام ۋە تارام،
نالە قىلىپ قاناتلىقلارغا،
يوللار ئىدى يارىغا سالام.

* *

مۇڭغا پېتىپ كۆل بويىدا قىز،
سۇغا بېقىپ ئولتۇرغىنىدا،
يەرگە چۈشتى بىر قارا سايە،
كىمدۇر كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا.
قىز چۆچۈدى، تۇردى ئورنىدىن،
جەبرۇللانى كۆردى ئالدىدا.
قاق ـ قاقلىدى كالاچتەك ئېغىز،
خۇشال بولۇپ قىزنىڭ ھالىغا.
ــ تاغدەك ئادەم تۇرسا يېنىڭدا،
چۆچۈپ، قورقۇش ساڭا نە ھاجەت.
جەبرۇللا كاڭ بولسا يېنىڭدا،
ياغار ساڭا ھەر قاچان ئامەت.
كۈنزارىڭنى ئۇنۇتقىن ئەمدى،
ئۇ يىراققا كەلمەسكە كەتتى.
چوپانلارغا قوشۇلۇپ تاغدا،
ئۆزگىلەرگە دىل بەخش ئەتتى.
دەردمەن بولۇپ قالدۇق ئىككىمىز،

ھالىمىزغا ئەمدى كىم يەتسۇن.
كۆلبەمگە بار، ئاي جامالىڭدىن
جەبرۇللاكاك ئايلىنىپ كەتسۇن.
ئەگەر كۆنسەڭ مېنىڭ سۆزۈمگە،
بار بىساتىم تەئەللۇق ساڭا.
جاھىللىق قىپ بويۇن تولغىساڭ،
كۆتەر سېنى رەھىمسىز جازا...
گۆلدار ئېيتتى:
ـــ ئەي ئىنساپسىز باي،
مېنى قىيناپ قورقۇتالمايسەن.
قۇلمەن ساڭا،
ئەمما قەلبىمنى،
مەڭگۈلۈككە قول ئېتەلمەيسەن.
مېنىڭ بارىم كۆنزارغا راۋا،
ئۇنىڭسىز گۆر ماڭا ھاياتلىق.
مەيلى كەلسۇن ـ كەلمىسۇن، ئىشقى
يۈرىكىمدە يانار داۋاملىق.
بۇلبۇلغا گۆر سارىنىڭ ئۇۋىسى،
قاپقىنىڭغا مېنى زورلىما.
ھوشلۇق ئادەم بىرلا ئالدىنار،
كۆزلىرىمنى ئەمدى تورلىما.
جەبرۇللانىڭ تاقىتى تۈگەپ،
قىزغا چاڭگال سالماقچى بولدى.
گۆلدار ئۇنى يېقىن يولاتماي،
كۆلگە ئۆزىنى ئاتماقچى بولدى.
ـــ توختا!
دېدى يىراقلاپ قىزدىن،
جەبرۇللا باي توپتەك پىرقىراپ.
ـــ ئۇستۈڭدىكى كىيىم ـ كېچەكلەر،
كىمنىڭ ئېيتقىن؟ ـــ دېدى خىقىراپ.
مەقسىتىنى چۈشىنىپ باينىڭ،
گۆلدار بىردىن تەمتىرەپ قالدى.
ئۇيات ـ نومۇس مەڭزىنى ئۆرتەپ،
ئۆز ھالىدىن ئەنسىرەپ قالدى.
ئۇ سەكرىسە كۆلگە بەرىبىر،

باي مۇردىنى سوزۇپ ئالاتتى.
يېشىپ ئېلىپ كىيىملىرىنى،
بەدىنىنى يالىڭاچ قوياتتى.
خارلىناتتى ئۆلگەن چاغدىمۇ
باي قولىدا نومۇسلۇق تېنى.
شۇڭا بىردىن توختاپ قالدى قىز،
تىل ـ تاياقسىز بىقىراپ جېنى.
پەرزەنتىنى يىلىلىق باغرىغا
ئەركىلىتىپ باسقاندەك ئانا.
تەبىئەتنىڭ سېھىرلىك مېھرى
بولدى قىزغا گۆل پەردە ـ پاناھ.
ھەمدەم بولۇپ گۆلدار ھالىغا،
ئۇچۇپ كەلدى بىر توپ كېپىنەك.
ئايىغىدىن تا بويىنىغىچە،
ئوراپ ئالدى رەڭدار پەردىدەك.
قىز چۈشىنىپ بۇ ئىشارىنى،
ئۇستىدىكى كىيىمنى تاشلىدى.
يۆگىدى ـ دە جەبرۇللابايىنىڭ
قاق بېشىغا ئېتىپلا قالدى.
ئاتتى ـ دە، ئۇ
سۇغا سەكرىدى.
چوڭقۇر كۆلنىڭ تۈۋىنى دەللەپ.
قېرىشقاندەك چۆكمىدى بېشى.
سۇ يۈزىدە ئالمىدەك لەيلەپ.
بوستاندىكى ھەر خىل گۆل ـ گىياھ
سەپتى رەڭدار بەرگىلىرىنى.
سۇ يۈزىنى قاپلىدى گۆللەر
چېچىپ ھەر يان ئەتىرلىرىنى.
باي چاقىرىپ مالاي، قۇللارنى
كۆلدىن قىزنى بولدى چىقارماق.
ئايرىغلى گۆلدارنى گۆلدىن
تاپالمىدى ئامال ھېچقانداق.
ئەنە كۆرۈڭ، سىرلىق مۆجىزە
بۇ سورۇندا بىردىن تۆرەلدى.
قاياقتىندۇر زىل ـ زىلە سېلىپ،

www.uyghurkitap.com

گۈلدار!
دېگەن ئۈن ـ سادا كەلدى.

## نۇر ئادەم

دالدىغا ئېپ ئۆزىنى كۈنزار
ئولتۇرسىمۇ شەمشاد تۇۋىدە.
قاناتلىنىپ ئۇچقۇر خىيالى،
كەتكەن ئىدى گۈلدار گۈلىگە.
قاراسلىدى گۈلدۇرماما ھەم
يېرىلغاندەك ئاسمان گۈمبىزى.
بىر كارامەت يۈز بەردى شۇدەم
ھەيرانۇ ـ ھەس قالدۇرۇپ ئۇنى.
بىر ئاجايىپ نۇرلۇق چەمبىرەك
يەرگە ئاستا قوندى نۇر چېچىپ.
بۇ پايانسىز تاغلىق يايلاقتا
قۇياش مېھمان بولغاندەك كېلىپ.
ئۆزەلمەستىن كۈنزار كۆزىنى،
ئاڭا بىھۇش قاراپ تۇرغاندا،
چىقىپ كەلدى ئۇنىڭ ئىچىدىن
بىر غەلىتە نەرسە شۇئانلا.
ئۇ نىشانلاپ كۈنزار تامانىنى،
ئاستا مېڭىپ يېنىغا كەلدى.
تاڭ قالدۇرۇپ تېخىمۇ ئۇنى
سۆز سۆزلىدى ئۆزبېك تىلىدا:
خىيالپەرەس ئەي ئاشىق يىگىت،
غەپلەت، مۇڭغا بولمىغىن ئەسىر.
يېتەي دېسەڭ يارىڭ ۋەسلىگە،
زۇلمەتلەرگە قىلمىغىن تەخىر.
تاغ سۈيىدەك تىرەنگە ئاقماي،
بۇلاقلاردەك ئۇقچىغىن تاشتا.
چىن ئاشىقنى سىنايدۇ ھىجران
نى كۈلپەتلەر ياغدۇرۇپ باشقا.
بۇلۇتلارنى يىرتقان چوققىدا
مۇز قاپلىغان سىرلىق بۇلاق بار.
ئاشىق ياقسا باغرىنى ئاڭا،
مۇز بۇلاقنىڭ يۈزى ئېچىلار.
چىقىش ئۈچۈن ئېگىز چوققىغا
ئۈچ داۋاندىن ئېشىپ بارسەن.
بوران، ئوت، مۇز توسقۇنلىرىنى
ئىرادەڭدە يېرىپ بارسەن.
يېنىڭدىكى ھەمراھ قامچاڭغا
خىسلەت بەردىم قۇدرىتى چەكسىز.
ياخشىلىققا ئىشلەتسەڭ ئۇنى
مۇرادىڭغا يېتىسەن شەكسىز.
تۇر، يول ئالغىن، نىشانغا بارغىن،
بەختىيارلىق ساڭا يار بولسۇن.
توسقۇنلىرىڭ ئاياغ ئاستىڭدا
مۆلدۈر كەبى ئېرىپ، خار بولسۇن!
— دېدى ـ دە، ئۇ قايتىپ ئارقىغا،
نۇر تاۋاققا سىڭىپ يوقالدى.
كۆتۈرۈلۈپ پەلەككە شۇئان
كۆك ئاسمانغا قاراپ يول ئالدى.
چۈش كۆردىمۇ ياكى ئوڭىمۇ،
يېتەلمەستىن كۈنزار پەرقىگە.
نۇر ئادەمنىڭ نۇردەك چاقنىغان
سۆزلىرىنى پۈكتى قەلبىگە.

## سىرلىق بۇلاق

كۈنزار ئېلىپ سۆيگۈدىن يالقۇن،
ۋۇجۇدىدا ئۇقچىدى غەيرەت.
يەتمەك ئۈچۈن يار ۋىسالىغا،
ئاتقا مىنىپ يول ئالدى ھەيۋەت.
كۈنگە، ئايغا سەپەر قىلغاندەك،
ئۇ ئۆرلىدى بۈيۈك چوققىغا.
شامال بولۇپ ماسلاشتى ئېتى
ئىگىسىنىڭ مىجەز خۇلقىغا.
ئۆرلەپ ـ ئۆرلەپ چوققىغا چىقىپ،

مۇز بۇلاققا يەتتى قەدىمى.
كۈنزار مۇزغا باغرىنى ياقتى
تېز كۆرمەككە يارىنىڭ ۋەسلىنى.
مۇز ئېرىدى، بۇلاق ئېچىلدى،
سۇ يۈزىدە بىر باغ كۆرۈندى.
باغ كۆلىدە گۈلدارنىڭ چېھرى
ئاڭا سولغان گۈلدەك بىلىندى.
گۈلدار!
كۈنزار!
ئەكس سادالار
تاغ-تاشلارنى زىل-زىلە ئەتتى.
يار ھالىغا يۈرىكى يېنىپ،
كۈنزار بۇندا پەريادلار چەكتى...

## بەقەسەم تون

ئۇ بىردىنلا ھوشىغا كېلىپ،
دەس تۇردى-دە، ئېتىغا مىندى.
يەتمەك ئۈچۈن يايلاققا تېزدىن،
يۇلتۇز كەبى تۆۋەنگە ئۇچتى.
بۇرنىغاندا ئاتىنىڭ بېشىنى
كۈنزار يارى تامان قارىتىپ.
ئەل ئىچىدىن چىقىپ مويسىپىت،
دەم توختاتتى ئاڭا سۆز ئېيتىپ.
دېدى بوۋاي: بالام شۇ ھالدا
خەق ئالدىغا بارساڭ سەت بولار.
قىپيالىڭاچ بەدەنلىرىڭنى
يارىڭ كۆرسە يۈزى ئۇيۇلار.
تېڭىرقىدى بوۋاي سۆزىدىن
كۈنزار سىلاپ بەدەنلىرىنى.
قىلالمىدى قوزغاشقا جۈرئەت
ئىسترەپ تۇرغان قەدەملىرىنى.

* *

بۇ چاغ تارقاپ ئېغىر تۇمانلار،
ھاۋا كۆلۈپ ئېچىلغان ئىدى.
يامغۇر يۇيغان مەخمەل ئوتلاققا
ئالتۇن زەرلەر چېچىلغان ئىدى.
يورۇپ بىردىن كۈنزارنىڭ كۆڭلى،
كۆزلىرىنى تىكتى ئاسمانغا.
كۆكتە كۆرۈپ ھەسەن-ھۈسەننى،
بىلەكلىرى كىردى دەرمانغا.
نۇر ئادەمنىڭ سۆزىنى ئەسلەپ،
قامچىسىنى سىلكىدى كۆككە.
ھەسەن-ھۈسەن قامچا ئۇچىدا
يەلپۈلدىدى ئايلىنىپ رەڭگە.
سىلكىگەندە ئىككىنچى قېتىم
قامچىسىنى ئوينىتىپ قولدا.
ئىگە بولدى ئۇ ھەم چوپانلار
جىلۋىلەنگەن بەقەسەم تونغا.
يالىڭاچلار كىيىپ يېڭى تون،
يۈرەكلىرى تېپچەكلەپ كەتتى.
ھېيت ئايەم بولۇپ يايلاقتا،
شاد ناۋالار پەلەككە يەتتى.
كۈنزار ساڭا ئاپىرىن! دېدى
يايلاق ئەھلى ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.
چاقنار ئىدى بەقەسەم تونلار
ھەر بەدەنگە ھۆسىن كىرگۈزۈپ.
بوۋاي ئېيتتى: ئەمدى يار بالام،
قۇتلۇق سەپەر ساڭا يار بولسۇن.
يەتكىن ئارزۇ — ئارمانلىرىڭغا،
ئايىغىڭدا ھىجران خار بولسۇن!

## ئەتلەس كۆڭلەك

بەدنىيەتتە بولامدۇ نومۇس،
دىلدىن ئۇرغۇپ تۇرسا يامانلىق.

ئۇ كەلمەيدۇ ئەسلا ھوشىغا،
تەكمىگەچە پەشۋا داۋاملىق.

* *

قىزنى كۆلدىن چىقارماق بولۇپ
ئىمپىرلايىتتى جەبرۇللا باي.
تەلمۈرەتتى يېنىشلاپ كۆلگە،
كۆلدىن قىزنى پەرق ئېتەلمەي.
ئۇ دۆشكەلەپ مالاي، قۇللارنى
چۆشۈرمەكچى بولغاندا سۇغا،
ئاتلىق كەلگەن كۆنزارنى كۆرۈپ،
ئىگراپ كەتتى يېگەندەك ئوغا.
دېدى: قارا بۇ ئەخمەق قىزنى،
نان كورلۇق قىپ قاچماقچى بولدى.
توسۇپ ئالسام نەسىھەت قىلىپ،
سۇغا سەكرەپ ئۆلمەكچى بولدى.
خىيالىمغا كېلىپ سەن شۇ دەم،
نە قىلارىم بىلمەي تۇرغاندا،
خۇدا ئۆزى يەتكۈزدى سېنى،
گەپ قىلغىن ئۇ خۇدا ئۇرغانغا...
بەس قىل! دېدى ۋارقىراپ كۆنزار،
قامچىسىنى ئالدى يېنىدىن.
سۆرلۈك قاراپ جەبرۇللا باينى،
جۇدا قىلدى «شېرىن» تىلىدىن.
شىلتىغاندا قامچىنى كۆنزار
باي ئايلاندى كىچىك قۇرتقا.
ئۇچۇپ چۈشتى دەرەختىن بىر قۇش
چاڭ سېلىپ بۇ يېڭى ئوزۇققا.
قۇل، مالايلار كۆرۈپ بۇ ھالنى،
يۆرەكلىرى شادلىنىپ كەتتى.
ئىگە بولۇپ بەقەسەم تونغا،
خۇشاللىقى پەلەككە يەتتى.

*

ئاتتىن چۈشۈپ يۈگۈردى كۆنزار،
كۆل تامانغا ــ يارى تامانغا.
گەر گۈلدارنى كۆرسە شادلىقتىن

پاتماي قالار ئىدى جاھانغا.
ئۇ قاردى سۇنىڭ يۈزىگە،
كۆرۈنمىدى ئىزدىگەن رۇخسار.
بىلەلمىدى بەرگىلەر ئىچرە
قايسىسى گۈل، قايسىسى گۈلدار.
ئاتەش بولۇپ ئۆرتەنگەن يۈرەك
نۇر، ھارارەت ئۇرغۇتتى كۆزگە.
كۆنزار كۆردى تونۇش چىرايىنى،
خۇشاللىقى چاقنىدى يۈزدە.
شەپەقلەرگە مۆكۈنگەن ئايدەك،
ياپراقلارغا چۆمگەن ئالمىدەك،
سۇ يۈزىدە بەرگىلەر ئارا
گۈلدار تۇرار گۈللەر تاجىدەك.
ــ گۈلدار!

گۈلدار!

جانۇ ـ جانانىم!
تىلىدا تىللا، دىلىدا چولپانىم.
قولۇڭنى بەر، چىققىن بۇياققا،
باغرىم بولسۇن ئاتەش دەرمانىڭ.
قىزدىن سادا كەلدى يىگىتكە:
ــ چىقالمايمەن، چاقىرما مېنى،
ئار ـ نومۇسلۇق ئۆزبېك قىزىمەن،
لىباسسىزدۇر گۈلدارىڭ تېنى...

* *

تەبىئەتتىن ياڭرىدى سادا،
تىلغا كىردى كېپىنەك، گۈللەر.

گۈلدار!

گۈلدار! چىقىۋەر كۆلدىن،
سېنىڭ رەڭدار لىباسىڭ بىزلەر.
چىقىۋەر، دەپ شىۋىرلاپ بوستان،
چىقىۋەر! دەپ سايرىدى قۇشلار.
باغ تەۋرىدى، گىياھلار كۈلدى،
قىزغا ياغدى ھەر ياندىن قۇتلار.

كائىناتتىن نۇر سۇلسا قۇياش،
يەردىن سۇندى ئاشىقى قولنى.
لەئەل ـ ياقۇت چىمىرلىغاندەك،
بىر تەۋرىنىش قاپلىدى كۆلنى.
مۇھەببەتنىڭ چەكسىز قۇدرىتى
قىز قەلبىگە ھۆكۈمران بولۇپ.
يىگىت تامان قوزغاتتى ئۈنى،
ھەر ئىككى دىل يىپسىز باغلىنىپ.
قىز يىگىتنىڭ قولىدىن تۇتۇپ،
ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرگەن دەمدە،
سۇ يۈزىدە رەڭدار بەرگلەر،
بەدىنىنى ياپتى قەدەمدە.
چىققىنىدا قىرغاقىقا گۈلدار،
گۈل ـ بەرگلەر بولدى گۈل لىباس.
چاقنار ئىدى ئۇتقاش كۆڭلىكى
گۈلشەنلەردە كۈلگەندەك قۇياش.
قوندى بىر توپ رەڭدار كېپىنەك،
قىز بېشىغا گۈلگە قونغاندەك.
چىمەن بۆككە ئايلاندى ئۇلار
جۇلالىنىپ لەئەل ئۇتقاشتەك.
دەرەخلەردىن چېچىلىپ چاچقۇ،
قىز قولىغا ياپراقلار تولدى.
تۇرتۇپ قىزنى يىگىت تامانغا،
ياپراق شايى قىيىقچا* بولدى.
گۈلدار تەزىم بەجا ئەيلىدى
تەبىئەتكە مىننەتدار بولۇپ.
قولىدىكى قىيىقچىسىنى
چىگدى يىگىت بېلىگە كۈلۈپ.

كۈنزار كۆرۈپ گۈلدار ۋەسلىنى،
ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالدى.
بېلىقلاردەك تىپىرلاپ يۈرەك،
بىر دەقىقە تىنالماي قالدى.
تەستە بېسىپ ھاياجىنىنى،
قۇچىقىنى يايدى يارىغا.
باغدا قالغان خۇش بۇي گۈلنى،
تاغدىن كېلىپ باستى باغرىغا.

ئۆز تىلىدا كۈيلەر ياڭرىتىپ،
باغ قۇشلىرى تەنتەنە قىلدى.
يول ئالغاندا گۈلشەنگە ئۇلار
چىمەنزارلار پاينداز بولدى؛
بەقەسەم تون، ئەتلەس كۆڭلەكنى
گۈل ـ گىياھلار ئارىغا ئالدى.
ئىككى ياران، ئىككى ئاتەش دىل
باغ ئىچىدە گۈل بولۇپ قالدى.

**خاتىمە**

ئۆزبېكلەرنىڭ توي ـ تۆكۈنلىرى،
ھېيت ـ بايرام ۋە نوۋرۇز كۈنلىرى.
يېڭى كىيىم، نازۇ ـ نېمەتتىن
ئۆتەر ياڭراپ شادلىق كۈيلىرى.
بەقەسەم تون كىيسە يىگىتلەر،
ئەتلەس كۆڭلەك كىيەر قىزلىرى.
لىباسلىرى چاقناتسا كۆزنى،
ئاي، قۇياشتەك كۈلەر يۈزلىرى.

*شايى قىيىقچا ـ ئۆزبېك قىزلىرى سۆيگەن يىگىتلىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ، بېلىگە باغلاپ قويىدىغان كەشتىلەنگەن يىپەك بەلباغ.

كتاب تور بېكتى



## ماكسىم گوركىي كىتابنى جېنىدىن ئەۋزەل كۆرەتتى

ماكسىم گوركىي كىچىك ۋاقتىدا كىتاب ئوقۇشقا كارامەت بېرىلەتتى. بۇ ھەقتە ئۇ: «بىرى ماڭا سەن كىتاب ئوقۇۋالغىن، ئەمما شۇ سەۋەبتىن مەن سېنى كالتەك بىلەن راسا كېلىشتۈرۈپ ئۇرۇۋالاي! دەپ شەرت قويسىمۇ، جان-دىلىم بىلەن ماقۇل بولاتتىم» دەيدۇ.

بىر قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەندە، ئۇ ئالدى بىلەن لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوت دېڭىزىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كىتابلارنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقىدۇ، ئۆزى كۆيۈپ كېتىشكە تاس قالغان بولسىمۇ قىلچە پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇنىڭ كىتابقا بولغان باھاسى مۇنداق ئىدى: كىتاب بىر تەرەپتىن، مېنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىمگە ۋە قەلبىمگە ئىلھام بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، مېنىڭ چوڭقۇر بىر پاتقاق ئىچىدىن ئۆرە تۇرۇۋېلىشىمغا ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر كىتابنىڭ خاسىيىتى بولمىغان بولسا، ئاشۇ پاتقاق ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتكەن بولاتتىم.

لىشىپ ئولتۇرمايتتى. ئۇ: «پويىز ئىستانسىسى، پورت، دوختۇرخانا، دوختۇرخانىنىڭ نۆۋەت كۈتۈش بۆلۈمى، ئايروپىلان ياكى يېزا-كەنتلەردىكى كىرسىن چىراغنىڭ تۈۋى، پاشىلىق — ھەممىسى مېنىڭ كىتاب ئوقۇيدىغان جايىمدۇر» دەيدۇ. ئۇ ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ يىراقراق جايغا بارىدىغان چاغدا يادلايدىغان شېئىر، قەدىمىي ئەسەر ياكى چەت ئەل تىلىدىن خام سۆزلەرنى ئۆيدىن چىقىشتىن ئاۋۋال تەييارلىۋالمىسا، شۇ قېتىمقى ئاپتوبۇسقا بىكار ئولتۇردۇم، دەپ ھېسابلايتتى. بىرەر ياخشى ئەسەر ئوقۇۋالغان ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنۇم ئالغان كۈننى بىكار ئۆتكۈزمىدىم، دەيتتى. ئۇ: بىر ئادەم ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باغلىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، مىجەز-خۇلقى ۋە كۆكسى-قارنى ئۆزگىرىدۇ، بىر ئائىلىدە ئۆگىنىشكە بېرىلىدىغان ئادەم بولسا، شۇ ئائىلىنىڭ كەيپىياتى ئۆزگىرىپ بارىدۇ؛ جەمئىيەتتە ئۆگىنىشكە بېرىلىدىغان ئادەم بولسا، جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتى ئۆزگىرىپ بارىدۇ، دەيدۇ.

## ھارغانلا يېرىدە كىتاب ئوقۇش

زامانىمىزدىكى يازغۇچىلاردىن خۇاڭ زۇڭيىڭنىڭ كىتاب ئوقۇش ئالاھىدىلىكى ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئۇ كىتاب ئوقۇشتا مۇھىت-شارائىت بىلەن ھەرگىز ھېساب-

## ئۆمۈر بويى قېتىرقىنىپ كىتاب ئوقۇش

رۇسىيە يازغۇچىسى تولستوي ياش ۋاقتىدا كىتاب ئوقۇپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش جەھەتتە ئاجايىپ كاتتا پىلان تۈزگەن. ئۇنىڭ پىلانى رۇسچىنى ۋە باشقا

چەت ئەل تىللىرىنى تەتقىق قىلىشنىمۇ ئۆز
ئىچىگە ئالغان. تارىخ، جۇغراپىيە، ستاتىس‌ـ
تىكا، ماتېماتىكا ۋە مۇزىيىشۇناسلىق قاتارلىقـ
لارنى تەتقىق قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئىقتىسادشۇناسـ
لىقنى تەتقىق قىلىشىمۇ ۋە بەزى ئىلمىي
ماقالىلەرنى يېزىشنىمۇ كۆڭلىگە پۈككەن. ئۇ
كۆپلىگەن كىتابلارنى ئوقۇپ چىققانىنىڭ
سىرتىدا، ئۆز پىلانىنىڭ تولۇق ئەمەلگە
ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن
بەزى نىزاملارنىمۇ تۈزۈۋالغان. ئۇنىڭ نىزاـ
مىغا: ياشاش نىشانى بولۇش، يەنى ئۆـ
مۈرلۈك نىشان، بىر مەزگىللىك نىشان،
بىر باسقۇچلۇق نىشان، بىر
يىللىق نىشان، بىر ئايلىق نىشان، بىر ھەپـ
تىلىك نىشان، بىر كۈنلۈك نىشان، بىر
سائەتلىك نىشان، بىر مىنۇتلۇق نىشان
بولۇشى ھەمدە چوڭ نىشان يولىدا ئۇشـ
شاق نىشانلارنى قۇربان قىلىش كېرەك
دېگەن بىر ئابزاس سۆز يېزىلغان. ئۇنىڭ
ياشاش نىشانى كىتاب ئوقۇشنىمۇ ئۆز ئىچىـ
گە ئالغان، ئەلۋەتتە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن،
ئۇ مىنۇت ـ سېكۇنتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆـ
زىنىڭ كىتاب ئوقۇش پىلانىنى زادىلا ئۆزـ
گەرتمەي، ئۇنىڭغا ئىزچىل ئەمەل قىلىپ
كەلگەن.

ياسىن ھاۋازى تەرجىمىسى

## ھېمىڭۋاينىڭ يېزىقچىلىق ئادەتلىرى

### يەتتە تال قېرىنداش

ھېمىڭۋاي ھەر كۈنى ئەتىگەن
سائەت ئالتە يېرىمدىن 12 يېرىمغىچە ئۆرە
تۇرۇپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن يېزىقچىلىق
قىلاتتى، ئۇ ئادەتتە بىر ئولتۇرۇشىدا ئالتە
سائەتتىن ئوشۇق يېزىقچىلىق قىلمايتتى،
گاھىدا بىر ئىككى سائەت ئوشۇقراق ئولـ
تۇرۇۋېتەتتى. تۈزىتىشكە ئاسان بولسۇن
ئۈچۈن، قېرىنداشتا يېزىشنى ياخشى كۆـ
رەتتى. بەزىلەر ھېمىڭۋاي يېزىقچىلىق
بىلەن شۇغۇللانغاندا، كۈنىگە 20 تال قېـ
رىنداش ئىشلىتىدىكەن، دېگەندە، ئۇ
نەدىمۇ ئۇنچىلىك قېرىنداش كەتسۇن،
ئوڭۇشلۇق يازالىسام كۈنىگە يەتتە تاللا
قېرىنداش كېتىدۇ، دېگەن.

### رەسسام ۋە كومپوزىتورلاردىن ئۆگىنىش

ھېمىڭۋاي باش چۆكۈرۈپ يېزىقـ
چىلىق قىلىش بىلەن بىللە ھەر يىلى
شېكسپىرنىڭ سەھنە ئەسەرلىرىنى ھەم
باشقا داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ مەشھۇر ئەـ
سەرلىرىنى ئوقۇيتتى، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە
ئاۋستىرىيە كومپوزىتورى موزارت، ئىسـ
پانىيە ماي بوياق رەسسامى گويا، فرانسىيە
مودېرنىزم رەسسامى شىزانلارنىڭ ئەـ
سەرلىرىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلاتتى. ئۇ
رەسساملاردىن ئۆگەنگىنىم ئەدىبلەردىن
ئۆگەنگىنىمدەكلا كۆپ دەيتتى. ئۇ مۇزىكا
ئەسەرلىرىدىكى ئاھاڭنىڭ ماسلىشىشى بىـ
لەن مېلودىيىنىڭ ماسلىشىشىنى ئۆگىنىشكە
بەكمۇ ئەھمىيەت بەرگەنىدى. شۇنىڭ
ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى كۆرۈنۈش
تەسۋىرلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈلۈـ
شىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى، تىلىنىڭ ئىخچام،
يېڭى، ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچە بولۇشى
ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

### ئەڭ ئاخىرقى كوررېكتور نۇسخىسىغىچە تۈزىتىش

ھېمىڭۋاي يېزىقچىلىقتا ناھايىتى
ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى. ئەسەرلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈزىتىشكە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ
ھەر كۈنى يېزىقچىلىققا كىرىشكىنىدە، ئاۋ-
ۋال ئالدىنقى كۈنلىرى يازغانلىرىنى بىر
قۇر ئوقۇۋېتىپ، قالتىسلىك يازغان بولسا
شۇنى تۈزىتىپ چىقاتتى. كىتابنى يېزىپ
بولغاندىن كېيىن ئۇنى يەنە باشتىن ئاخىر
بىر قېتىم تۈزىتىپ چىقاتتى. دەسلەپكى
ئورگىنالنى ماشىنىكىدا ئۇرغۇزۇپ بولۇپ
يەنە تۈزىتىپ چىقاتتى. ئاخىرقى كوررېك-
تور نۇسخىسى چىققاندا يەنە بىر تۈزىتەتتى.
ئۇ مۇنداق ئۈچ قېتىم تۈزىتىشنى
ياخشى كىتاب يېزىشنىڭ مۇھىم شەرتى
دەپ قارايتتى. ھېمىڭۋاي: «ئەلۋىدا، قۇ-
رال-ياراق» ناملىق رومانىنىڭ دەسلەپكى
نۇسخىسىنى ئالتە ئاي يېزىپ، بەش ئاي
تۈزەتكەن. كوررېكتور نۇسخىسىنىمۇ قايتا-
قايتا تۈزىتىپ چىققان. ئاخىرقى بىر بې-
تىنى 39 قېتىم تۈزەتكەن. «ماتەم قوڭ-
غۇرىقى كىم ئۈچۈن چېلىندى؟» ناملىق
ئەسىرىنى 17 ئاي يازغان. ئۇنى يېزىپ
بولۇپ ھەر كۈنى تۈزەتكەن، كوررېكتور
نۇسخىسى چىققاندىن كېيىن ئۆيدىن تالاغا
چىقماي 96 سائەت تۈزەتكەن. ئۇ دائىم
قۇرۇق گەپلەرنى، دەبدەبىلىك سۆز-ئىبا-
رىلەرنى ئىشلەتمەسلىكنى تەشەببۇس
قىلاتتى.

## نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىش-
كەن تۇنجى ئايال

شۋېتسىيە تەۋەلىكىدىكى ئايال ياز-
غۇچى سېلما لاگرلوف 1909-يىلى 9-
نۆۋەتلىك نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا
ئېرىشكەن.

لاگرلوفنىڭ ئىككى پۇتى ئۈچ يېرىم
ياش ۋاقتىدا يىگىلەپ كېتىپ، سول پۇتى
باسماس بولۇپ قالغان. ئۇ ئەدەبىياتنى
قىزغىن سۆيىدىغان ئائىلىدە چوڭ بولغاچقا،
يەتتە يېشىدىن باشلاپلا رومان ئوقۇشقا
كىرىشكەن. سەككىز يېشىدا شۋېتسىيە
يازغۇچىسى مېين رېدنىڭ ئامېرىكا ئىند-
ىئانلىرىنى تەسۋىرلەپ يازغان «ئوسا ئورا»
ناملىق رومانىنى ئوقۇپ، ئەدەبىي ئىجادى-
يەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا بەل باغلىغان.
25 يېشىدا تۇنجى شېئىرىنى ئېلان قىل-
غان. بىر نەچچە رومان يازغاندىن كېيىن،
ئون يىل شۇغۇللانغان ئوقۇتقۇچىلىق خىز-
مىتىنى تاشلاپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن يې-
زىقچىلىق قىلغان. 1907-يىلى ئېلان
قىلغان «نېلىسنىڭ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىسى»
ناملىق چۆچىكى بىلەن نوبېل ئەدە-
بىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ يېقىنقى
يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىزدە تېلېۋى-
زورلاردا قويۇلغان «نېلىسنىڭ غاز ئۈستى-
دىكى ساياھىتى» دېگەن كارتون فىلىمىنىڭ
دەل ئۆزىدۇر.

بۇ ئەسەر ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھا-
ياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ بۇرۇن تا-
رىخ، جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغاچقا،
ۋەتىنىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيىسىنىڭ ئەھ-
ۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇرۇپ بېرەلەيدى-
غان، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا
مۇۋاپىق كېلىدىغان ئەسەر يېزىشنى كۆڭ-
لىگە پۈككەن. ئەگەردە «مالمۇشناد كو-
چىسىدىكى مۆجىزە» يۈز بەرمىگەن بولسا
ئاشۇنداق مول تەسەۋۋۇرغا ئىگە ئەسەرنى
يازالمىغان بولاتتى. بۇ، لاگرلوفنىڭ پاي-
تەختتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىكى ئىشلار
ئىدى. بىر كۈنى ئۇ يۇرتىنىڭ مەنزىرىلىرى-
نى تەسۋىرلىمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا،

ئۇنىڭغا پۈتۈن كوچا بىردىنلا كۆككە كۆتۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقاندەك، يەنە كۆتۈرۈلۈپ يەنە چۈشۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ تاسادىپىي ئىلهامنىڭ تۈرتكىسىدە «ئىبلىسنىڭ خەتەرلىك سەرگۈزەشتىسى» نى يېزىپ چىقىدۇ. شىۋېتسىيىنىڭ يەر شەكلىنى ئاساس قىلغان بۇ غايىۋى ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. لاگرلوف بۇ ئەسىرى بىلەن ئاندېرسون بىلەن تەڭ شۆھرەت قازانغان. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن چاغدا ئۇنىڭ يېشى 50 تىن ئاشقانىدى. لاگرلوف 1940 - يىلى 82 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## ئىككى قولى يوق ئەنگلىيىلىك بىر ياش پۇتى بىلەن رومان يېزىپ چىققان

ئاپىسى ھامىلدار مەزگىلىدىلا بىر خىل زەھەرلىك تىنچلاندۇرۇش دورىسى ئىچىۋالغاچقا، بورىس. لېۋىن ئىككى قولى يوق تۇغۇلغانىدى. ئۇ باشقا بالىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن قېچىپ، دائىم كۇتۇپخانىغا كىرىۋېلىپ، تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كىتابنى پۇتىنىڭ بارماقلىرىدا قىسىپ ئوقۇيتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئەدەبىياتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى.

بورىس ئون يېشىدا يازغۇچى بولۇش نىيىتىگە كېلىپ، قەلەمنى پۇتىنىڭ بارماقلىرى بىلەن قىسىپ كۈندىلىك خاتىرە يېزىشقا كىرىشكەن، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدا ئوقۇغۇچىلار گېزىتىنىڭ مۇھەررىرى بولغان. ئالىي مەكتەپتە ئەدەبىيات كەسپىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان، ماشىنىكىدا خەت ئۇرۇشى ناھايىتى ئاستا بولغاچقا، تۇنجى ئەسىرىنى يەتتە يىلدا ئاران قولدىن چىقارغان.

بورىسنىڭ يېقىندا يازغان «سېرىق داغ» ناملىق كىتابىدا تەۋەككۈلچىلىك ۋە خەلقئارادىكى سۇيىقەستلىك ۋەقەلەر تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كىتابخانىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن ۋە تېزلا بازار تاپقان. ھازىر بۇ كىتاب كىنو سىنارىيىسىگە ئۆزگەرتىلمەكتە. ئۇنىڭ بۇ كىتابىدا مۇنداق ۋەقە بايان قىلىنغان: بىر ياۋۇز پەن - تېخنىكا ئالىمى ئەيدىز كېسەللىكى باكتېرىيىسى بىلەن دۇنيانىڭ سۇيىنى بۇلغىۋېتىمەن، دەپ تەھدىت سالىدۇ. ئەنگلىيىنىڭ جاسۇسى لېئېر تېلبولا ئۇنىڭ بۇ تەلۋىلەرچە ھەرىكىتىنى توسۇپ، ئىنسانىيەتنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. تېبولانىڭمۇ ئىككى قولى يوق ئىدى.

ئابدۇجېلىل ئابدۇكېرىم تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

uyghurkitap.com

## ئۈرۈمچىدە تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتىنىڭ 46 يىللىقى خاتىرىلەندى

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسى 1991-يىلى 7-ئاينىڭ 23-كۈنى ئۈرۈمچىدە شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتىنىڭ 46 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. خاتىرىلەش يىغىنىغا شائىرنىڭ زامانداشلىرى، قەلەمكەش دوستلىرى، پېشقەدەم ئەدىبلەر ھەمدە مەرھۇمنىڭ رەپىقىسى، پەرزەنتلىرى بولۇپ 40 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىندا مۇھەممەتجان سادىق، جاڭ يۆ، مۇھەممەت رەھىم قاتارلىقلار يازغان شائىر ھەم ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدىكى ئىلمىي ماقالە ۋە ئەسلىمىلەر ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، يازغۇچى قەييۇم تۇردى شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى مۇھاكىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ، جۈملىدىن بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

تېيىپجان ئېلىيېۋ 1945-يىلى «جەڭچى ئاكامغا» دېگەن شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇنىڭ «شەرق ناخشىسى»، «تىنچلىق ناخشىسى»، «تۆگىمەس ناخشا»، «ۋەتىنىمنى كۈيلەيمەن»، «تاللانغان شېئىرلار» قاتارلىق 11 شېئىرلار توپلىمى، 25 مىڭ مىسرالىق شېئىرى ئېلان قىلىنغان. ئىككى توپلىمى خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلىنغان، كۆپلىگەن ئەسەرلىرى چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ خەلقچىللىكى كۈچلۈك شېئىرلىرى بىلەن كۆپ مىللەتلىك ۋەتىنىمىزنىڭ ئاتاقلىق شائىرلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان.

يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار بۇندىن كېيىن تېيىپجان ئېلىيېۋ ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھەم سىستېمىلىق قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قىممەتلىك تەكلىپلەرنى بەردى.

مۇخبىر كامىل خەۋىرى

تۇرمۇش ۋە ئاپتور








ئابلىز غوجامنىياز فوتوسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL

IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1991 ـ يىل 9 ـ سان (367 ـ سان)، 41 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ. تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际统一刊号：ISSN 1002－9044　ISSN 1002 _ 9044　خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN 65－1010／I　CN 65 _ 1010 / I　مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

邮发代号：58－66 定 价：1.40 元　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 _ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 1.40 يۈەن

邮政编码：830000　پوچتا نومۇرى: